# قىرغىزستان
# ئۇيغۇرلىرىنىڭ
# ئەدەبىياتى

قىرغىزستان بىلىم ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىگى
قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى

خەلق ئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرى
ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتى
ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتى

# قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى

خرېستوماتىيە

بىشكېك - 2001

قىرغىزستاندىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
كۇنلىرىگە ۋە قىرغىز رېسپۇبلىكىسى
مۇستەقىللىقىنىڭ 10 ژىللىقىغا بېغىشلىنىدۇ

قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

كۈنلىرىگە ۋە قىرغىز رېسپۇبلىكىسى

مۇستەقىللىقىنىڭ 10 ژىللىقىغا بېغىشلىنىدۇ

قىرغىزستان بىلىم ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى
قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى

خەلق ئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرى
ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتى
ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتى

# قىرغىزستان
# ئۇيغۇرلىرىنىڭ
# ئەدەبىياتى

خرېستوماتىيە

بىشكېك - 2001

تۈزگۈچى: **باۋدۇنوۋ ئە.ئا.** ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى
فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ نامزاتى.

پىكىر يازغان: **نارىنباېۋ ئە.ئى.** قىرغىز رېسپۇبلىكىسى مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ـ ئەزاسى، پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور.

نەشرگە تەييارلاش بويىچە جاۋابكار: **خاپىزوۋ ئا.ئا.**
ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىنىڭ باش كاتىۋى.

# قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى

بۇ ئوقۇش قوراللىدا 20-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىرىنچى قېتىم مەلۇمات بېرىلىۋاتىدۇ.
بۇ توپلامنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىۋاتقان ستۇدېنتلارنىڭ دەرسلىرىگە ۋە ئاساسەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىغا قىزىقىۋاتقان شەخسلەرگە مۆلجەللەنگەن.

قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى، خەلق ئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرى ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتۇش مېتودىكىسى كومىسسىيەسى ۋە ئىلمىي كېڭىشى تەرىپىدىن تەستىقلەندى.

# مۇقەددىمە

قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلق ئارا بىلىم بېرىش پروگراممىلىرىنىڭ ئىنتېگراسىيە ئىنستىتۇتى قارمىقىدا 1994- ژىلى تەشكىل قىلىنغان ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتى ئۆز پائالىيىتىنىڭ بىرىنچى كۈنلىرىدىن باشلاپ فاكۇلتېتنىڭ پروفېسسور ۋە مۇئەللىملىرى كوللېكتىۋى ئوقۇش پىلانىدىكى ئومۇم كەسپ بىلوگىنىڭ ئايرىم پەنلىرى بويىچە، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئوقۇتۇش - ئۇسۇللىرى قوراللىرى بىلەن قامداش مەسىلىسىگە دۇچار كەلدى.
ئەگەر تىل تەرەپتىن بولغان مەسىلە لېكسىكىلىق تەركىپىنى، فونې- تىكىلىق سىستېمىسىنى، مورفولوگىيەسىنى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىنى تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدىغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈزۈلىشى» ۋە ئې. ن. نەجىپنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئەمەلىي پراكتىكىلىق ئەمگىكىدىن پايدىلىنىش نەتىجىسى ئارقىلىق يېشىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئەدەبىياتقا ئۆتسەك، بۇ يەردە مەسىلىلەر يېتىشەرلىك. ئۇلارنى يېشىش ئۈچۈن كۆپ قىيىنچىلىقلار بار.

ئەندى بۇ ئوقۇش قوراللىرىنىڭ نەشىردىن چىقىشى ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان قىيىن چىلىقلارنى يېڭىشتە بىرىنچى باسقۇچ دەپ ھېساپلىساق خاتالاشمايمىز.

ھازىرقى مۇشۇ ئوقۇش قوراللىرىنىڭ ئىشلىنىپ چىقىشى ئۇيغۇرشۇناس ستۇ- دېنتلار ئۈچۈن ھازىرغىچە ھەر خىل خالىسلىق سەۋەپلەر بىلەن مەلۇم بولمىغان قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالا- ھىدىلىگىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش ئىشىدا كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ.

كىتابنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ قىرغىزستان تارىخىدىكى ئۇيغۇر يازغۇچى ۋە شائىرلىرىنىڭ بىرىنچى چىققان توپلىمى.

«قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» توپلىمى ستۇدېنتلاردىن تاشقىرى كەڭ مىقياستىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇئەللىمى دوتسېنت ئە.ئا. باۋدۇنوۋنىڭ تىنىمسىز ئەمگىكى تۈپەيلى بۇكىتاپ يورۇققا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېگە بولدى.

ئاۋتور بىر ژىلدىن ئۇشۇق ۋاقىتنىڭ ئىچىدە توپلامنى چىقىرىش ئۈچۈن

ئۆتكەنكى ژىللاردا چىققان گېزىت - ژۇرناللاردىن ۋە خۇسۇسىي شەخسلەرنىڭ مەنبەلىرىدىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ژىغىپ كۆپ ئەمگەك قىلدى.

يەرلىك ئۇيغۇر ئاۋتورلىرىنىڭ ۋە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇش ۋە مېتودىكىلىق ئىشلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بويىچە قىلىۋاتقان بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىنتېگراسىيە ئىنستىتۇتى رەھبەرلىرىنىڭ تەشكىلىي ۋە ئىختىسادىي قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى تۈپەيلى بۇ توپلام يورۇق كۆردى.

كىتاپ قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىنتېگراسىيە ئىنستىتۇ- تى، ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇش مېتودىكىسى كومىسسىيەسى ۋە بىلىم كېڭىشى تەرىپىدىن قارالدى ۋە «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» دەرسلىكىگە ئوقۇش قورالى سۈپىتىدە نەشرىياتقا تاپشۇرۇلدى.

قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى، خەلقئارا پروگراممىلىرى ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتى ئابدۇلباقىيېۋ روزىمەمەت باشچىلىغىدىكى قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئىتتىپاق» جەمىيىتىگە بۇ كىتاپنى نەشىردىن چىقىرىشقا ئىختىسادىي ياردەم كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مىننەتدارلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئى. م. ئىبراگىموۋ،**

**قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتى، ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىنىڭ دېكانى، قىرغىز رېسپۇبلىكىسىغا خىزمەت كۆرسەتكەن مەدەنىيەت ئەربابى، پروفېسسور.**

# Предисловие

В первые же дни деятельности факультета уйгурской филологии, учрежденного в 1994 году при Институте Интеграции Международных Образовательных Программ (ИИМОП) Кыргызского Государственного Национального Университета (КГНУ), профессорско_–преподавательский коллектив факультета столкнулся с проблемой обеспечения учебного процесса учебными и учебно-методическими пособиями по некоторым дисциплинам общепрофессионального блока – в частности, по уйгурскому языку и литературе. Но, если языковую часть проблемы удается в значительной мере, решать с помощью монографии "Строй уйгурского языка", представляющей собой описание лексического состава фонетической системы, морфологии и синтаксиса уйгурского языка, а так же с использованием извлечений из практического руководства для изучения уйгурского языка Э. Н. Наджипа, то в части литературной есть проблемы, решения которых сопряжены с большими трудностями. В числе их – раздел (намеченный в виде спецкурса) о творчестве уйгурских литераторов–кыргызстанцев-то , что изложено в данной книге.

Уникальность настоящей разработки как учебного пособия очевидна:студентам-уйгуроведам наконец-то будет предоставлена возможность систематически изучать особенности уйгурской литературы в Кыргызстане, находившейся по причинам объективным едва ли не в полной неизвестности. И не только как пособия. Уникальность книги и в другом: ***перед нами первая в истории уйгурской литературы сводная работа, посвященная творчеству уйгурских авторов-кыргызстанцев***. А это то, что расширяет, причем существенно, границы значимости книги: думается, "Литература уйгуров Кыргызстана" будет интересна и широкому кругу читателей– людям, которым не безразлична судьба уйгурской культуры в различных видах ее проявления. С книгой ознакомятся с пользой для себя не только студенты, преподаватели-уйгуроведы – будет она интересна, надеюсь, и людям, которые по роду занятий далеки от проблем литературных.

Выход книги в свет стал возможным благодаря неустанному труду составителя ее, доцента Баудунова А.А.– тонкого знатока уйгурской литературы, которому привелось, образно говоря, строить здание книги по кирпичику, поштучно, извлекая "кирпичики" из старых, забытых или же полузабытых подшивок уйгурских газет, в большинстве хранящихся у частных лиц; это стало возможным благодаря поддержке местными уйгурскими

авторами предприятия по разработке данного пособия; это, наконец, стало возможным благодаря поддержке, организационной и финансовой, руководства ИИМОП наших усилий по совершенствованию на факультете учебно-методической работы, не имеющей в плане специфики обучения аналогов в республике.

Книга рассмотрена и рекомендована к изданию в качестве пособия по дисциплине "Литература уйгуров Кыргызстана" учебно-методической комиссией и Ученым Советом факультета уйгурской филологии ИИМОП КГНУ, а главное– УМК ИИМОП.

Книгу спонсировало общество уйгуров "Иттипак" КР в лице его председателя Абдулбакиева Розмамата, которому факультет уйгурской филологии ИИМОП КГНУ выражает искренною признательность.

***Ибрагимов И.М.***,
*декан факультета уйгурской филологии ИИМОП КГНУ,Заслуженный деятель культуры КР, профессор.*

# تۈزگۈچىدىن

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرستاندىلا ئەمەس، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيە ۋە قازاقستان تەۋەلىرىدە ياشاپ كەلگەن خەلقتۇر. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرستان ئەدەبىياتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيە (قازاقستان، قىرغىزستان، ئۆزبەكستان) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر پۈتۈن ئومۇمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا قازاقستاننى مەركەز قىلغان (XX - ئەسىرنىڭ 20 - ژىلىدىن، XX - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە) ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتى شەكىللىنىپ تەرەققىي تاپتى. ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى ئابدۇلھەي مۇھەممىدى، ئۆمەر مۇھەممەدى، ھېزىم ئىسكەندەروۋ، نۇر ئىسرائىلوۋ، مۆمۈن ھەمرايېۋ ۋە باشقىلار. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى 30 - ژىلىدىن تارتىپ قازاقستان نەشرىياتىدا كىتاپ بولۇپ چىقتى. ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتى 50 - ژىلىدىن باشلاپ چوڭ ئۆرلەش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرستاندىن كۆچۈپ چىققان بىر توپ شائىر يازغۇچىلار - زىيا سەمەدىي، خېلىل ھەمرايېۋ، روزى قادىرىي، مەسىمجان زۇلپىقاروۋ ۋە باشقىلار، سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سېپىگە قوشۇلدى. 60 - ژىللاردىن باشلاپ ھېزمەت ئابدۇللىن، زىيا سەمەدىي، جامالدىن بوساقوۋ، خېلىل ھەمرايېۋ ۋە باشقىلار ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە چوڭ ھەسسە قوشتى.

60 - ژىللاردىن باشلاپ قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرى كەڭ قانات يايدى. ئۇيغۇرشۇناس ئىلمىي خادىملار تەرىپىدىن: «ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تراديتسىيە ۋە نوۋاتورلۇق مەسىلىلىرىگە دائىر»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى فولكلوردىكى ژانىرلار»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر سوۋېت

ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى» ۋە باشقا ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋىردە ئۆزبەكىستان، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشاپ ئىجات قىلغان شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى قازاقىستان ئۇيغۇر نەشرىياتىدا بېسىلىپ چىققان ئەدەبىي توپلاملاردا ۋە بەزىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئايرىم كىتاپ بولۇپ نەشىردىن چىقتى.

قازاقىستاندا 1957- يىلىدىن «كوممۇنىزم تۇغى» 1970- يىلىدىن «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى چىقىشقا باشلىدى. كۆپلىگەن ئەدىپلەرنىڭ شېئىر، ئوچېركلىرى ۋە ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىدىن پارچىلار گېزىت سەھىپىلىرىدە بېسىلىپ تۇردى.

قىرغىزىستاندا بولسا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 70- يىللاردا شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. قىرغىزىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۆز ئەسەرلىرىنى روس تىلىدا يازىدىغان يازغۇچى ئىسرائىل مۇمىن ئوغلى ئىبراگىموۋتور. يازغۇچىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ 3 رومان،25 تىن ئارتۇق ئوچېرك، ھېكايە، پوۋېستلار كۆپ ساندىكى رۇس تىللىق كىتاپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېگە بولدى.

يازغۇچىنىڭ بىرىنچى پوۋېستى «مەمەتباقىنىڭ بەختى» 1972- يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن «ياۋايى قارىغاتىنىڭ تەمى» 1978- يىلى،«بىر توپ تۈگمەنلەر» 198- يىلى ۋە باشقا ئەسەرلىرى موسكۋا، بىشكېك شەھەرلىرىدە رۇس ۋە قىرغىز تىللىرىدا نەشر قىلىندى. كېيىنرەك يازغۇچىنىڭ «جوجە ۋە سامولېوت»، «لەگلەك قوش تومشۇغىدىكى بۈشۈك» ناملىق رومانلىرى نەشىردىن چىقتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كېچمىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ھاياتى، ئۆرپە - ئادەت، ئارزۇ - ئارمانلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرا ئاسىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى قىرغىز، قازاق، ئۆزبەك ۋە باشقا خەلقلەر بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىسىگە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىغاندا ئاچچىق كەچۈرمىلەر كۆپ چۈشتى. يازغۇچى ئەنە شۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە فىلوسوفىيەلىك تەپەككۇر بىلەن بايان قىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ رۇس تىلىدا يازغان بۇ ئەسەرلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى تونۇپ بىلىشىگە چوڭ ياردەم قىلىدۇ.

1954- يىلىدىن باشلاپ سوۋېت - خىتاي كېلىشىمى بويىچە ئۇيغۇرستاندىن

ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيە جۇمھۇرىيەتلىرىگە كۆچۈپ چىقىشقا باشلىدى. شۇ قاتاردا بىر توپ ئۇيغۇر يازغۇچى ـ شائىرلىرى قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىقتى. ئۇلار: مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋ (1922 ـ 1992)، ئىبرائىمجان ئىلىيېۋ (1933 ـ 1996)، جامال قاسىم (1935 ـ 2000)، مانناپ قاسىم، ئابدۇرېھىم راخمان، مەھەممەتجان ياسىن (بۇغدا) ۋە باشقىلار.

بۇ ئەدىپلەر قىرغىزستاندا ئۇيغۇر نەشرىياتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدە چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىت سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىپ تۇردى. بەزىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئالمۇتىدا ئايرىم كىتاب بولۇپ نەشىردىن چىقتى. مەسىلەن: مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋنىڭ «ئاق بۇلۇتلار» (1982)، جامالدىن قاسىمنىڭ «دىل دەپتىرى» (1971)، «يوللار ۋە ئويلار» (1977)، «ئىزدىگەنلىرىم» (1983)، «كېلەر كۈننى كۈتكەندە...» (1988).

80ـ يىللاردىن باشلاپ قىرغىزستاندا ياش يازغۇچى شائىرلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار: مۇزەپپەرخان قۇربان، نەسىردىن داۋۇت، خەيرىنىسا توردى، نۇرانىيە قەمبەروۋا، ئابلىز روزى، ئەزىمجان نىزامىي كېيىنەرەك بۇ سەپكە ئابدۇسالام غاپپار، قاسىمجان ئەيسا ۋە باشقىلار قوشۇلدى. ئەدىپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر، قىرغىز، ئۆزبېك، رۇس ۋە باشقا تىللاردا نەشر قىلدۇردى. 1991ـ يىلى 24ـ ئىيۇن كۈنى بىشكېك شەھىرىدە قىرغىزستان يازغۇچىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ يېنىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ ئەدەبىي كېڭەش تەركىۋىگە قىرغىزستاندا ياشاپ ئىجات قىلىۋاتقان شائىرلار، يازغۇچىلار، ژۇرنالىستلار ۋە ئالىملار كىردى. شائىر جامالدىن قاسىم بۇ ئەدەبىي كېڭەشكە رەئىس بولۇپ سايلاندى.

ئاز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن 1991 ـ يىلى 31 ـ ئاۋغۇست كۈنى قىرغىزستان ئۆزىنى مۇستەقىل دۆلەت دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن بېرى قىرغىزستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مۇستەقىل قىرغىزستان دېموكراتىك دۆلىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، تىل، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە باشلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىي كېڭىشى ئۆز پائالىيىتىنى جانلاندۇردى. قىرغىزستاندىكى ئۇيغۇر

يازغوچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىرىنچى قېتىم «ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت» نامى بىلەن كىتاپچە 1994- يىلى قىرغىز تىلىدا ئەشىر قىلىندى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «كۆكۆل سانلۇغىدىكى ئويلار»، «كاككۇك بولۇپ سايرىدىم»، نۇرانىيە قەمبەروۋانىڭ «ئارشاڭ»،خەيرىنىسا تۇردىنىڭ «جان سىرىم»، قاسىمجان ئەيسانىڭ «زۇرەكتىن تامغان تامچىلار» ۋە باشقا ھېكايە - شېئىرلار توپلاملىرى قىرغىز شائىرى مارخاباي ئاماتوۋنىڭ تەرجىمىسىدە قىرغىز تىلىدا ئەشىر قىلىندى.
1994- يىلى قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى «ئىتتىپاق» نىڭ ئورگان گېزىتى «ئىتتىپاق»، كېيىنرەك 1997- يىلدىن باشلاپ مۇستەقىل «ۋىژدان ئاۋازى» گېزىتلىرى چىقىشقا باشلىدى. بۇ گېزىت سەھىپىلىرىدە قىرغىزستاندا ياشاپ ئىجات قىلىۋاتقان ئەدىپلەرنىڭ شېئىرلىرى، ھېكايىلىرى، ئوچېركلىرى ئېلان قىلىنىپ توردى. بۇ دەۋردە بەزى شائىر، يازغوچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا ئايرىم كىتاپ بولۇپ ئەشىردىن چىقىشقا باشلىدى. مەسىلەن قاسىمجان ئەيسانىڭ «زۇرەكتىن تامغان تامچىلار» (1999)، ئابدۇرېھىم راخمانىنىڭ «رۇبائىلار» (2000) ۋە باشقىلار.
قىرغىزستاندا ياشاپ قەلەم تەۋرەتكەن ئەدىپلەر ئۆز ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى پوئېزىيە ۋە پروزىنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا يېزىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ۋە سىياسىي مەزمۇنىنى بېيىتتى. ئەدىپلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقىمىزنىڭ ژۇرگوزگەن مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنى، بۈگۈنكى دېموكراتىك زامانىنى، ۋەتەنگە، خەلققە مۇھەببىتىنى، خەلقلەر دوستلىغىنى تەسۋىرلەپ يازدى.
بۈگۈنكى كۈندە قىرغىزستاندا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شائىر، يازغوچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى: ئۇيغۇر، قىرغىز، رۇس ۋە باشقا تىللاردا گېزىت - ژۇرناللاردا ۋە بەزىلىرى ئايرىم كىتاپ قىلىپ ئەشىردىن چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە يەتتى. دېمەك، مۇستەقىل قىرغىزستان دۆلىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىياتى، يەنە قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شەكىللەندى. ئەدىپلىرىمىزنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇلار قىرغىزستان

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلىدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

قولىڭىزدىكى «قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتى» كىتاۋى قىرغىزستان مىللىي دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، خەلق ئارالىق بىلىم بېرىش پروگراممىلىق ئىنتېگراتسىيە ئىنستىتۇتى، ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ستۇدېنتلىرى ئۈچۈن دەرسلىك - خرېستوماتىيە قوللانما سۈپىتىدە تەييارلاندى. بۇ دەرسلىك قوللانمىغا قىرغىزستاندا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شائىر، يازغۇچىلارنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ۋە بەزىلىرىنىڭ ئايرىم كىتاپ بولۇپ چىققان ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلدى ۋە بىرىنچى قېتىم نەشىردىن چىقتى. كىتاپتا بەزى يېتىشمەسلىك كامچىللىقلار بولۇشى تەبىئىي. بۇنىڭدىن كېيىن كىتاپنىڭ تولۇق ۋە سۈپەتلىك چىقىشى ئۈچۈن كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىمىز.

مەزكۇر كىتاپنى تەييارلاش پىكرىنى بەرگەنلىكى ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىنىڭ دېكانى، پروفېسسور، قىرغىز جۇمھۇرىيىتىگە ئەمگەك سىڭىرگەن مەدەنىيەت ئەربابى ئى. م. ئىبراگىموۋقا، شۇنداقلا ماتېرىيال توپلاشتا ياردەم بەرگەن تۇرسۇن ھاجى قۇربانوۋقا ئۆز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

**ئە.ئا. بائۇدۇنوۋ،**

*ئى. ئى. م. ئۇ. پ. ك. گ. ن. ئۇ.*

*ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى،*

*فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى.*

# От составителя

С древних времен уйгуры проживают не только в Уйгурстане, но и на территории Средней Азии (Казахстан, Узбекистан, Кыргызстан, Туркменистан, Таджикистан) и поэтому уйгурская литература Средней Азии и Уйгурстана образует в целом единую уйгурскую литературу, отличающуюся в деталях ментальности названных регионов.

Во время существования СССР развивалась уйгурская советская литература, центром которого явился Казахстан. Первыми представителями уйгурской советской литературы были Абдулхай Мухаммадий, Омар Мухаммадий, Хезим Искандеров, Нур Исраилов, Момун Хамраев и др. Начиная с 30-х годов XX столетия, их произведения издавались в Казахстане. С 50-х годов в уйгурской советской литературе произошло большое изменение: группа писателей-эмигрантов из Уйгурстана, такие как Зия Самадий, Рози Кадирий, Масимжан Зулпикаров и другие присоединились к группе писателей — среднеазиатцев в СССР. Уже в 60-е годы Хизмат Абдуллин, Зия Самадий, Жамалди Босаков, Хелил Хамраев и другие внесли значительный вклад развитие уйгурской литературы. В те же годы в Академии нау Казахстана открывается Отдел уйгуроведения, который, в сво очередь, занимался изучением и исследованием уйгурской литературы, научными работниками были изданы такие литературные произведения, как: "Уйғур совет әдәбияти тарихиниң очерклири" ("Очерки истории уйгурской советской литературы", 1962 г.), "Уйғур адәбиятида традиция вә новаторлуқ мәсилиригә даир"("К вопросам традиций и новаторства в уйгурской литературе", 1970 г.),"Уйғур әдәбияти вә фольклордики жанрлар" ("Уйгурская литература и жанры фольклора", 1980 г.), "Уйғур совет адәбиятиниң тарихи" ("История уйгурской советской литературы", 1986 г.).

В годы Советского Союза произведения литераторов Узбекистана, Кыргызстана издаются в литературных сборниках в Казахстане. Наряду с ними, здесь увидели свет газеты "Коммунизм туғи" ("Знамя Коммунизма", 1957.), "Йеңи һаят" ("Новая жизнь" в 1970 г.), на страницах которых публиковались поэзии, рассказы, очерки, повести и романы некоторых уйгурских литераторов.

Иная картина наблюдалась в Кыргызстане. Единственным уйгурским писателем, пишущим на русском языке, является Исраил Ибрагимов, который родился и вырос в Кыргызстане. Здесь, в журнале "Литературный Кыргызстан", в 1972 г. была

опубликована первая его повесть "Счастье Мамытбекова", позже в Москве, в издательстве "Советский писатель", в 1978 году вышел роман "Вкус дикой смородины", отдельные отрывки которой были переведены на уйгурский язык и напечатаны в уйгурской прессе. В 1987 г. в издательстве " Кыргызстан" вышла книга "Созвездие мельниц" (роман и повесть). Одноименная повесть "Созвездие мельниц" была переведена на уйгурский язык и опубликована в журнале "Парваз". В 1994 г. издан роман "Цыпленок и самолет", а в 2001 г.— книга "Колыбель в клюве аиста" (с одноименным романом и повестью "Соната для спящего сына"). Кроме того, Ибрагимовым И.М. написано более 25 киносценариев к художественным, документальным и научно-популярным фильмам, которые были реализованы на киностудиях "Кыргызфильм", "Кыргызтелефильм".В своих произведениях писатель рассказывает о жизни, традициях, мечтах и надеждах уйгурского народа. Уйгурский народ, как и кыргызы, казахи, узбеки и другие народы Средней Азии, прошел через многие испытания. Но как видно из сравнения с историей других народов, на долю уйгуров выпало немало трудных проблем и по этому поводу писатель излагает свою философскую точку зрения. Произведения писателя, опубликованные в подавляющем большинстве на русском языке, дают возможность представителям других народов ближе узнать и ознакомиться с уйгурским народом.

С 1954 года, в соответствии с договором, заключенным между Советским Союзом и Китаем, из Уйгурстана вместе с узбеками, казахами, кыргызами и др. народами, уйгуры эмигрируют в Среднюю Азию, на территории тюркоязычных советских республик. В разные годы тогда в Кыргызстан была эмигрирована группа уйгурских литераторов, таких, как Мухаммад Сыдык Норузов (1922-1992 г.г.), Ибраимжан Илиев(1933-1996 г.г.), Маннап Касым , Абдуреим Рахман и др. Произведения их публиковались на страницах газет "Коммунизм туги" и "Йеңи хаят" в Казахстане, а произведения некоторых названных выше лиц изданы в виде книг, например, Мухаммеда Сыдыка Норузова "Ақ булутлар" ("Белые облака", 1982 г.), Джамалдина Касыма: "Дил дәптири" ("Духовная тетрадь", 1971 г.), "Йоллар вә ойлар" (Пути и думы", 1977 г.), "Издигәнлирим" (" Мои поиски", 1983 г.), "Келәр кунләрни куткәндә" ("В ожидании будущих дней", 1988 г.) и др.

Уже в 80-е годы достаточно активно слышны голоса поэтов и прозаиков-кыргызстанцев, таких, как Музаппархан Курбан, Насирдин Давут, Нурания Камбарова, Хайриниса Турди, Аблиз Рози, Азимжан Низами и др. Свои произведения они печатают на

уйгурском языке, а также в переводах на кыргызский, узбекский и русский языки.

В 1991 году 24 июня в г. Бишкек на совете кыргызских писателей открывается уйгурская секция писателей. В состав литературного совета вошли поэты, писатели, журналисты и ученые Кыргызстана. Председателем этого литературного совета избирается поэт Джамалдин Касым.

После обретения Кыргызстаном подлинной независимости уйгуры,проживающие в Кыргызской независимой, демократической республике, борются за процветание и развитие своей культуры, языка и литературы, истории, традиций. В этом им существенную помощь оказывает братский кыргызский народ. Труды уйгурских поэтов-писателей Кыргызстана в 1994 г. впервые издаются на кыргызском языке в виде сборника "Умутум мениң ата юрт", чуть позже на кыргызском языке, благодаря усилиям кыргызского поэта Маркабая Ааматова, в виде отдельных книг—произведения Абдусалама Гаппарова "Коңул сандуғидики ойлар" ("Размышления из глубин души"); "Каккук болуп сайридим" ("Я пел как кукушка"); Нурании Камбаровой "Аршаң" ("Источник"); Хайринисы Турдиевой"Җан сирим"("Моя сокровенная тайна"); Касимжана Айса "Җүрәктин тамған тамчилар ("Плач сердце") и др.

В 1994 г. в центре культуры уйгуров Кыргызстана "Иттипак" ("Единство") издается газета "Иттипак", позже в 1997 г., выходит в свет газета "Виждан авази"("Голос совести"), на страницах которых печатаются очерки писателей Кыргызстана. В эти же годы произведения некоторых поэтов и писателей издаются отдельными книгами на уйгурском языке в Кыргызстане, к примеру , "Җүрәктин тамған тамчилар"("Плач сердце"1999 г.) Касимжана Айси; "Рубаийлар" ("Рубаи",2000 г.) Абдуреима Рахмана и др.

Поэты и писатели Кыргызстана, творившие во всех жанрах поэзии и прозы, обогатили художественное и политическое содержание уйгурской литературы и по сути являются первопроходцами уйгурской литературы в Кыргызстане.

В своих произведениях литераторы рассказывают о национальной освободительной борьбе нашего народа, о сегодняшней демократии, описывают чувства любви к Родине, народу. На сегодняшний день у наших поэтов и писателей появилась возможность печатать произведения на уйгурском, кыргызском, русском и др. языках в периодической печати и издавать свои книги уже в самом Кыргызстане. Итак, у уйгурского народа независимой Кыргызской республики сформировалась своя литература—литература уйгуров Кыргызстана.

Но сегодня, хотя у нас и мало поэтов и писателей, мы надеемся и верим в дальнейшее развитие и процветание уйгурской литературы Кыргызстана.

Изложенное выше и систематизированное в виде пособии–книги "Литература уйгуров Кыргызстана" для студентов факультета уйгурской филологии ИИМОП КГНУ, в которой приведен ряд произведений поэтов и писателей Кыргызстана, взятый из периодической печати и отдельных книг, издается впервые. Отсюда–его ценность и вместе с тем и некоторые недочеты, главным образом, касающиеся оценки произведений составителем и структуры пособия в целом.

Любому замечанию такого рода читателя (специалиста или студента) составитель будет признателен, и в следующем варианте наиболее ценные из них будут учтены.

Выражаю благодарность декану факультета уйгурской филологии профессору, Заслуженному деятелю культуры КР Ибрагимову И.М. за идею настоящего пособия, а также всестороннюю помощь во время его составления и издания. Кроме того, я выражаю признательность Турсун ажи Курбанову за помощь в сборе материала.

**Баудунов А.А.,**
*доцент факультета уйгурской филологии ИИМОП КГНУ, кандидат философских наук.*

# مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋ

(1922–1993)



مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋ 1922- ژىلى 20- ئاۋغۇستتا قاراقول شەھرىدە تۇغۇلغان. 1931- ژىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ كەلگەن. غۇلجىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1940- ژىلى ئۈرۈمچى مىللەتلەر دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. ئەنە شۇ بىلىم دەرگاھىدا 1944- ژىللىغىچە ئوقۇيدۇ.

ئۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ژۈرگەن چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ پوئېزىيەگە قىزىققان ئېدى. ئۇنىڭ بىرىنچى «دىلبىرىمگە» شېئىرى 1940- ژىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپ مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋنىڭ ئەڭ يېقىن سەبداشلىرىنىڭ بىرى ئېدى. لوتپۇللا مۇتەللىپ 1944- ژىلى ئاقسۇغا كېتىش ئالدىدا چوڭ بىر دەپتىرىگە ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆچۈرۈپ، مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋقا تاپشۇرۇپ كەتكەن. 1945- ژىلى 10- سېنتەبىر كۈنى ئاقسۇدا لوتپۇللا باشلىق ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي سەپداشلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» نامىدا نەشىرگە تەييارلاپ چىقارغان. مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋنىڭ شېئىر يېزىشىغىمۇ لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەسىرى چوڭ بولغان.

مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋ 1944- ژىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، مائارىپ ساھاسىدا ئىشلەشكە باشلىغان. 1952- ژىلدىن باشلاپ ئانا ۋەتىنىدە «شىنجاڭ

ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىدا باش مۇھەررىرنىڭ ئورۇن باسارى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1961- ژىلى ئائىلىسى بىلەن قاراقول شەھرىگە كۆچۈپ چىقىپ، 1993- ژىلى ۋاپات بولىدۇ.

شائىرنىڭ «جاۋاپ» ناملىق تۇنجا توپلىمى 1957- ژىلى ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»دىن يورۇق كۆردى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىت سەھىپىلىرىدە داۋاملىق بېسىلىپ تۇردى. 1982- ژىلى ئۇنىڭ ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى «ئاق بۇلۇتلار» ئالمۇتىدا «ژازۇشى» نەشرىياتىدىن يورۇق كۆردى. ئۇ توپلامغا ئانا ۋەتەن ـ ئۇيغۇرستاندىن ئايرىلىپ، مۇساپىرلىقتا ئۆتكەن ھاياتى، ھىس تۇيغۇلىرى بىلەن تولغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

مەھەممەت سىدىق نۇرۇزوۋ 1940- ژىللاردىن بېرى شېئىر يېزىشنى باشلىغان پېشقەدەملەرنىڭ بىرى بولۇشى بىلەن بىرگە قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

# دىلبىرىمگە

زۇلۇۋا ياشلىق بويۇڭنى كۆرسىتىپ جېنىم،
بۇگۈن مېنى سېغىنىپ، چىللاپ كېلىپسەن.
كۆندە ئۈستەڭ، بۇلاقلار بويىدا ساقلاپ،
ماڭا قاراپ يوللاردا دەم ـ دەم كۈتۈپ سەن.
شىلدىر ـ شىلدىر ئېقىشىپ قىرغاق يالىغان،
شۇ دولقۇنلار بويىدا مەنمۇ كۈتتۈم.
شۇ گۈلاشقىمۇ ناخشامنى ئاتايمەن ساڭا،
سېنىڭ ئۈچۈنلا جېنىم، قوشاقلار پۈتتۈم.
ئايدەك گۈزەل ھۆسنىڭنى قىلسام تاماشا،
كۈلۈپ خۇددى كۆمۈچتەك پاقىرايدۇ.
ئوقيا كىرپىك، قەلەم قاش، قۇندۇز چاچلىرىڭ،
مېنى كۆرسە ھەۋەس بىلەن يالتىرايدۇ.
مېنى كۆرسەڭ دىلبىرىم قارايسەن تىكىلىپ،
تاڭ بىلمىدىم خالايمەن ۋە ياكى ئۆز دەپ.
قانمىقاچقا ژۇرىكىم شۇ قاراشلاردىن،
مەنمۇ ماڭدىم تاملاردىن ئاتىلىپ ئىزدەپ.
بۇك بوستان ـ گۈلشەن ئارا، ئۇچراتسام سېنى،
بېسىپ باغرىڭغا بىر پەس شۇنچە سۆيسەن.
قانغىچە كۆكسۈڭ، تىكىپ ئاھۇ كۆزۈڭنى،
گىلە كېتىپ، ھالىڭدىنمۇ ئوت بوپ كۆيۈسەن.
ھەئە جېنىم، ئىشقىڭدا كۆيدۈم مەن ئۇزاق،
دىلىم قانمىدى ياكى لەززەت ئالمىدىم.
بۇ ھاياتتا ئۇسسۇش ئۈچۈن سازىمنى ـ

يۈتكەپ يېڭى پەدىگە مەنمۇ چالمىدىم،
كەچۈر، دىلبىرىم مېنى، كەچۈرگىن ئۆزەڭ.
بەگۈاشلىق كوچىسىدا ئىشتىن قاپتىمەن،
قېنى بولمىسا ئېيتقىن سېنىڭ نازىڭدىن.
ئىشىم ئۈچۈن قانچىلىك نەپلەر ئاپتىمەن،
توسما مېنى يولۇمدىن، توسما كۆرەشتىن.
ئىش ـ ۋەزىپەمنى قولغا ئېپ ماڭاي، جېنىم،
خالىساڭ مېنىڭ بىلەن ماڭغىن كۆرەشكە.
يولداش بولغىنىڭ كەلسىلا بولاي، جېنىم،
يولۇمغا ئۈتكۈر بىقىپ ناخشامنى ئېيتىپ.
ئازات ھايات سازىنى ئوينىتاي، چالاي.
فرونت بويلاپ سەن بىلەن ئۇلۇغ كۆرەشتە،
ئۇ فاشىست دۈشمەنلەردىن ئۆچلەرنى ئالاي.

1940ـ ژىل، ئاۋغۇست. غۇلجا.

# كۆرۈندى

باققا كىرسەم تاڭ بىلەن سەرۋى- راۋان كۆرۈندى،
كۆزلىرىمنى تالدۇرۇپ دىلبىرى خان كۆرۈندى.
بەلكى جەننەت ھۆرلىرى، ماھى تابان كۆرۈندى،
خوش تەبەسسۇم ئەيلىبان يارۇ - جانان كۆرۈندى.
بولدى كۆڭلۈم ئىشقىدا ھېچ مىسلىسىز شۇڭا بەنت،
ئوخشىشى يوق ئالەمدە ئوقى مىژگان كۆرۈندى.

ئاجۇن ئارا ئاختۇرۇپ بۇ كەبى بىر سەنەمنى،
ئۇچرىتالماس ئىدىم مەن كۆرۈپ جەبرۇ- سىتەمنى.
كىمگە ئېيتاي بۇ سۈپەت قاشلىرى بىر قەلەمنى.
قىلدى بۇ گۈن يۈزى بىرلە زور ئىلتىپات كەرەمنى.
بولدى كۆڭلۈم ئىشقىدا ھېچ مىسلىسىز شۇڭا بەنت،
كەلمىگەن ئالەمگە مۇنداق كۆزى چولپان كۆرۈندى.

باشلىدىم گۈلچېھرىگە مەپتۇن بولۇپ بەزمىنى،
شۇندا سايراپ جانانىم تۆكتى بىزگە پەيزىنى.
تەبرىكلىدى ئالقىشلاپ ھەممە جانلار غەزەلنى،
بۇندا قايناپ ھەر شائىر تىزىشتىلەر نەزمىنى.
بولدى كۆڭلۈم ئىشقىدا ھېچ مىسلىسىز شۇڭا بەنت،
كىرپىكلىرى خۇددى ئوق، قېشى كامان كۆرۈندى.

كۆزلىرى شەۋقى بىلەن تۈنلەردىمۇ ئۇيقۇ ھارام،
خەستىلەنگەن ئىشقىدا ياخشىلانسۇن دىل يارام.
بىر كۆرۈشتە بېرىشەر سۆيگۈدىن شېرىن سالام،

مەن ئەمەس يالغۇز بۇ ھەقتە سۆزلىگەي بارچى كالام.
بولدى كۆڭلۈم ئىشقىدا ھېچ مۇسسلىسىز شۇڭا بەنت،
يارۇ- ئەسىر بولدىم مەن، بويى لىۆدەن كۆرۈندى.

كۆرسىمۇ كورمىگەندۇر، مەندەك كۆرۈپ ھېچ كىشى،
ئەمدى كورسە مەلەكنى كويەر باغرى، ئىچ - تېشى.
تەڭ تاپالماي يارىغا پەلەككە يېتەر يېشى،
ھەر كىمسەنىڭ تۆكۈلمەس شۇ بىلەن بولسا يېشى.
بولدى كۆڭلۈم ئىشقىدا ھېچ مۇسسلىسىز شۇڭا بەنت،
ئىشقىدا قىبلى گاھىم بىر نازىنىن كۆرۈندى.

قۇيسا قەشقەر شارابىن شۇ بىلەن ھەردەم ژۇتاي،
ياكى دەستە گۈل ئېتىپ قولۇمدا مەھكەم تۇتاي.
يولغا ئۆنگەن ھەر تىكەننى تىللىرىم بىلەن ئوتاي،
باغ ئارا سۆيگۈ ئۈچۈن ھۆددۇ ساقلاپ چىڭ تۇراي.
بولدى كۆڭلۈم ئىشقىدا ھېچ مۇسسلىسىز شۇڭا بەنت،
سۆبھىدە جانان بولۇپ، ماڭا دەرمان كۆرۈندى.

1944- ژىلى، دېكابىر. غۇلجا.

# مەنمۇ بارىمەن جەڭگە

(جەڭچى ئاغزىدىن)

مەنمۇ بارىمەن جەڭگە،
ئوت يېقىشقا زۇلمەتكە.
قولۇمغا قورال ئالدىم،
ئوتتۇپ ئالدىنقى سەپكە.

مەنمۇ بارىمەن جەڭگە،
تىكتىم جاننى ۋەتەنگە.
يەتكۈزۈشكە ئېلىمنى،
چىن بەخت - سائادەتكە.

مەنمۇ بارىمەن جەڭگە
تۇرۇپ نەھدۇ- ۋەدەمگە.
ئاقسىمۇ قېنىم مەيلى،
چېكىنمەيمەن كەينىمگە.

بار- دېدى خەلقىم مېنى،
ئېيتىپ نەرك گىمنى.
يەتكۈزگىن ئاخىرغىچە،
دېدى ھۆرلۈك جېڭىنى.

1944- يىلى، دېكابىر. غۇلجا.

# جاۋاپ

ئۇلتۇراتتۇق ئىككىمىز يانمۇيان،
بېرەتتىڭ سەن گۈزەللىكتىن سوئال.
گاھ قارايتتىڭ تىكىلىپ ـ قادىلىپ،
كىرپىكلىرىڭ تولغىلەتتى تال ـ تال.

سوئالىڭغا جاۋاپ ئىزدىگەن بوپ،
قارايتتىم مەن كۆزلىرىڭگە ئۇزاق.
بېرەلمىگەچ سوئالىڭغا جاۋاپ،
چاچلىرىڭنى تويۇلاتتى قوچاق.

مېنى قىستاپ تەكرارلايتتىڭ سوئال:
«چىن گۈزەللىك، بولار سىزچە قانداق؟»
ئاجىز ئىدىم جاۋاپتىن تېخىچە،
قىيغاچ قېشىڭ ياقاتتى ئىشتىياق.

قالار ئىدىڭ تورۇپ تىنىك باقالماي،
بەلكىم شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ.
قالاتتىم مەن غىل ـ پاللا بىر،
كۆزلىرىڭدە ئۆز ئەكسىمنى كۆرۈپ.

سەن دەر ئىدىڭ «قىزنىڭ گۈزەللىكى،
بوغدايچىلىك خال بولسا يۈزىدە».
مەن دەر ئىدىم «قىزنىڭ گۈزەللىكى،
ماڭا باققان بىر جۈپ كۆزىدە».

1957ـ ژىلى، ماي. ئۈرۈمچى.

# قۇياش يولى

قارايمەن قادىلىپ، كۆلۈپ قۇياشقا،
بۆركۈتەك تىك قارار قۇياش كۆزىگە.
يورۇقلۇق بولمىسا ئۇشبۇ كائىنات،
ئىشەنمەس يەر شارى، بەلكى، ئۆزىگە.
كېچىگە ئاي يېقىپ، يورتماق ئاسمان،
شۇ ئەزىز- قۇياشنىڭ زور ئىخلاسىدۇر.
بىلىمەن، ئەي، قۇياش، تالا - تالا نۇر،
توغرىسى تەپتىڭنىڭ كاكۇلىسىدۇر.
ساخالىندا كۆرسەك سېنى سەھەردە،
رىگادا «خوش» دەيمىز تاڭ مەھەلگىچە.
چۈشىمىز سەن بىلەن بەس - بەسكە ئۇزاق،
پەرغانىدا ھەر كۆز پاختا تەرگىچە.
يوچۇقتىن نۇر ئىمىپ، ياتقان مەھبۇسنىڭ
ھالى قانچە ئېغىر، قانچىلىك زەيىپ.
قېنى ئۇ كېرىلىپ، ئەركىنلىك دېسە،
كىم قويار ئۇنىڭغا باشقىچە ئەيىپ.
يېقىنلا تام خوشنا سىنسا ئاتوم،
قارشى چىقماس، دەمسەن، خەلقنى چۇچۇپ.
چۈشەر ئۇمۇ قارا تىزىمغا شۇئان،
بىلمەيسەن تۈرمىگە بېرىشنىڭ كۈچۈپ،
يە ئوغلىغا ئادىل دەپ قويسا ئىسىم،
قىزىنى چاقىرسا، ئادالەت گۈل دەپ،
چىقىرىدۇ مەنا بەدبەخ ئۇ ھاكىم،
مېڭىپتۇ بۇگۈن ئۇ ئوڭ ياكى سول دەپ.

بولمىسا ياشايمىز بىر پاراللېلدا،
مىنۇت پەرق قىلماس، قۇياش چىقىشى.
نوخشىمايدۇ بىراق ئادەم ھوقۇقى،
ھەتتا بىر گۇدەكنىڭ نوماق كۈلۈشى.
چۆلدىكى گىيانىڭ گۈللەش چېغىنى،
مەيىپ بېچارىنىڭ ئىلتىجاسىنى.
كۆرۈمەن سېنىڭدە ئەينى مۇجەسسەم،
بەختى كۈلگەن ئەلنىڭ شادىيانىسىنى.
بىزدىغۇ ئۇزاقكەن سائەت ـ مىنۇتىڭ،
شۇنچىلىك ئالىمىز ھە، نۇر ۋە زىيا.
مىللىئارد ژىللار ئۆتتى، جانى ـ جان قۇياش،
قاچان بولار بىزدەك جىمىكى دۇنيا؟!

1974ـ ژىلى، ئاپرېل.

# مېنىڭ جاۋابىم

بىرسى تەنە قىلار: «قوي بۇ ئېمىنى،
ئۇنتۇشنىڭ چېغى ھەم كېلىپ يەتتى، — دەپ —
ئېمىنى قىلارسەن ئۇ قات غېمىنى،
ۋاقىت ئاخشام بولدى، ۋاقىت كەتتى»،— دەپ.
بىر چاغ سەنمۇ بادام دوپپىنى كىيىپ،
شۇ ئىشىكتىن چىقىپ سالام بەرگەندىڭ.
ئىلىك ئالسا قېرى بوۋاي ۋە موماي،
شۇلار مېنىڭ ئاتام — ئانام دېگەندىڭ.
ئۆز ئاناڭنىڭ نەرى بولدۇ يامان،
بېشىڭغا قادىسا بادام چېچىكى،
شۇ بىلەن ئوخشاتسا سېنى باھارغا،
ئۆزى قوچاقلىسا قارا كېچىنى.
مەيلى، ئۆز چۈشەنچەڭ قالسۇن ئۆزەڭگە،
مەيلى، پەردە بولۇپ تۇرسۇن ئۆزەڭگە.
دىل سۆيمىگەن ئاشنا نېمە تەم بولۇر،
ئىشىنىمىز تەمسىل، ماقال سۆزۈڭگە.
شائىر ژۈرنىگە قويما دىئاگنوز،
ئۆزاتما ئۇنىڭغا ئۆز رېتسېپىڭنى.
شائىرغا نېمە كام ھايات قويىندا،
ساقلاۋال پۈختىراق ئۆزەڭ سېپىڭنى.

1974— ژىلى، ئاپرېل.

# ئاق باش چوققىلار

مەڭگۈ ئېرىماس چوققىلار دەيدۇ،
ئوخشىتار گايى ئاق باش مومايغا.
تويماسكەن ئۇرغا ھەممىدىن ئېگىز،
قەددىن كۆتۈرۈپ قۇياشۇ - ئايغا.
نە ئۈچۈن مەڭگۈ ئېرىماس ئېكەن،
ئاق شايى سالغان بۇ مۇزلۇق تاغلار.
دەريالار كېلەر قىنىدا ئويناپ،
ئاستىدا ئۇنىڭ ياپ - يېشىل باغلار.

1976- يىلى، مارت.

# بىر سىقىم تۇپراق

رىۋايەتتە يارىلىپتۇق تۇپراقتىن،
بەلكىم راستتۇر، ئۇنىسىنى بىلمەيمەن.
مەنتىقىسى باردۇر دوستۇم، بۇ گەپنىڭ،
سەندىن باشقا چۈشەنچە تىلىمەيمەن.
مېنىڭ ئۈچۈن بىر سىقىم تۇپراق ئەزىز،
تۇرىلىشىم - قان ئىپلىشىمۇ شۇندىن.
بىلكى، ئانا ۋەتەننىڭ ئۇ بىر جىسمى،
دۇنيا - دۇنيا بولۇپ يارالغان كۈندىن.
تۇپرىغىڭ تاش - قۇم شېغىل بولسۇن گەرچە،
ھاجەتسىزدۇر ئۇنىڭ نامى - پەرقى.
ساتالمايسەن ئۇنى، ئۇ ۋەتەننىڭ -
بىر سىقىم تۇپرىغى، يوقتۇر نەرقى.

1979- يىلى، ئاپرېل.

# بۆركۈت

هاڭ تاش ئۈستىدە تۇرىدۇ بۈركۈت،
قايتىپ كەلگەندەك يېڭىلا شۇڭغۇپ.
ژۈرەكتە بولسا مابادا چوغ - ئوت،
سەيلىگاھىنى كەتمەسكەن ئۇنتۇپ.
تۈزلەڭلىك بولماس ئۇنىڭغا مەيدان،
ھاڭگۇتتەك ھولاپ، تۈننى ئۆتكۈزمەس.
ئېگىز چوققىلار ئۈستىدە ھامان،
ئۆتكۈر قاراشسىز قانات كېرىمەس...
قالار يولىدا ياپ - يېشىل ئېتىز،
دەريا كۆزۈنەر بىر چىغىر يولدەك.
بۈلۈت باغرىنى يارار توسقۇنسىز،
تاغلار ئۇنىڭغا پەقەت بىر غولدەك.
تىك قارالايدۇ ھەتتا قۇياشقا،
سالىدۇ ئىشقا قاۋۇل غولىچىنى.
ئۇنىڭسىز ئۇرار ئۆزىنى تاشقا،
ئېلىشى كېرەك ياكى ئۆلىچىنى.

1976- ژىلى، مارت.

# بىر ئېغىز سۆز

مەيلى ناتىق بول، مەيلى تىلشۇناس،
قالدۇرغىن ماڭا بىرلا ئېغىز سۆز.
تىلەك - ئىستىكىم بايلىقمۇ ئەمەس،
دېمەيمەن ئالتۇن ئۈزۈك، ياقۇت كۆز.
بىر سۆز كېرەكتۇر قەلبكە ئەزەلدىن،
بىلىشەر كىملەر مۇنچە قەدرىنى.
ئۈنىڭسىز بەختىڭ بولماس تۈگەل، چىن،
تارتىسەن ئۇسىز ھىجران دەردىنى.
جۇدالىق، ھەسرەت شورى قۇرۇسۇن،
بولماي گادايى ئەشۇ بىر سۆزنى.
بەختىم تۇغلىرى لەپىلدەپ تۇرسۇن،
پوستىدادۇرمەن ئانا يۇرتىمنىڭ.
ساڭىمۇ يېقىن بۇ سۆزۈم بەلكى،
بېرىپتۇ ژۈرەك شۇنچىلىك نۇرۇن.
ۋەتەن دېگەن سۆز كۈچ ۋە قۇدرەتكى،
ئەركىم ئەزەلدىن شۇ بىلەن پۈتۈن.

1977- ژىلى، ئىيۇل.

# مەيلى كەل باھار باشلاپ

بىر قاراپ كۆلدۈڭ جانان ئاۋالقىدەك نازىڭ قېنى،
نازۇ ــ كەرەشمەڭگە خوپ، ئىش پەسلى ــ يازىڭ قېنى.
ۋەدە بېرىپ شەرت بىلەن ئەمگەكنى دېدىڭ راھەت،
ئەمگەك ئىچرە دىل ئاچار، خوش ئاۋا سازىڭ قېنى.
بۇ بارادە كەلگىن بەخت، شېرىن بولۇر ــ بال بولۇر ــ
دەپ، كۆيلىگۈچى ياڭراق سۆز ــ جور ئاۋازىڭ قېنى.
مەيلى كەل، باھار باشلاپ، نورۇز ئۈنىڭ شەيداسى،
گەر ياقمىسا بۇ شەرتىم دەر، ئېتىرازىڭ قېنى؟!

1980ــ ژىلى، ئىيۇل.

# يارى يۈرگەن كوچىدا

ئۆرۈك ئۈزۈپ چىشلەر يارىم ئېگىز شاخنىڭ ئۇچىدا،
قانچە ژىگىت ئۆتەر- كېتەر، ھوش - بىھوش بۇ كوچىدا.
شاخ كۆتەرمەس بوپتۇ مېۋە، يوپۇرمىغى يوقمىكىن،
ئۈجرە كىمنىڭ دەپ سورىسام، دېدى - بىلەك كۆچىدا.
كۆز تىكەر ئاھۇغا ھەر دەم، تاغ جىرانىڭ ئارىسى -
نىشانىسى بولماس دەمسەن تاققا چىققان ئۇچىدا.
چىكىپتىكەن پەرەڭ ياغلىق، يارىشىپتۇ ئۆزىگە،
بىلمىدىم كاكۇلىسىمۇ، كۆزۈم جالا - چۇچىدا.
شۇ بىلەن باغلاندى نورۇز، ئۆز ئەركى يوق ئۆزىدە،
ئەدىكىن دەپ، بەرسەڭ سوئال يارى ژۈرگەن كوچىدا.

1980- ژىلى، ئىيۇل.

# يارنى كۆرسەم ئۆيىدە

مەن چۆللەردە ئېمىشمەن، ئېمىش يار گۈل سۆزىدە،
مەنمۇ پەستە ئېمىشمەن ، ئېمىش يار باغ تۆرىدە.
مەيلى باغ ـ تاغدا بولسۇن، ئۆيقىدا خامۇش ئېمىش،
بىراق مەن ژۈرەرمەن يارنى بىر كۆرۈش كويىدا.
بولاي مەن نە ـ نەلەردە يار ئۆچۈن ۋەسلىم پىدا،
كۆزۈم يارنىڭ قوش ياڭاق ـ قوش بۇلاقۇ ـ كۆزىدە.
قانچە دەم كەلدى ـ كەتتى، بولمىدى پۇرسەت نېسىپ،
تۇرارمۇ بۇ كۆنگىچە ۋەدىسى ـ بىر سۆزىدە.
يار ئۇيغىنار بۇ ئېنىق، سابا يەتكۈز سالامىمنى،
ياردىن نە بەخت كۆرەرمەن، ئۆز خانە ـ ئۆز ئۆيىدە.
قىلسا نېسىپ شۇ بەخت، باشقا ئارمان نە كېرەك،
ئۈچ يۈز ئالتمىش ئالتە كۈن نورۇز شۇنىڭ كويىدا.

1980ـ ژىلى. ئىيۇل.

# كۆرمەيلى زاۋال

ھۆسنىگە تولۇپ كۆز - كۆز قىلار گەۋ،
سەمەرقەنت كۆكىدە بولۇپ بىر يۇلتۇز.
تەبىئەت ئادىتى بولۇر ئەرتە - كەچ،
كۆندۈرەر ئىنساننى تاڭ ئېتىپ كۈندۈز.
بام، ئۆرەك، دېدۇق كۆتەرگەندە قەد،
دەۋرىم ماڭلىيىدا خۇددى ياقۇت كۆز.
رەد قىلىشقا ئۇنى كىمدە باردۇ ھەد،
ژىل ئۆتۈپ كۆپ ئىشلار بولۇر، ئاددىي سۆز.
ئوب - ئىرتىش بۇرۇلدى پاختازارلارغا،
چۆل - جەزىرە ئورنى ئەينە يېڭى باغ.
قولۇڭنى سوزامسەن ئالمىزارلارغا،
قېپ - قىزىل چەشلەردىن خامىنىمىزغا تاغ.
شۇنداقتىمۇ دۇنيانىڭ بىر يېقى كامدەك،
كۆرۈنەر كۆزۈڭگە چۆل، قۇرۇق - قاخشال.
بىر چۈشەنچە باشلار بىزنى كۈن - ئايدەك،
دۇنيا - دۇنيا بولۇپ كۆرمىسۇن زاۋال.
كامدىن - كام بولۇپ تۇرسۇن بىر چېتى مەيلى،
يۆلەرمىز بۇنىڭغا ئاتاپ ئەتىنى.
ئەتە - ئۆگۈن قىلدۇق ئەمگەك دەيلى،
ئۇرۇش كۆرسەتمىسۇن خۇنۇك دەردىنى.
ھەر مىنبەردە پەقەت، شۇ بىر ئېغىز سۆز،
ھەر ئانا قەلبىدە شۇدۇر ئىلتىجا.
مۇھەببەت - ئىشقىنىڭ ۋىسالىدا كۆز،
قەدەمدە بولسۇن دەر تېچلىق بىجا.

كام بولۇپ تۇرسۇن چىمدىم تۇزىمىز،
نۇرنىنى باسىدۇ ئىككىنچى بىر ھال.
ھايات ئىزىغا خاس ناداقى سۇزىمىز.
ئىنسان - ئىنسان بولۇپ كۆرمىسۇن زاۋال.

1988- ژىلى، دېكابىر.

# ئىسرائىل ئىبراگىموۋ



ئىسرائىل ئىبراگىموۋ رۇس تىلىدا يازىدىغان قىرغىزىستانلىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى.

ئىسرائىل مومۇناخۇن ئوغلى 1934- ژىلى 24- دېكابىردا قىر- غىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆل ئوب- لوسى، ئانانيېۋا يېزىسىدا دۇن- ياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مۇ- مۇناخۇن ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىن بولۇپ ساۋاتلىق كىشى ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا قازان شەھىرىدە نەشر قىلىنغان كىتاپلارنى سېتىپ ئېلىپ ئوقاتتى. دادىسىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا فېردەۋسىنىڭ «شاھ نامە» كىتاۋىنى ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى ئىسرائىل مۇمۇن ئوغلى ھازىرغىچە ئەسلەيدۇ. ئانىسى - چولپانخان ئۇيغۇرىستاننىڭ ئاتۇش شەھىرىدىن.

ئىسرائىل مۇمۇن ئوغلى 1952- ژىلى رۇس مەكتىۋىنى تۈگۈتۈپ، موسكۋا شەرىقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ خىتاي تىل فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. بۇ بىلىم دەرگاھىدا بىر ژىل ئوقىغاندىن كېيىن ئىنستىتۇت يېپىلىدۇ. ئاندىن ئۇ موسكۋا شەھىرىدىكى گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ. كېيىن فرۇنزې كان سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ تاغ گېئولوگىيە فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ ئۇنى 1959- ژىلى تاماملايدۇ. ئىنستىتۇتنى تۈگەتكەندىن كېيىن قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىدا 17 ژىل ئىشلەيدۇ. ئاددى لابورا-

نتلىقتىن باشلاپ پەن كاندىداتى دەرىجىسىگە يەتتى. 1976- ژىلدىن 1994- ژىلغىچە قىرغىزستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە فاكۇلتېتىدا دوتسېنت بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1994- ژىلى قىرغىزستان دۆلەت مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەركىۋىدە ئۇيغۇر فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئېچىلىدۇ. ئى. ئىبراگىموۋ شۇ ژىلدىن باشلاپ فاكۇلتېتنىڭ دېكانى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئىسرائىل ئىبراگىموۋ قىرغىزستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئىشلەپ ژۈرگەن ۋاقتىدا گېئولوگىيە ساھاسى بويىچە 40 ئىلمىي ماقالە ۋە ئىككى چوڭ مونوگرافىيە يېزىپ قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى بويىچە گېئولوگىيە ساھاسىدا كۆرنەكلىك ئالىملار سېپىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىسرائىل مۇمۇن ئوغلى پەقەت ئالىم سۈپىتىدىلا ئەمەس شۇنداقلا ژۇرنالىست، كىنوموتوگراف، چوڭ يازغۇچى ئېكەنلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر پەرزەندىدۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىدا ئىككى چوڭ، قالغانلىرى ھۆججەتلىك فىلىملار بولۇپ ئومۇمەن 21 كىنو ئېلىنغان.

ئىسرائىل مۇمۇن ئوغلى ئىبراگىموۋ قىرغىزستاندا تونۇلغان يازغۇچىدۇر. ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ 3 رومان، 40 ئارتۇق ھەرخىل پوۋېست، ھېكايە ماقالىلار توپلاملىرى كۆپ ساندىكى رۇس تىللىق كىتاپ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولدى.

ئۇنىڭ بىرىنچى پوۋېستى «مەمەتباقىنىڭ بەختى» 1972- ژىلى بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن، «ياۋايى قارىقاتىنىڭ تەمى»، «بىر توپ توگمەنلەر» ناملىق رومان، پوۋېستلىرى موسكۋا ۋە بىشكېك شەھەرلىرىدە ئارقا- ئارقىدىن رۇس ۋە قىرغىز تىللىرىدا يورۇق كۆردى. كېيىنەرەك يازغۇچىنىڭ «ئارالدىكى قىزىل ئۈزۈمزارلىق»، «يېڭى ژىللىق تاكسى» پوۋېستلىرى بىلەن «جۇجە ۋە ساموليوت»،

«لەگلەك قۇش ئاغزىدىكى بۆشۈك» ناملىق رومانلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئىسرائىل مۇمىن ئوغلىنىڭ بىرىنچى رومانى «قارىقات تەمى» ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ 1986- يىلى «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە، «بىر توپ تۇگمەنلەر» ناملىق پوۋېستى 1986- يىلى «پەرۋاز» ژۇرنىلىدا يورۇق كۆردى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى.

# بىر توپ تۈگمەن

(ئانام چولپانخاننىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن)

ئەگەر بىرى مېنىڭدىن قىزىقىنچى (مېنىڭ خاتىرەمنىڭ باشلىنىشى)، ئەللىگىنچى ژىللاردىكى كارپوۋكىنىڭ تىلغا ئالغىدەك بىرەر ئالاھىدىلىكىنى، بەلگۈسىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپ قالسا، ياكى كىملۇ بىرىگە شۇ ھەقتە سوراشقا توغرا كەلسە، مەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن:

— تۈگمەنلەر! — دەپ جاۋاپ بەرگەن بولار ئېدىم.

بۇ يەردە دەرھال باشقا بىرەر بەلگۈسى يوقمىدى؟ — دېگەن ئېتىراز پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئادەملەر ئوپۇر — توپۇر بولۇپ ژۈرگەن پوكەيلەرگە توپ — توپ چىت، كاناپ، بۇمازېيە، چىبەرقۇتلار ئىزىلغان، تۈگلارغا تۈزلانغان كۆكتاتلار، زىغىرسېمىشكا مايلىرى ۋە پېۋۇ تولتىرىلغان تۈگلار، مېشوكلاردىكى قېتىپ كەتكەن قەنت ۋە تۇز، پېچېنيې، مەمپەزە، سەرەڭگىلەر سېلىنغان ياشىكلار بازارلىرى بار ئەمەسمىدى؟ بازار مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سودا دۇكانلىرى، ئۇنىڭ چەتلىرىدە بولسا توخۇ، ئۆدەك، غاز ۋە باشقا قۇشلارنى ساتىدىغان جايلار بار ئېدىغۇ؟ «موروس» ۋە «موروژېنويې» ساتىدىغان جايلاردا ئۆزۈۋەتتە ئورغانلارچۇ، كۆپ تىللىق توپنىڭ ۋاڭ — چۇڭى ئارىسىدا تەڭرىچى — تاڭگاچىنىڭ «تاڭگا! تاڭگا!» دېگەن ئاۋازى بۆلەكچىلا ئاڭلىنىپ تۇرماتتىمۇ؟ ئۇرۇش ژىللىرىنىڭ بازارلىرىچۇ؟ ئۇرۇش ۋاقتىدا، ھەممىگە چۈشىنىشلىك، يەرمەڭكىلەر يوق ئېدى، قۇش سودىلىرى كامايدى، ئۇن ساتىدىغان جايلار بوشاپ قالدى.

— بۇ، ئەلۋەتتە، تۈگمەنلەرنىڭ ناچار ئىشلىشىدىن بولمىدى! لېكىن يايما بازارلاردا كۆز بوياش ئوۋج ئالدى. شۇ كەمگىچە بىر خىل، قۇۋلۇق — شۇملۇقسىز يېزا ھاياتىغا ئادەتلىنىپ قالغان مېنىڭ ژۇتداشلىرىمغا تەسادىپى كېلىپ قالغان ئاسان پۇل تېپىش ئىشقىۋازلىرىنىڭ مۇنچىلىك كۆپ «گاستروللىرىنى» ئۆزىدە ھېچ قاچان كۆرۈشكە توغرا كەلمىگەن ئېدى. مەسىلەن، سىگانلارنى ئالايلى. ئۇلار ئىلگىرى پرىنوزوۋرىيەدە بولاتتى، بۇ قېتىم كۆتۈلمىگەن ھالدا يۈز

بەرگەن قويۇندەك بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى: بىرمۇ بازار سىگانلارنىڭ «ھوجۇمىسىز»، ئۇلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلۇق، مەنىسىز جاڭجاللىرىسىز، پارچە - پۇرات ئاغرىقلارسىز، «قورقۇنۇچلۇق» سېھىرگەرلىكلەرسىز، ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، بىر ئەپسۇن بىلەن ئادەم تېنىدە ماخاۋ ياكى ۋابا ئوخشاش ئىنتايىن دەھشەتلىك ئىششىق كېسەلنى پەيدا قىلىش تەھدىتلىرىسىز ئۆتمەيدىغان بولدى. ئۇلار، ئەلۋەتتە، پال ئېچىشلارسىز ئۆتمەتتى. كۆپ ئادەملەر ئاقىۋەتتە نېمە بولۇشىنى ئويلىمىغان ھالدا پال ئاچاتتى: قىرغىزلار، ئۆزبەكلەر ۋە ئۇيغۇرلار قۇمۇلاق تاش بىلەن، رۇسلار - كىچىككىنە دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ئۇستىخانلىرى بىلەن، سىگانلار بولسا «پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەغدىر بويىچە» ئالىقانغا ياكى كارتىغا قاراپ پال ئاچاتتى. ھەممىلا يەردە ژىراق سەپەرگە ئاتلىنىش، دۆلەت ئۆيلىرىنى ئېلىش ھەققىدە، قايغۇ ۋە خوشاللىقلار ھەققىدە ئالدىن - ئالا ئېيتىپ، بېرىشلەر ئاڭلىناتتى - ئۇلار پال ئاچۇرغۇچىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، گويا ئۇنىڭ كېلەچەكنى بىلگەندەك، بۇ كۈنلەردە ھەر بىر ئادەمنىڭ قايغۇ ـھەسرىتى يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ «ژىراق يولدا» ياكى «دۆلەت ئۆيىدە» ئۆزىنىڭ يېقىن قېرىنداشىنى ئۇچرىتىدىغانلىقى توغرىلىق، خاتالىشىپ كېتىشتىن زادىلا ھېتىقماي، ئېيتىپ بېرەتتى...

ئورۇشتىن كېيىن بازارلار ئازىيىشقا باشلىدى، ئالتمىشىنچى ژىللارنىڭ بېشىدا ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئادەتتىكى ئوزۇق - تۈلۈك مەھسۇلاتىنى ساتىدىغان بازار پەيدا بولدى، ئۇ بۇ يەردە ھازىرمۇ مەۋجۇت...

توگمەنلەر نېمە ئۈچۈن يوقاپ كەتتى؟

ئېھتىمال، ماڭا «ئورۇش ژىللىرى كۆل بويىدىكى زىرىق تىكەن ئورمىنىنى كېسىپ يوقىتىشچۇ؟» - دەپ ئەسلىتىشى مۇمكىن. بۇمۇ ئاساسسىز ئەمەس. مەزكۇر ئورماننى كېسىش ئورۇش ژىللىرىدىن خېلە ئىلگىرى باشلاندى - ئەينە شۇ چاغدا بىلەرمەن پرىئوزىيورىيېلىكلەردىن بىرى ئۆزىنىڭ باغ - ۋارىنىنى تىكەنلىك شاخلار بىلەن توسىماقچى بولدى. ئۇ دېگىنىنى قىلدى - لېكىن ئۇنىڭ بىلەن باشلانغان «ژۇقۇملۇق كېسەل» دەرھال مەلىدە تارقىلىشقا باشلىدى. ئۈستى زىرىق تىكەننىڭ شاخلىرى بىلەن توسالغان تاملار، ئۇنىڭسىزمۇ تار كوچىلارنى ئادەم

ماڭغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. زىرىق تىكەننى نوتون ئۇچۇنمۇ كېسىش باشلاندى. ئۇنىڭدىن ئوتون تەييارلاش شۇنچىلىك چولۇقمىزلىقىش ۋە ۋەھشىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلدى: ئۇلار دەسلەپ بۇ يەرنىڭ زىننىتى بولغان زىرىق ئورمىنىغا ئوت قويۇشقا باشلىدى ـ بۇ ئىش كەچ كۈزدە چاتقال ئاستىدىكى قۇرۇپ كەتكەن ئوت ـ چۆپلەرگە سەرەڭگە ياقسا، دەرھال ئوت تۇتىشىدىغان چاغدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستى تازىلانغان، كۆكىرىپ ھايات كەچۈرۈش شىرىنىسىدىن مەھرۇم بولغان زىرىق تىكەننى يىلتىزىدىن قومۇرۇشتى... ئۈستىگە لىخشىتىپ زىرىق تىكەن باسقان، بەزىدە قۇمغا پېتىپ قالغان چاقلىرى ئاران قىمىرلاپ، ئاستا ـ ئاستا دۆڭگە ياماشقان ۋە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى مەلىگە قاراپ كېلىۋاتقان ھارۋىلار ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا. مۇنداق ھارۋىلار بەكمۇ كۆپ ئىدى. تۇتسا كويىسى قولغا ژۇقىدىغان ۋە كويۇپ چۈچۈلا بولۇپ قالغانلىرى ئوتۇن ئۇچۇن، كويمىگەن ـ كۆكىرەكلىرى بولسا، قاشا ئۇچۇن ئىشلىتىلەتتى. كولخوز رەئىسىنىڭ:

ـ ساڭا ھارۋۇ نېمىگە كېرەك؟ زىرىق ئەكېلىش ئۇچۇنمۇ؟ ياكى تورف ئۇچۇنمۇ؟ مەن ئۇكوزلەرنى نەدىن ئالىمەن؟ ئاسماندىنمۇ؟ ئېگىلىكتە بارى ـ يوقى بىر ئۇكۈز، ئىككى ئاغامچا بار. ھارۋۇغا ئۆزەمنى قېتىشىم كېرەكمۇ! ـ دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازى ھازىرمۇ قۇلىقىمنىڭ تۇۋىدىلا ياڭرىغاندەك قىلىدۇ.

«تورف كولاشچۇ؟» ـ ئۇمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئەسكە سالىدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر ھەقىقەت بار، چۈنكى كۆل ئەتراپىدىكى بەزى جايلاردا سازلىقنى بۇزۇپ تورف كولاش ـ بۇمۇ ئۇرۇش ژىللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ئالامىتى. ئېسىمدا: ھەقىقىي يېقىلغۇ ئوخشاش تورف ئۇچاستىگىنى دەسسىگەندە ئۇ لىغىرلاپ ئويۇلۇپ، ماي ئارىلاش سۇنى سىرتقا چىقىراتتىمدە، ئايىغىمنى كۆتەرسەمدەك، دەرھال ئەكسىگە كېلەتتى، ئاياق ئاستىڭدا ئۇنلىغان كىچىككىنە پاقا باللىرى سەكرىشەتتى، گويا پۇتۇڭ ئاستىدىكى تورف قاتلىمى ئەمەس، بەلكى ژۇقۇرىدىن بىر ئۇچىغا سەكرىسەڭ، سېنى ئاسمانغا كۆتىرىپ تاشلايدىغان پروژىنىلىق تاختىدەك كۆرۈنەتتى. تورف كېسەك شەكلىدە چېپىپ ئېلىناتتى، كۈنگە قاخلاپ قۇرۇتىلاتتى. قۇملۇق، ھايدىلىدىغان يەر بىلەن ساز

ئۇتتۇرىسىدىكى چېگارا - سىرگىيېۋكىدىن ۋالۇنوۋكىغىچە بولغان بارلىق بوش يەر تورف قېزىۋېتىلگەن چوڭ مەيدان ئىدى.

زىرىق تىكەننىڭ كېسىلىشى ۋە تورف كولاش قىرغاق بويىدىكى تەبىئەتنىڭ پەركايىنى كەتكۈزۈۋەتتى. بىز كەسكۈچىلەر بىلەن تورف قازغۇچىلارنى ئەيىپلىمەيمىز، چۈنكى ھەقىقەتنى ئېيتقاندا ئۇلار گۇناكار ئەمەس. بۇ يەردە ۋىراق ئارقا سەپكىمۇ ئۆزىنىڭ زەھىرىنى سانجىغان ئۇرۇشنى ئەيىپلەش توغرا. ئادەملەرنىڭ بارلىق ئوي - پىكرى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، بۇ ياۋۇز لۇققا قارشى تاقابىل تۇرۇش بىلەن تولۇپ - تاشقان بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك پروبلېمىلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ئۇنتۇمۇشنى بۇگۈنكى كۈن نۇقتەئىنەزىرىدىن ئەيىپلەش مەلۇم دەرىجىدە «جەڭنى ۋىراقتىن كۈرۈپ، ئۆزىنى ستراتېگ ھېساپلايدىغان» لاياقەتسىز كوماندانغا تەگلەشتۈرۈشتۇر...

بازارلار، زىرىق تىكەن كېسىش ۋە تورف كولاش - ھەقىقەتەنمۇ قىرغىنچى ۋە نەللىگىنچى ۋىللارنىڭ بەلگۈلىرى. ھاجەت بولسا، مۇنداق ئۇرۇش بەلگۈلىرىنى ئۇنلاپ كەلتۈرۈش مۇمكىن، ئېھتىمال، ئۇلار ئاخىرقى ھېساپتا شۇ بىر ۋەھىملىك دەۋر توغرىلىقلا كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ قالماي، بەلكى شۇ بىر ۋىللاردىكى دەھشەتلىك ۋە ئاچچىق قىسمەتلەر توغرىلىق ھەقىقەتنى كۆپىرەك ئېيتىپ بېرەلىۇ...

2

تۇگمەنلەر بولسا - بۇ باشقا گەپ.

ئۇلار ئاددىيلا تۇگمەنلەر ئەمەس، بەلكى ئۇن تارتىدىغان تۇگمەنلەر. سۇ بىلەن ئىشلەيدىغان تۇگمەنلەر.

مەن «سۇ بىلەن ئىشلەيدىغان» دەپ يېزىپ، دەسلەپ ئېنىق فاكت ئۇستىدە، سۇ بىلەن ئىشلەيدىغان تۇگمەنلەر ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم.

بېشىمدا بىردىن نېمە ئۈچۈن پەقەتلا سۇ تۈگمەنلىرى؟ ـ دېگەن پىكىر پەيدا بولدى. نېمىشكە پوتكول قىرغاق بويىدا شامال كۈچىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىنمىدى؟ نېمە ئۈچۈن، ئېھتىمالى، پرىنوزيورىيېنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆلەمى ئانچە چوڭ ئەمەس، لېكىن ئۈستى تاشلىق توپا بىلەن قاپلانغان، ئىنتايىن قولايلىق چۆلدە شامال تۈگمىنى سېلىنمىدى، بۇ يەردە شامال ناھايىتى كۆپ چىقاتتىغۇ؟ بىزدىن، پرىنوزيورىيېلىكلەردىن بىـ رەسمىزمۇ بۇ يەردىكى شامالنىڭ ـ بوئۇمسك سېيدىن چىقىدىغان ئۇلان شاملىنىڭ ـ بۇ ئانېرودىناميكىلىق ترۇبىنىڭ كۈچىنى ئۆزىمىزدە سىناپ كۆرمىدۇقمۇ؟ ئۇلان شاملى ئۆز يولىدا توپا ـ چاڭ، ئەخلەت ـ چوكاللارنى ئۇچارتىپ، ساي ئېغىزىدىن، خوددى كويىقاپتىن چىققاندەك كۈچەپ چىقاتتى. شەرىق تەرەپتىن چىققان «سانتاش» شاملى ئۇلان شاملىغا قوشۇلغان چاغدا كۆلدىكى سۇ قايناۋاتقان ناھايىتى چوڭ قازانغا ئوخشاپ كېتەتتى. دولقۇنلار ئۇنىڭدا ژۇرگەن كېمىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن ھەر تەرەپكە ھايداتتى.

بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، پرىنوزيورلىكلەرنىڭ بولۇپمۇ سۇ ئۈستىدىن مۇز قاپلاپ، تۈگمەن چاقلىرىنى پېقىرتىشقا كۈچى يەتمەيدىغان چاغلاردىلا شامال تۈگمەنلىرىنى سېلىش ئويىدىن يالتايغانلىقىنى چۈشىنىش قىيىندەك كۆرۈندى. مەن بۇنىڭغا جاۋاپ تېپىشقا ئورۇندۇم ۋە ئۇنى تاپتىم. بىر جىدـ دىي نەشىردە مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇدۇم: «...پرىنوزيورىيې ئويمانلىقىنىڭ مۇنداق ئۆزىگە خاس تۈزۈلۈشى ھاۋانىڭ ئۇمۇيي ئالمىشىشى ئۈچۈن ئىنتايىن قولايسىز شارائىت يارىتىدۇ. بۇ ئەھۋال بوئۇمسك سېيى ئارقىلىق غەربىي تەرەپتىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بېسىپ كېلىدىغان ئاتموسفېرا ئېقىمى بىلەن پەقەت مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلىشىدۇ...» مانا ساڭا تەبىئىي ئانېرودىناميكىلىق ترۇبا! پرىنوزيورىيېدە شامالنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى توغرىلىق كۆز قاراشنى تەكشۈرۈش ئۇنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى، ئاشۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

چوڭ ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن بۇلۇتنىڭ ئەقىل، بىلىم كۈچى بىلەن يوقاپ كەتكەنلىكى، يەنى ئەسلىدە كارپوۋكىلىقلاردا شامال تۈگمىنىنى ياساش نىيىتى بولمىغانلىقى ئېنىقلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پرىنوزيورىيېدىكى

ئادەملەر ئۆمۈر بويى شامال بىلەن ئىشلەپ كۆرمىسە، ئۇنىڭ قەيەردىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن! ئېھتىمال شۇ، بۇنىڭدىن ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر ئاز غەش بولىدۇ. ئۇ يەردە شامال بولغان تەقدىردە، ئېھتىمال، ئادەملەرنىڭ تەپەككۇر، پسىخولوگىيەسىدە بەزى نەرسىلەر باشقىچەرەك بولاتتى. ئەينە شۇ چاغدا ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان كىچىككىنە مىكروب ئۇچۇقتا كەلگەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنچىسى، ئۈچۈنچىسى پەيدا بولغان بولار ئىدى. قارىساڭ، ئۇ يەردە ھېچ بولمىغاندا قىرمىلىق دون - كىچىكتە ئوخشايدىغان رومانتىكلىق بىر نەرسە تۇغۇلغان بولار ئىدى... كارپوۋكا ھەممە ۋاقىت نەسرىي شېئىرىيەتنى، تەييارلىقسىز ئىجرا قىلىشنىڭ ھېساۋاتىنى ۋە ئېھتىياتچانلىقنى ئەلا ھېساپلايدىغان ئادەملەرنىڭ تۇرۇشلۇق ئارالى بولدى. كارپوۋكىلىق بىرەر ئىشنى ئاساسلىق ھالدا، ئەرلەرچە قىلىشقا بەل باغلاشتىن ئىلگىرى كۆپ ئويلاتتى، يەتتە قېتىم ئۆلچەپ، پەقەت ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىنلا، ئاران كېسەتتى.

... بۇ يەردە بولسا پىكىر قىلىشقىمۇ توغرا كەلمىدى. بىر كۈنى تاغ ئېتىكىدە ئانچە چوڭ بولمىغان ئۆي پەيدا بولدى قارىغاي ياغاچلىرىدىن قوراشتۇرۇلغان، يوغان چېقى سۇنىڭ كۈچى بىلەن پېقىرلايدىغان، ئۇن تارتىدىغان تېشى بار مەزكۇر قۇرۇلۇشنىڭ تۇنجا مېخانىكىلاشتۇرۇلغان كارخانا - تۈگمەن ئىكەنلىكى ئۇنىڭ يەرلىك ئادەملەر ئۈچۈن پەقەت ماددىي بايلىقلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاڭغا كۆپلىگەن يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھېچ كىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىدى.

تۇنجا تۈگمەننى ئىشقا قوشۇش دەقىقىلىرىنى: يەرلىك ئادەملەرنىڭ توپىنى، شۇنداقلا ئۆزىنى ئىشچانلىق ھاياجانلىنىش قاپلىغان تۈگمەنچىنى جانلىق تەسەۋۋۇر قىلىمەن: چاقنىڭ پالاقلىرىغا سۇنىڭ كۈچ بىلەن ئۇرۇلۇشىنى - تۈگمەن ئىشلەشكە باشلىغاندا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئۆزلىرىدە پەيدا بولغان چەكسىز تەۋرىنىش - ھاياجانلىنىشنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن.

لېكىن ئەمەلىي تەجرىبىنى كېلەچەك ئىشقا مىزان قىلىدىغان كارپوۋكىلىقلارنىڭ قەلبىدە باشقىچە ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى (ھەممىدىن ئاۋال ئۇ شۇنداق بولدى) - ئادەملەر توپىنىڭ، ئەجەبلىنىش ۋە ھاياجانلىنىشلارنىڭ بولماسلىقى، ئەكسىچە، ئىشنىڭ

باشلىنىشىنى ئالدىن-ئالا سېزىش، ئازراق بولسىمۇ ھاياجانلىنىش، بەھرىمەن بولۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. ئېھتىمال، تۈگمەنچى شاقىراتمىدىن چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ بالداقلىق چاقنىڭ پالاقلىرىغا زەربە بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۆگەننىڭ ئاستىدىكى سۇنۇشقا ئاز قالغان كونۇس تەرەپكە قاراپ ئالدىرىدى. ئېھتىمال، ئۇ كونۇسنى سۇندۇردى. يېڭى تارتىلغان بىر سىقىم ئىسسىق ئۇننى ئالىقىنىغا ئالدى، بارماقلىرى بىلەن ئۇگىلاپ كۆردى، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلدى، بىر- بىرىگە ھاياجان ئىلكىدە قاراشتى. تارتىلغان ئۇننىڭ سۈپىتى ھەققىدە قىسقىچە ئۆز پىكىرلىرىنى ئىزھار قىلىشتى ۋە ھېچ قانداق خۇشال خۇراملىق ئەھۋال يۈز بەرمىدى.

ئەلۋەتتە، ھېچ قانداق تاماشىبىنلار بولمىدى. تۈگمەن ھەققىدە تارقالغان سۆز- چۆچەكلەر-دىن كىمدۇ بىرىنىڭ چەتتە قېلىشى، ھېچ قانداق قىزىقىش ۋە زوقمەنلىكسىز ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە، يۈز بەرگەن كارامەتنى باياقاش يېڭىلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن كارپوۋكىدىن ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردىن ئادەملەر كەلدى. ئېھتىمال، كەلدى. ئۇنى قانداق بىلىش كېرەك. ئەندى، ئۇزۇن ژىللاردىن كېيىن، ئۆتمۈشنى بارلىق تەپسىلاتلىرى بىلەن ئەسكە كەلتۈرۈش قىيىن، ئەلۋەتتە. چۈنكى تۇنجا تۈگمەننى ئىشقا قوشۇش ۋاقتىدىكى شاھىدلارنى- يۈزياشتىن كۆپرەك ياشىغان ئادەملەرنى ھازىر تېپىش ئاسان ئەمەس. ھازىر پرىنوزيورىيەدا تۇغۇلغان كارپوۋلىق- كۆچمەنلەر-نىڭ ئىككىنچى ئەۋلادىدىن ساناقلىق ئادەملەر ۋە شۇنچىلىكلايەرلىك مىللەت مويسۇپەتلىرىلا ئىستىقامەت قىلماقتا، لېكىن ئۇلار شەخسەن ئۆزلىرى باشتىن كەچۈرمىگەن، ئۆز تەجرىبىسى-نىڭ سىرتىدا يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەرنى پۈتۈنلەي دېگىدەك ئۇنتۇپ كەتكەن.

3

مەن بالىلىق چېغىمدا يېزا ئەتراپىدا تۈگمەنلەرنىڭ ئىككى گۇرۇپپىسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرىنچى گۇرۇپپىسى كارپوۋكىدىن ئۈچ كىلومېتر ژىراقلىقتىكى تاغ ئېتە-كىدە ئىلگىرى چوپانلار تۇرغان تېررىتورىيەدە جايلاشقان. بۇ يەردە بىر ئۇستەڭنىڭ سۈيىدە بەش تۈگمەن ئىشلەتتى. ئۇلاردىن بىرىنچىسى، بىزگە يېقىنراقى بېلىق ئۆستۈرىدىغان كۆل-خوزغا، ئىككىنچىسى« پروگرېسس» كولخوزىغا، ئۈچۈنچىسى-«كومىنتېرنغا»، تۆرتىنچى-سى-«ئاۋانگاردقا»، بەشىنچىسى-«1 مايغا»، تەئەللۇق ئىدى. ھە، ئۇن مىڭ ئادەم ياشايدىغان

كارپوۋكىدا بىر زامانلاردا بەش كولخوز بولغان ئىدى، بېلىق ئۆستۈرىدىغان كولخوز ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى، «كومىنتېرن»نىڭ چوڭى، قالغانلىرى ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ئېگىلىكلەر بولۇپ، خۇددى كېلىشىۋالغاندەك، بىر-بىرىدىن قېلىشمەي، ئوخشاش دەرىجىدە كۈلمەكتە ئىدى. تۈگمەن ئېگىلىكىدىمۇ شۇ ئەھۋالنى كۆرۈش مۇمكىن: كومىنتېرنلىقلارنىڭ تۈگمىنى ئەڭ ياخشى، ياراقلىق، بېلىق ئۆستۈرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئاددىي، كىچىك تۈگمەن ھېسابلىناتتى، قالغانلىرى بولسا ئالدىنقىلار بىلەن ئارقىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توپ ئىدى ۋە پەقەت: دەسلەپكىسى پارلاق يۇلتۇز، ئوتتۇرىدىكىسى يورۇق يۇلتۇز ھېسابلىناتتى، قالغانلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى غۇۋا يۇلتۇزلار.

تۈگمەنلەر ئۆز كولخوزىنىڭ ئاشلىقىدىن ئۇن تارتاتتى، ئوكۆت بولماي، ۋاقىت ھەپتىلەپ، ئايلاپ سوزۇلۇپ كەتكەن چاغلاردا بولسا، ئۇ شەخسلەرگە خىزمەت قىلاتتى، ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئازۇق تەبىنەتلىكىگە قاراپ، تۈگمەنلەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە تاللايتتى: ئاۋانگاردلىقلار پات-پات كومىنتېرنلىقلارنىڭ تۈگمىنىدە، بېلىق ئۆستۈرگۈچىلەر ئاۋانگاردلىقلارنىڭكىدە، بىرىنچى مايلىقلار بولسا بېلىق ئۆستۈرگۈچىلەرنىڭ تۈگمىنىدە ئۇن تارتاتتى، تاللاش شەكىللىرى ھەركىمنىڭ خاھىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلاتتى، لېكىن شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۇنى چاپسان تارتىدىغان كومىنتېرنلىقلارنىڭ تۈگمىنى ئادەملەرنى ھەممىدىن كۆپرەك ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان.

كومىنتېرنلىقلارنىڭ تۈگمىنى ھەممە ئۈچۈن ياخشى ئىدى، لېكىن بىزنى، ئىسمائىلوۋلارنى، گەرچە ھۇجۇم ئېرىقىدىدە ئەسادىپى باشقىلارنىڭ تۈگمىنىدە بىر نەچچە قېتىم بولغىنىمىزغا قارىماي، ئاۋانگاردلىقلارنىڭ تۈگمىنى ئۆزىگە تارتاتتى. ئاۋانگاردلىقلارنىڭ تۈگمىنى ئۆزىنىڭ كونستروكسىيەسى بىلەن پەرىقلىنىدىغان: ئەگەر باشقا تۈگمەنلەردە چاقپېلەكتىن باشقا بارلىق مۇھىم ئۈزۈكلەر بىر جايدا زىچ ئورۇنلاشقان بولسا، ئۇلار ئاۋانگاردلىقلارنىڭكىدە بۇ يەرگە ئۈچ ئورۇندا: تاشقىرىدا، ئەگلەك بار سانلىق تۈۋەندە، بۇنكېر بىر قەۋەت يۇقىرى ئارادە ۋە كۆپ تاغار سىغىدىغان ئۇكۆز بۆلمىسىدە ئىدى. ئۇ ئامبار ئورنىدا خىزمەت قىلاتتى: كەڭ پەلەمپەي ئارقىلىق كۆتۈرۈلەتتى ۋە ئاشلىق قاچىلانغان مىشكاپلار بۇنكېر ئەتراپىغا رەتلىك تىزىلىدىغان. ئەگرى-توقاي پەلەمپەي توپ-توغرا بۇنكېرنىڭ يېنىدىن تۆۋەنگە يول ئالاتتى. بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، كونستروكسىيەلەردىن قايسى بىرىنىڭ ھېچ قانداق ئالاھىدىلىكى،

ئەقىلغا مۇۋاپىقلىقى تېخى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن مەن چوڭقۇر ھەسسىياتلارغا بېرىلدىم، بۇ تۈگمەنتوغرىلىق مېنىڭ ساغلام پىكرىتەسەۋۋۇرۇم مەن بىلەن بىر ياشتىكى باللارتېخى چۈشىنەلمەيدىغان پەرەزلەرنى خىيال ئەينىكىمدە ئەكىس ئەتتۈردى. ژۇقارقى قەۋەت ئۆزىنىڭ كەڭ جايىنى ئېگەللىگەنلىكى بىلەن، بەزىدە كېمىنىڭ ئۈستىنى ئەسلىتەتتى. باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، پەقەت كونا كېمىنىڭ ئۈستىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئانچە چوڭ بولمىغان كونا يەلكەنلىك ۋە ھەربىي كېمىلەر-بىرىگانتىنا، كورۋېت، كاراۋېللارنىڭ ھېچ قايسىغا ئوخشىمايدىغان. تۈگمەن ئىچى ۋە ئۇن سالىدىغان بارتوۋەنكى قەۋەت كېمىنىڭ بۆلمىلىرى ۋە باشقا ئىشچىلار خانىلىرى جايلاشقان ئاستىنقى قەۋەتنى ئەسلىتەتتى. تۈگمەن بېناسى ئۈستەڭ ئېقىمى بويىچە ئۇزارتىلىپ سېلىنغان، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ كەچلەردە، بولۇپمۇ كۈن ئولتۇرىش پەيتىدە، ئۇنىڭغا بارغان ئادەم ئۇزىنى گويا چوڭ بىر كېمىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان.

ياشانغان، ئوتتۇرا بويلۇق، كەڭ غوللۇق، گۆشلۈك ئۇزىگەئۆزۈن شاپ بۇرۇتى ئەجايىپ ياراشقان تۈگمەنچى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمغا بەكمۇ ماس كېلەتتى، بولۇپمۇ ئۇ يوغان ئاق چۈشكەن سول كۆزى بىلەن ستىۋېنسونوۋلارنىڭ ياكى ساباتىنىۋسكىيلارنىڭ رومانلىرىدىكى قاراقچىغا بەكمۇ ئوخشايدىغان. تۈگمەنچىنىڭ «دېڭىز بۆرىسىگە» ئوخشايدىغانلىقى، بولۇپمۇ مەن ئۆز تەسەۋۋۇرۇمدا ئۇنىڭ ئاق چۈشكەن سول كۆزىگە خۇددى قاراقچى كاپىتان ئوخشاش قارا لاتىنى تېڭىپ قويغان چېغىمدا تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەينە شۇ چاغدا ئۇ ژۇقۇرىدا، پەلەمپەينىڭ بېشىدا پەيدا بولدى ۋە بىر قولىنى يان ياغاچقا قويۇپ، تۆۋەندىكى ئۇن تارتىش ئۇچۇن كەلگەنلەرگە بىر-بىرلەپ سىناق نەزەرى بىلەن قارىدى ۋە مېنىڭ تېنىمدە قانداقتۇ بىر شۈركۈنۈش پەيدا بولۇپ، ژۇرەك - قەلبىمنى تەسادىپى ھاياجان - تەشۋىش ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

بۇ يەردە يەنە بىر تۈگمەنچى - زىنەتۇللا ئىلاخۇنوۋمۇ بار ئىدى.

ئىلاخۇنوۋ ئۆز پائالىيىتىنى كومىنتېرنچىلارنىڭ تۈگمىنىدىن باشلىدى، ئۇنىڭ بۇ يەردە قىلغان ئەمگەك ئەجرى تۈپەيلى مەزكۇر تۈگمەن ئەڭ ياخشى تۈگمەنلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ئۇنى بۇ يەردىكىلەر ئىشچان، ساۋاتلىق، تۈگمەن ئاگرېگاتلىرىنىڭ مېخانىكىسىنى ياخشى بىلىدىغان دانىشمەن ئادەم سۈپىتىدە بىلەتتى. ئۇنى تۈگمەن ئىشىنى مۇنداقلا بىلىدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكى ئىلمىي ئاساستا بىلىدىغان ئادەم سۈپىتىدە ھۆرمەت-

لەتتى. بۇ يەردە گەپ شۇنىڭدىكى، زىنەتۇللا ئۆز كەسىپداشلىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە بىردىن - بىر ئادەم بولىدىغان، بۇ بولسا ئۇ ۋاقىتلاردا كۆپ بىلىم ئالغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىلىمى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەي ئۆچلىشىپدا ئىككى ژىل ئوقۇدى. يەنە كېلىپ سەنئەت ئۆچلىشىپسىدا!! زىنەتۇللا بارلىق جەھەتتىن ئۇ كەسىپدىشىنىڭ ئەكسىچە ئېدى: ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ئورۇق بولۇپ، قىسقا ئىبا-رىلەر بىلەن ئاستا سۆزلەتتى، گەپ قىلغاندا سۆھبەتدىشىنىڭ بېتىگە تىكىلىپ قاراشقا پېتىنمايتتى، بەكمۇ كىچىك پېيىل، مۇلايىم ئېدى. زىنەتۇللا كومىنتېرنلىقلار بىلەن بې-لىق ئۇستۇرگۇچىلەر تۇگمەنلىرىگە بىر نەچچە قېتىم يېگىلىق - ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزدى. مەزكۇر تۇگمەنلەرنىڭ سۇ چۈشىدىغان چاقلىرىغا تۆمۈر قالاق - پەلەكلەرنى ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەش قۇۋۋىتى ۋە چاپسانلىقىنى ئاشۇردى.

ئەللىگىنچى ژىللارنىڭ بېشىدا تويۇقسىزلا زىنەتۇللىنى ئىچىملىككە قىزىقىدىغان ئادەم دېگەن مىشمىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى.. لېكىن مەن شۇ چاغلاردىلا ئۇنىڭ بۇنداق ئەمەسلىگىنى بىلەتتىم. ماڭا مەزكۇر پوۋېست ئۈستىدە ئىشلەۋاتقاندا زىنەتۇللا توغرىلىق كۆپلىگەن ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىشقا توغرا كەلدى، لېكىن تۇگمەنچىنىڭ ئىچىملىككە قىزىقىدىغانلىقى ھەققىدىكى مىشمىشلارنى تەستىقلەيدىغان بىرمۇ كارپوۋكىلىقنى ئۇچرىتالمىدىم. سۆز - چۆچەكلەر نەدىن پەيدا بولدى؟ ئۇچقۇنسىز ئىستىنمۇ؟ مېنىڭ بۇ يەردە مۇنداق بىر تەمسىلنى كەلتۈرگۈم كېلىدۇ. زىنەتۇللا ئۆزىنىڭ ياخشى ئابرويى - شەنىگە «بىر تال قۇملاق، بىر قېرىن مايىنى بۇلغىغاندەك»، تويۇقسىز بىر ژۇتۇم ئىچىملىك بىلەن داغ چۈشىرىپ قويغان ئادەم. لېكىن بىزنىڭ قەھرىمانىمىزنىڭ ھاراقكەش ئەمەسلىگى ئېنىق. شۇنداقتىمۇ ئۇنى تامامەن ئىچىملىكتىن ژىراق بولغان دېيىشكىمۇ بولمايتتى: زىنەتۇللا كولخوزنىڭ ياغاچچىلىق ياكى تۆمۈرچىلىك ئىشخانىسىدا تۇگمەنگە كېرەكلىك بەزى جابدۇق - ئىسكىنىلەرنى ياساتقاندىن كېيىن، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرەر بوتۇلكا قوياتتى ۋە سۆھبەتتىن چەتتە قېلىشنى لايىق كۆرمەي بىر - ئىككى قەدەھ ئىچىپ قوياتتى. ئەينە شۇ قەدەھلەر «بىر قېرىن مايىنى بۇلغىغان قۇملاققا» ئايلانغان...

ئادەتتە ئىككىنچى قەدەھ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، زىنەتۇللىدا قانداقتۇ بىر خۇشاللىق كەيپىيات پەيدا قىلىپ، خۇشخۇي، چاقچاقچى بولۇپ كېتەتتى، بەزىدە نەگگىزلىكلىرى بار ئادەملەر بىلەن ئولتىرىپ ئىچىپ قالسا، ئازىراق ئىچسىمۇ خېلىلا كەيپە بولۇپ

قالدىغان. ئەينە شۇ چاغدا ئۇنىڭدا «چوڭ يەردە»، يەنە كېلىپ، تۈگمەنگە ئۇتتۇر ئېلىپ كېلىدىغان چوڭ كوچىسىدا، سەيلە قىلىش ئارزۇسى، ژۇتداشلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا سەيلە قىلىش ئارزۇسى پەيدا بولاتتى ۋە مۇنداق سەيلىگە چىققان چاغلاردا جەزمەن ئاۋازىنىڭ بارىچە ناخشا ئېيتىپ ماڭاتتى. ئەتىسى بولسا «ئۇزۇن قۇلاقلارنىڭ» ياردىمى بىلەن بۇ ھەقتىكى مىشمىشلار پۈتكۈل مەلىگە تارقاپ كېتەتتى.

لېكىن بۇنداق ئەھۋاللار كامدىن ـ كام يۈز بېرىدىغان، ئامما ئۇ ئەشۇ بىر ژىلنىڭ ئۇنتۇلماس يېزىدا، زېنەتوللا مەلىنىڭ چوڭ كوچىسىدا بىر قېتىم، كېيىنرەك، ئېھتىمال، ئۈچ ـ تۆرت قېتىمدىن «كونسېرت» كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۆز ـ چۆچەكلەر كۆپىيىۋەردى. لېكىن شۇ ژىلىلا بۇ مىشمىشلار قانداق چاپسان تارالغان بولسا، شۇنداق چاپسان يوقىلىشقا باشلىدى. كېلەر ژىلى بولسا بۇ «كونسېرتلار» توغرىلىق بىر چاغدا شۇنداق بولغان ئېدى،ھە، ـ دەپ كۈلكە بىلەن ئەسلەشتى...

زېنەتوللا يوق چاغلاردا تۈگمەننى كۆك كۆزلۈك، چىرايى ئىللىق، تەخمىنەن ئېرى بىلەن بىر ياشلاردىكى ئايالى باشقۇرىدىغان.

پرىنوزورىيېدا تۈگمەنچىلىك كەسپى بايلىق ـ دۆلەت ئېلىپ كەلگۈچى كەسىپ دەپ ئاتالمىسىمۇ، توقچىلىق ـ مەمۇرچىلىك ئېلىپ كەلگۈچى كەسىپ دەپ ئاتىلاتتى. ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئېدى. ھەممىسىدە شۇنداق. پەقەت ئىلاخونۇۋلاردىلا ئانداق ئەمەس ئېدى: باشقا تۈگمەنچىلەرمۇ پاراۋان ھايات كەچۈرەتتى. ھە، ئىلاخونۇۋلاردا بولسا ھەممە نەرسە يېتەرلىك ئېدى، لېكىن ئۇلارغا نەزەر تاشلىغان ئادەمنىڭ، نېمىشكىدۇ، ئۇلارنى باي، ھالاۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ دېگۈسى كەلمەتتى.

كۆلدىن ئۈچ يۈز مېتىر ژىراقلىقتىكى قىرغاق بويىدا يەنە ئىككى تۈگمەن بار ئېدى. توغرا، ئۇلارنىڭ بىرىنى مەن خارابە بولغان ھالدا كۆردۈم. ئۇنى قانداقتۇ بىر ھۆججەت بويىچە بىرىگە بېرىۋەتتىمۇ، ياكى خوشنا ۋالونوۋكىدىكى كولخوزلارنىڭ بىرىگە سېتىۋەتتىمۇ، ئەيتەۋىر، تۈگمەن بۇزۇلغان، ئۇنىڭ ئورنىدا كۆپ ئىشلىتىلىپ، سىلىقلىنىپ كەتكەن تۈگمەن تېشى، يېرىمى چىرىغان ياغاچلار ۋە داتلىشىپ كەتكەن تۆمۈر پارچىلىرى قالغان. بۇ يەردىكى تۈگمەن ئەسلىدە ئاۋانگاردلىقلارنىڭ تۈگمىنىگە ئوخشاش ئىككى قەۋەتلىك، پەلەمپەي بىلەن ژۇقۇرىغا چىقىدىغان قىلىپ ياسالغان ئېدى. بۇ يەردە باشقا خارابىلارنىڭكىگە ئوخشاش تازا ئەمەس كۆچلەر ماكانلىغان. تۈگمەندە گىلە كۆزگە كۆرۈنۈپ، گىلە كۆرۈنمەيدىغان ئالۋاستى

بار ئىمىش، ئۇ بەزىدە تويۇقسىز پەيدا بولغان تاغلار، بەزىدە باشقىچە باغلانغان قەلئەلەر، بەزىدە بولسا ساندۇقتىكى ئۇن دۆگىسىنى دەسسەپ، ئىزىنى قالدۇرغان قىياپەتتە تەسەۋۋۇر قىلىناتتى، گاھى ئۇ بۇ يەردىن قانچىلىك سىرلىق ھالدا كەتكەن بولسا، كېيىن ئۆز ئورنىغا شۇنداق مەخپىيلىك بىلەن قايتىپ كېلىش ئۈچۈن يوقىلىپ كېتەتتى. بالىلاردىن ھېچ كىم ئالۋاستىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالۋاستى قىلدى دەپ ئىشىنەتتى.

تاغ باغرىدىكى تۈگمەنلەر «يۇقارقى تۈگمەنلەر»، كۆل بويىدىكى تۈگمەن بولسا، ئادەت بويىچە كۆپلىك ساندا «تۆۋەندىكىلەر» دەپ ئاتىلاتتى.

ھەممە ئادەم ئىش بىلەن بەنت يۇقارقى تۈگمەنلەردە يەر تەۋرەش باشقا جايلار- دىكىدەك چوڭقۇر ھېس قىلىنماتتى، ئالۋاستىلارمۇ، سۇ ئېزىتقۇلىرىمۇ ئۆزىنىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىنى يوقاتقاندەك، ئومۇمەن ئالغاندا، بىخەتەرسىز ھالدا كۆزگە كۆرۈنگەندەك قىلاتتى. يۇقارقى تۈگمەنلەردە، باشقىچە قورقۇنۇچ پەيدا بولغان ئىدى: بۇ يەردە قايغىدىن يەر بالا كېلىدىغان، غەزەپلىك ئىبلىسلار كۆزگە كۆرۈنىدىغاندەك قىلاتتى.

4

تۈگمەندىكى ئىشلارغا ئاستا - ئاستا تەييارلىق قىلىناتتى. تۈگمەن مەۋسۇمى (بۇ يەردە سۆز قىرىقىنچى ۋە ئەللىگىنچى يىللار ھەققىدە بولماقتا) كۈزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ، ئاشلىق يىغىشتۇرۇش ئاياقلىشىدىغان ئەڭ ئەجايىپ پەيت - ئۆكتەبىر مەيرىمى ھارپىسىدا باشلىناتتى.

ئەڭ ياخشى پەيت. ئەستىن چىقمايدىغان چاغ: بۇ ۋاقىتتا كومباينلار پاركلارغا ئېلىپ كېلىنىدۇ، پادا بىلەن ئوتارلار، بەزى جايلاردا بولسا يىلقا ئۆيىرلىرى چۆپى ئورىلىپ، قايتىدىن ئۆسكەن ئوتلاقلار بىلەن ئاشلىقى يىغىلىپ بولغان ئېگىزلارغا ھايداپ كېلىنىدۇ: خامانلاردا ئاشلىق تاغ - تاغ بولۇپ دۆگىلىنىدۇ، ئاشلىق تازىلايدىغان شامال ساندۇقلىرى ئىشلەشكە باشلايدۇ، بۇ يەردىن ساڭگىلىرىغا ئاشلىق توشۇيدىغان ھارۋىلار بىلەن يۈك ماشىنىلىرىنىڭ قۇيرۇغى ئۈزۈلمەيدۇ، بارلىق باشقارمىلاردا ئەمگەك كۈننى ھېسابلاش باشلىنىدۇ. ئەينە شۇنداق ئالدىراشلىق بىر پەيتتە تۈگمەن مەسىلىسى پەيدا بولدى. بۇ ھەممىدىن ئاۋال كۆپچىلىك تاماقلىنىش ئۈچۈن بۆلۈنگەن بىر سېنتنېر ئاشلىقنىڭ گېپى چىققان. ھوسۇلنىڭ

بىر قىسمىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇن تارتىش توغرىلىق قارار قوبۇل قىلىنغان بىر پەيتتە يۈز بەردى.

تۈگمەننىڭ يېنىدىن ئۆتكەن باشقارمىنىڭ ھەر بىر خادىمى:

— ھە، تۈگمەندىكى ئىشلار قانداق كېتىۋاتىدۇ؟

— قانداق، مېڭىۋاتامدۇ؟

— تاشنى يۆتكىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

تاشنى يۆتكەۋاتقانلىقنى ئاڭلىناتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇما ئىشلىرىدىن كېيىن، كولخوز باشقارمىسىدا يەنە ئىلاخۇنوۋ ھەققىدە، ئۇنىڭ ئېمە قىلىۋاتقانلىقى توغرىلىق سۆز باشلىناتتى. زادى ئۇ تۈگمەننى جۈن- دىدىمۇ؟ تورىنا دېگىنى بىر بالا بولدىمۇ؟ ئىلاخۇنوۋنى كولخوزنىڭ تۆمۈرچىلىك ئىشخانىسىدا كۆردۇق، دېيىشىدىمۇ؟ ئىسكىنە ياسىتىپتۇ — دېمەك، مەسىلە ئايدىڭ: تۆمۈرچى خۇشخۇي، يېپيېشقاق ئادەم. ئىلاخۇنوۋ يېنىدا ئاخچىسى بولسا، زادىلا ئايىمايدۇ، ئۇنى، ئەلۋەتتە، بۇتۇلكا قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىلپەتچىلىك قىلىپ، بىر قەدەھ ئىچىشكە كۆندۈردى. تۈگمەنچىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن مۇنداق ۋاقىتلاردا رەئىسنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشى كېرەك! ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۈگمەنچىنىڭ «كونسېرتى» كولخوزغىلا ئەمەس، ئۆمۈمەن كارپوۋكىغا تېخى يېقىندىلا كەلگەن (ئۇنىڭ كولخوزنى باشقۇرۇۋاتقىنىغا ئاران بىر يېرىم ژىل بولدى) رەئىسنى قاتتىق رەنجىتكەن ئوخشايدۇ.

كارپوۋكا — چوڭ يېزا، لېكىن بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ تۈگمەنچىنىڭ تۆمۈرچىلىك ئىشخانىسىدىن قايتىشىغا، ئۇنىڭ كوچىدا ئۇ ياقتىن — بۇ ياققا سەنتۈرۈلۈپ مېڭىشىغا ۋە ئەلۋەتتە، ۋاقىراپ ئېيتقان ناخشىسىغا زەڭ سالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئادەملەر تۈگمەنچىنىڭ كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ كۆرسەتكەن «كونسېرتىنى»، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خەلق ناخشىلىرىدىن بىرىنى ئىجرا قىلغانلىقىنى ئەسلىشى ۋە ئۇنىڭغا يېڭىلىقلارنى قوشۇپ سۆز — چۆچەك تارقىتىشى مۇمكىن، دېمىسىمۇ شۇ چاغدا ئىلاخۇنوۋ ئۆز «كونسېرتى» ئالدىدا كوچىدا كېتىپ بارغان بىر ئايالغا ئادەمنىڭ كۈلكىسى كەلگۈدەك تىزىغىچە ئېگىلىپ ئەجايىپ سالام بەجا كەلتۈرگەن، بىر قولى بىلەن يول ئۈستىدىكى تېرەكنى قۇچاقلاۋېلىپ، بىر قولى بىلەن ئۆزىنىڭ ناخشىسىغا ئۆزى دىرىژورلىق قىلغان، پەقەت كېيىن «تاماشىبىنلار»

تويى ئالدىدا رەڭسىنى بايقاپ قېلىپ، ئاخشىمىنى توختاتقان ۋە بىردىن مەيۈسلىنىشكە باشلىغان...

توگمەننىڭ ئىشى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەر قانداقتۇ ئىيۇل ئېيىنىڭ بېشىدا، ئېھتىمال، ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى، ئىيۇن ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، ئېتىزلاردا بۇغدايلار يېڭىدىن چۈرۈچ بولۇپ، ئالتۇن رەڭگە كىرىشكە باشلىغان چاغدا چىققىدىغان دېخانچىلىق ئىشلىرىنىڭ توگمەن توغرىلىق ئوي - پىكىرلەرگە ئوتروق بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى، سۆزسىز، ئەلۋەتتە...

شامال يالاپ، ئويمان - چوڭقۇر بولۇپ كەتكەن تاملار بىلەن قورشالغان كىچىك كىنە ھويلىمىز، ئۇنىڭدىكى ئىككى تۈپ ئالما ۋە شىپاڭ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاماشەمگۈل، چىنىگۈل ۋە مەخمەلگۈللەر ئېچىلغان گۈلخان ھازىرمۇ ئېسىمدا، يەرگە كلىيونكا سېلىنىپ، ئۇنىڭغا بۇغداي قېلىن قىلىپ يېيىتىلغان ئىدى... ئانام بولسا پايپېتەك بولۇپ، بۇغداي ئارىسىدىن بۇيا، قەھرى، قارىمۇقلارنى تېرىۋاتاتتى...

بىر چاغدا ياشانغان بالقار خوشنىمىز - ئانامنىڭ دوستى شەرىپە ئارقا تەرەپتىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يەرگە ئولتىرىشىپ كەتكەن زەي، پاكا ئۆيى ياگىيو ئېتىزنىڭ يېنىدا ئىدى.

ئۇ ئاپامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- چولپانخان،- دەپ ئۇن قاتتى. ئاپلم چۆچۈپ كەتتى.

- ۋىيەي، قورقىتىۋەتتىمىز؟

- قورقىتىۋەتمەي.

- قويساڭچۇ، مەن مۇنداقلا كەلدىمغۇ...

- ئوغرى مۈشۈكتەك دېگىنە.

- بەلكى ئۇنداقلا ئەمەستۇ؟

- ياق، سېنىڭدىن چۆچۈپ كەتتىم.

- سەن چوڭقۇر خىيالغا بېرىلىپ كەتكەن - شۇنىڭ ئۈچۈن قورقۇپ كەتتىڭ...

مەن بولسام، چولپانخان، پەلەزگە ژىقىلىپ چۈشۈپ، پاقىنى دەسسەۋالدىم. پاقىنى جىنىمدەك ئۆچ كۆرەتتىم.

- دېمەك، سەنمۇ قورقۇپ كەتكەن ئېكەنسەن.

ئۇلار بىر دەقىقە كۈلۈشتى.

شەربەت ئاپامنىڭ يېنىدا چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ، بوغدايىنى تازىلاشقا كىرىشتى. دوستلار ماڭا ئېتىۋار بەرمىگەن ھالدا قىزغىن سۆھبەتلەشمەكتە. ئۇز ئارا بىر ئېمىلەرنى دېيىشىپ، قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىدىن خوشال بولماقتا. مەن بولسام ئۇلاردىن ئانچە ژىراق ئەمەس ئالما دەرىخى ئاستىدا كىتاپلارغا كۆز ژۈگەرتىپ، ئوقۇشقا چۈشۈش ئۈچۈن ئېمتىھانلارغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم.

— چولپانخان، ئەتە ئوغلۇڭنى تۈگمەنگە ئەۋەتەمسەن؟

— شۇنداقمىكىن، — قىنجىلدى ئاپام.

— نېمىشكە؟ ئەتە — ئۈگۈنلۈككە بارىدىغۇ، بەرى بىر ئەمەسمۇ؟

ئاپام جىم بولۇپ قالدى.

— نېمە ئۈچۈن ئەۋەتمەيدىغانلىغىڭنى بىلىۋاتىمەن... بىر كۈن ئىلگىرى نان يېقىش كېرەك — دېمەك، ئوغلۇڭنى بىر كۈن ئىلگىرى ئۇزۇتۇشۇڭ كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— سەن ژىراقنى كۆرىدىغان ئايال، بىراق پەلەزدىكى پاقىنى كۆرمەيسەن، — چاقچاق قىلدى ئاپام.

— شۇنداق، چولپانخان، — دەپ خۇلاسە چىقاردى شەربەت، — ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ ئەجەپلىنىدىغان ھېچ ئىش يوق، — پەقەت كۆڭلۈڭنىڭ ئۇنىمايۋاتقىنى: باللىرىڭنى ئۇز يېنىڭدىن ژىراقلاشتۇرغۇڭ كەلمەيدۇ. ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ چوڭ ئوغلۇڭ داۋۇت ئون سەككىزگە كىرىپ، قانات — قۇيرۇغىنى ياساشقا باشلىدى، ئىككىنچى ئوغلۇڭ ھۇسەنجانمۇ چوڭ بولماقتا... ئۇلارنى قانچە يېنىمدا تۇتىمەن دېگىنىڭ بىلەن بەرى بىر تۇتۇپ قالالمايسەن...ئۇچۇپ كېتىشىدۇ...

يېقىنقى بارلىق ئىشلا رمۇ ئېسىمدا. مەن ھازىر ئاپام بىر چاغلاردا تۈگمە نگە يولغا سالىدى- غان داۋۇت ئە مەس . يېشىم ئە للىككە ئاتاپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئويمان . چوڭقۇر يېزا يولىدا ئورۇندۇغى قاتتىق (گازىكتا)ژۈرۈش مېنى ئانچىلا خوشال قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن جىيەنىم، كولخوز پارتورگى راخىش بىلەن ئېتىز ئارىسىدىكى ئوڭغۇل — دوڭغۇل يولدا كېتىۋاتىمەن. سۈزۈك ئاسمانغا باقسام، قەلبىم يورۇغاندەك بول- دۇ. ئۇزەمنى گويا يېقىندا بېغىر ئوپېراتسىيەسىنى باشتىن كەچۈرمىگەندەك، باللارنى ئەللەي قىلىدىغاندەك (ئو — شپا) دەپ ئاتىلىدىغان كىچىككىنە سېرىق دورىنى ئىچمىگەن- دەك، ھېس قىلدىم. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە مېنىڭ قەلبىمگە پۈتمەس. تۈگمەس

شاتلىق بەخش ئەتكەندەك بولدى: يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە پايانسىز ئاشلىق دېڭىزى سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بىر تولۇق پىشىپ يېتىلىشكە ئاز قالغان بۇغداي شاڭلىرىنى ئارىلاپ ماڭدۇق، راخش سەلكىن شامالدا چايقىلىپ تۇرغان ئاشلىققا نەزەر تاشلاپ يە ماڭا، يە ئۆزىگە، يە ئېتىزغا! مۇراجىئەت قىلغىنىنى بىلمەيمەن، مۇنداق دېدى:

— مانا، ئوما ۋاقتىمىز يېتىپ كەلدى. يەنە بىر - ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن يېڭى ھوسۇلنىڭ نېنىغا ئېغىز تېگىمىز.

«ئوما بىلەن نان ئوتتۇرىسىدا تۈگمەن بار، قانداق ئاددىي فورمۇلا». — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى مەنتىقەن تولۇقلىدىم مەن...

5

...بۇ ۋاقىتتا ئاپام شەرىپە بىلەن ئوتتۇر تۈگمەنگە ئېلىپ بارىدىغان تاش يولغا تۇتاش يېزا كوچىلىرىنىڭ بىرىدە زىنەتۇللا ئىلاخۇنوۋ كۆرسىتىۋاتقان «كونسېرتتىن» بىخەۋەر ھويلىدىكى ئۈگۈتنى تاغارلارغا قاچىلىدى.

ئامما رەئىسنىڭ ئىلاخۇنوۋقا تىكىلىپ قارىشىدىن «كونسېرت» تۇيۇقسىز توختىدى. بىچارە تۈگمەنچى خېلە سەگىپ قالدى.

رەئىس بۇ يەرگە تۆرت چاقلىق خادوق بىلەن كەلگەن. ئۇ چاغلاردا، ئەللىكىنچى ژىللارنىڭ بېشىدا، كولخوز باشلىقلىرى ئەينە شۇنداق رېسسورلۇق بىر ئات قوشۇلغان «يېنىك» ھارۋىلاردا ژۈرىدىغان.

زىنەتۇللا رەئىس بىلەن تەسادىپى ئۇچرىشىپ قېلىپ: «بۇ نەدىن پەيدا بولغاندۇ؟» — دېگەن پىكرىنى خىيالىدىن كەچۈردى ۋە گويا قىلىپ قويغان بالىلاردەك بىردىن توختاپ قالدىدە، ئۇ قۇچاقلاپ تۇرغان تېرەكتىن قولىنى بوشىتىپ، يەرگە قانداقتۇ بىر تۈگۈننى چۈشىرىپ قويدى.

— نېمىگە توپلىشىۋالدىڭلار؟ ھەقسىز كونسېرتنى تاماشا قىلىۋاتامسىلەر؟ دەرھال تارقىلىڭلار! — دېدى رەئىس «تاماشىبىنلارغا» غەزەپلەنگەن ھالدا، ئۇلار كەينىگە داجىشقاندىن كېيىن يەنە زىنەتۇللاغا ياڭلىۋاشتىن كۆز تىكتى: — مانا بىزدە قانداق ئارتىستلار بار! ئېھتىمال، كۆيۈپ كەتكەن تېئاتىردىن كەلگەنسەن! قېنى، ئارتىست، ھارۋىغا چۈش، ئېلىپ قوياي!

تۈگمەنچى چۈشەنمەي، ئېلىڭ - سېلىڭ قاراشقا باشلىدى.

— مەيەگە دەۋاتىمەن — ھارۋىغا.

زىنەتۇللا تۈگۈننى ئالدى، لېكىن پۇتىدا تۇرالماي، گويىيدە يەرگە ژىقىلدى، يەنە بىر ئاما-

للاپ تۇردى، كېيىن بولسا گويا ئۆزىنىڭ ساق ئېكەنلىكىنى دەلىللىمەكچى بولغاندەك ھاۋۇغا قاراپ ۋۇگىردى ۋە تۇگۈچنى ئوتقان بويىچە ئۇ جاقلا قىلىپ ھاۋۇغا ئولتاردىدە، ئۆزىنى نەيپلىك ھېساپلاپ ھېجايدى.

ـ ھەي، ئىلاخۇنۇۋ! ـ رەئىس يولدا كېتىۋېتىپ تەشۋىش بىلەن بېشىنى ئىغاڭلاتتى.ـ بىز ئۇنىڭغا ئېگىلىكتىكى جاۋاپكەرلىك ئۇچاستكىنى، جا ـ ۋاپ ـ كەر ـ لىك ئۇچاستكىنى ـ رەئىس بۇ سۆزنى ئالاھىدە ئورغۇ بىلەن ئېيتتى. ـ ئىشىنىپ تاپشۇرۇمىز! ـ ئۇ بولسا؟ رەئىس «چۇ!» دەپ بوجىلار بىلەن ئاتنىڭ بىقىنىغا ئۇرۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى: تۇگمەن ـ بۇ سېنىڭ ئىچىۋېلىپ ئېيتىدىغان ئاخشاڭ ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك، ئۇ ئاخىرقى سۆزنى بۇلەكچىلا قەيت قىلدى.

راست، ـ دېدى زېنەتوللا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ.

ـ تۇگمەننى تاشلاپ كەتتىڭ...

ـ مەن... تۆمۈرچىلىك ئىشخانىسىدا بولدۇم.

ـ ئىشخانىدا ئەمەس ـ قاۋاقخانىدا! تۇگۈچىڭدىكى نېمە؟ ـ رەئىسنىڭ يۈزىدىكى جىد ـ دىيلىك ئوچۇق كۆڭۈللۈك بالىلارچە قىزىقىش بىلەن ئالماشتى. ـ كۆرسەتكىنە.

ـ ھېلىقى...

ـ قېنى، كۆرسەت.

تۇگمەنچى تۇگۈچنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىسكىنە، تۆمۈر ستېرژېنلار بىلەن بىر نەچچە موي قەلەم ۋە باشقىلارنى كەڭرى سېلىنغان ھاۋۇغا تۆكتى...

ـ ئوھو، ـ دېدى رەئىس ۋە خىجالەت بولغىنىنى يوشۇرغاندەك ئەسنىدى.

ـ تۆمۈرچىلىك ئىشخانىسىغا باراتتىڭمۇ...

تۇگمەنچى رەئىسنىڭ كەيپىياتىدىكى يۇمشاقلىقنى كۆرۈپ خېلە يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى، لېكىن نەپسۇسكى، ئۇ ئۆزۈنىغا سوزۇلمىدى، رەئىس يولۇۋچىنىڭ يۈزىدىكى كىچىككىنە خوشاللىقنى كۆرۈپ، يەنە باشقىدىنلا قاپىغىنى تۈرۈۋالدى.

ـ بەلكى، بۇفېتقا ماڭغانسەن، ئۇيەردىن... ـ رەئىس تۇگمەنچىگە بىر دەقىقە گۇمان بىلەن قارىدى، ـ يول ئۈستىدە... تۆمۈرچىلىك ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۆتتوسەندە...

ئېيتقاندەك، بۇ سوئال، باياتىن بېرى يۈز بەرگەن كۆپلىگەن باشقا ئەرسىلەر تۇگمەنچىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. «ئۇ نېمە قىلماقچى؟ـ مەخستى كۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇچۇغىنى ئېيتسىمامدىكىنە؟ بىر يامانلىققا بانە ئىزدەۋاتامدۇ؟» «يامانلىق» بىرلا ئەرسىنى ـ

تۇغمەننى ئېگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنى بىلدۈرەتتى. بۇ يەرگە، تۇغمەنگە، ئىلگىرى تۇغمەنچى بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر مەركىزىي ئوسايدىبەدىكى ياغاش-چىلىق كەسپىدىن ئالىنىپ ژۇرگەن رەئىسنىڭ قۇدىسى توغرىلىق بەزى ئاپقاچتى سۆزلەر يېتىپ كەلگەن، رەئىس ئەينە شۇ قۇدىسىغا زىنەتۇللىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ بېرىشنى كۆزلەۋاتماي-دىغاندۇ؟ زىنەتۇللا تۇغمەندىكى ئىشنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى، ئۇنىڭدىن جۇدا بولۇش گويا پاجىئە بولۇپ ھېساپلىناتتى. ياق، ئەلۋەتتە ئۇ ئىشسىز قالماتتى. ئۇنىڭ قولىدىن ھېچ قانداق ئىش قېچىپ قۇتۇلمايدىغان! ئۇنىڭ قولىدىن ياغاچتىن، تاشتىن ھەر خىل نەرسىلەرنى ياساش كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ خالىسا، ياغاشچىلىق ياكى تاشتىن بۇيۇملارنى ياساش ئىشخانىلىرىغا بېخۇدۇك ئىشقا ئورۇنلىشالاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇغمەندىن ئايرىلىش دەھشەتلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەلبىنى ئازاتلىققا چىقارغان ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇش دەھشەتلىك رەئىسنىڭ باياتىن ئېيتىۋاتقانلىرى ئەينە شۇ «يامانلىققا» قىلىنغان نازۇك ئىما - ئىشار ئەمەسمۇ؟

- ھەي، ئىلاخۇنۇۋ، ئىلاخۇنۇۋ! سېنى ئۆلگىچە ساۋاش كېرەكتى، بىراق سەن بالا ئەمەس سەندە.

زىنەتۇللا چىدالمىدى . ئەگەر بۇ تەنە - تاپىلارغا قانداقتۇ بىر بۆلمىدە دۇچار بولغان بولسا ئېھتىمال، ئۇ - زىنەتۇللا، ئۆزى چىلانى يېشىپ، ئۆزى شۇنقنى بېرىپ: مەن ئەيىپلىك مەرھەممەت، قېنى ئۇر، - دېگەن بولار ئېدى.

- مېنىڭدىن ئۆلگە ئال، - دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى رەئىس. - ئېمە ھەققىدە دەمسەن؟ مەن بۇ مۇدھىش «ئىلانغا» قاراشتىن سەسكىنىمەن. ھاراقكەشنى كۆرسەم زەردەم قاينايدۇ ھاراق - ئەگەر بىلىشنى خالىساڭ، پەقەت ئۆزەڭگىلا دۈشمەن ئەمەس، بەلكى دۆلەتكىمۇ بىلىپ قوي، دۆ- لەت- كىمۇ - دۈشمەندۇر!

زىنەتۇللا رەئىسنىڭ بۇ دانالىق بىلەن ئېيتىلغان سۆزلىرىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە «توغرا» دېگەندەك بېشىنى ئىغاڭلاتتى.

- مەن فېرمىغا مېڭىۋېدىم. سېنى ئالغاچ، تۇغمەنگىمۇ بېرىپ كېلەي. تۇغمەندىكى ئىش لىرىڭ قانداق كۆرۈپ باقاي...

ئېيتىلغان سۆز ئورۇنلاندى.

رەئىس تۇغمەن تېررىتورىيەسىنى يېرىم سائەتچە ئايلاندى، ھەممە نەرسىنى كۆزدىن كەچۈر

دى،قېقىلغان مىقلارغىچە تەكشۈرۈپ كۆردى. ھەتتا ئۇ بۇ يەردە تەسادىپى ئۆز ئىمزاسىنى قالدۇردى. ئۇن چۈشىدىغان ساندۇقنىڭ ئۈستىنى ئاپپاق توزاڭلار قاپلىغان ئىدى. ئۇ ئۇنىڭغا بارمىقى بىلەن ئاۋتوگراف تېرىقسىدە ئىمزا چېكىپ، ئاستىغا 1953 – 14/VII دەپ كەلگەن ۋاقتىنى يېزىپ قويدى. ئۇ تۈگمەن تېشىنى تۇتۇپ كۆردى، تۆرت تەرىپى ياغاچ-لار بىلەن قاپلانغان سۇ چۈشىدىغان ئۇ تەرەپكە چىقتى، سۇنى ئېچىپ، توختىتىدىغان چۈشۈرگىنىمۇ سىنچىلاپ كۆزدىن كەچۈردى: بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ھەممە يەرنى قاراپ كۆردى. لېكىن ئەيىپلىگىدەك ھېچ نەرسە تاپالمىدى: ھەممە يەر تازىلانغان. ئۇدا – لەش، ئۈستەڭ بويىدا – ئوت – چۆپمۇ كۆرۈنمەيدۇ. رەئىسنىڭ بىردىن بىر بايقىغىنى، ئۇ ھازىرلا ئۆز ئىمزاسىنى يېزىپ قالدۇرغان ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى ئۇن توزاڭلىرى بولدى. تۈگمەنچى بۇ توزاڭلارنى ھۇرۇنلۇقتىن ئەمەس، بەلكى ياخشىلىقنىڭ بەلگۈسى دەپ تازىلىمىغان ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇن توزىڭى پەسكىنا چاڭ ئەمەسقۇ! ئۇن توزىڭىسىز تۈگمەن بولامدۇ؟.. ئىشلەۋاتقان تۈگمەن تېشى ياخشىمۇ، ئۇننى ياخشى چىقىرالامدۇ دېگەن مەسىلىمۇ رەئىسنىڭ دىققەت نەزەرىدىن چەتتە قالمىدى، ئەينە يېڭى تاشلارمۇ تەييارلىنىپتۇ.

كولخوز رەئىسى زىنەتۇللىنىڭ ئىلگەركى تۈگمەنچىلەر تەرىپىدىن ياسالغان، ئانچە چوڭ بولمىغان ئۆيىنىمۇ كىرىپ كۆردى. پاكا، كۆرۈمسىز بۇ ئۆينىڭ ئىچى ئىلاخونوۋنىڭ تۈگمەن ئىگىلىكى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرغان چوڭ ئىشلىرىغ سېلىشتۇرغاندا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەتتى. ئۆيدە كۆزگە ئىلىنغىدەك ھېچ نېمە كۆرۈنمەتتى: پەقەت بەلدىڭ، تام يېنىغا قويۇلغان كارىۋات، ئوتتۇرىدا ئەتراپىغا بىر نەچچە ئورۇندۇق تىزىلغان ئۈستەل، ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەچچە كىتاپ تىزىلغان تەكچە، ئۇنىڭدىن سەل نېرىدا، ياندىكى ئۆيگە كىرىدىغان ئىشىك يېنىدا ئاكۋارېل بىلەن سىزىلغان، تېخى پۈتمىگەن پىلانشىتقا تارتىلغان رەسىم، ئېدەندە – مويقەلەملەر سېلىنغان ئەينەك بانكا... تۇراتتى.

زىنەتۇللا تۇگۇچتىكى ئىسكىنىلە رنى بەلدىڭگە قويۇپ، مويقەلەملەرنى بانكىغا سالدىدە، رەئىسنى كۈتمەستىنلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، لېكىن بىردىن ئۇخلالمىدى.

6

- تەنتەكلىك قىلىۋاتامسەن نېمە، - دېدى رەئىس سۆزلىگەن پېتى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ۋە پلانشېتتىكى ئاكۋارېل بىلەن سىزىلىپ تاماملانمىغان رەسىمگە نەزەر تاشلاپ.

توگمەنچى رەئىسنىڭ ئاھاڭىدىن باياتىن بېرى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز گەپلەرنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىگەندەك بولدى. «ئۇ توگمەنگە بىكار كەلمىدى. تايلىق، بىرەر نەرسە توغرىلىق كېلىشەلمەيۋاتسەن، رەئىس. ئۇنىڭ نەگە تەسادىپى، نەگە مەخسۇس كەلگىنى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىش كېرەك. قىزىمنىڭ كۆڭلىدىن چىقىش ئۈچۈن رەئىسنىڭ ئورۇن ئىزدەۋاتقانلىقى ۋە بۇ ھەقتە تارقالغان سۆز- چۆچەكلەردە بىرەر ئاساس بارمىدۇ؟»- مەيۈس ھالدا ئويلىدى ئۇ.

- تەن تەكلىك قىلمايۋاتىمىز،- دېدى توگمەنچىنىڭ ئايالى ئېرى ئۈچۈن جاۋاپ بېرىپ.

- سىز نېمە، ئېرىڭىزنىڭ يېنىدا ئادۋوكاتلىق قىلىۋاتامسىز؟

- ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى يوقما؟

- ئەلۋەتتە، شۇنداق. ئەندى ئۇنىڭدىن بىر ئېغىزمۇ سۆز ئاڭلالمايسىز.

- قانداقلارچە؟

- مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ژىللا تۇرۇۋاتقىنىم يوق، نېمە دەۋاتقىنىمنى ياخشى بىلىمەن.

توگمەنچىنىڭ قەلبىنى ھە ر خىل ئويلار چۇلغاۋالدى: ئەرنىڭ ئىشىغا ئايالنىڭ چات كىرگىنى ئۇيات بولدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن رازى، ئۇزى «تىلسىز» ياتسىما، ئورنىدا تىش ئۈچۈن دەسسەپ تۇرىدىغان ئادىمى بار. تېخى تەشۋىش پۈتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە قانداقتۇ بىبەرۋالىق ھېسسىياتى پەيدا بولدى.ئۇ يالغاندىن ئۇخلاپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يە ماختاشنى، يە ئەيىپلەشنى بىلمەي،«ھەجەپمۇ جاۋلداپ كەتتا، مونۇ ساراڭ»- دەپ ئويلىدى.

- ئۇ مەسىمۇ نېمە؟

- نېمە دەۋاتىسىز! ئېھتىمال، ئىزا تارتىۋاتىدۇ...

توگمەنچى بەرى بىر يالغاندىن ئۇخلالمىدى، ئويىدە ۋاي - چۇڭ بولىۋاتسا، ئۇخلاش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ سۆھبەتلىشىۋاتقانلارغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ ۋە ئۇ بېقىندىن بۇ بېقىنغا ئورۇلۇشكە باشلىدى.

- ئومۇسچان! - رەئىسنىڭ ئاۋازىدىن كۆڭۈلسىز تەنە ئاڭلاندى.

- تۇرۇۋاتقىنىمىزغا بىر ژىللا بولغىنى يوق، - تەكرارلىدى توگمەنچىنىڭ ئايالى. ئۇ مېھ-

مانغا بىر چىنە چاي سۇندى.ــ ئۇنىڭ توغرىلىق ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن.
ــ قانداق گەپلەرنى؟
ــ كۆپ ئىچكىدەك...
ــ يالغان دەپ ھېساپلامسىز؟
ــ ياخشىراق ئويلاپ بېقىڭ: ھەقىقەتتى بىر تېيىنلىق، تۆھمەتتى بولسا ئون سوملۇق.
ــ قىزىق ئەرسىلەرنى ئېيتىۋاتىسىز، ــ رەئىس ئايالغا يېقىنراق سىلجىدى، ــ ھېچ قاچان مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان ئېدىم.
ــ ھەممە بىلىدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن.
ــ قېنى؟
ــ ئېمىسى «قېنى»؟
ــ رەئىسكە چۈشەندۈرۈڭدە: بىر تېيىن قەيەردە، ئون سوم قەيەردە.
ــ سىز ــ رەئىس، مەسىلىگە چوڭقۇرراق چۈكۈڭ، شۇ چاغدا بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشكىمۇ ھاجەت قالمايدۇ.
ــ ئېھتىمال، مەن، پىكرى قىسقا دەسلەپكى كۈچمەنلەرنىڭ ئەۋلادى. ئەسلىمىز شۇ قاراڭغۇ دېخانلاردىن، ــ ئۇ ئۆيدە كۆرۈنمەيدىغان كىمدۇ بىرىگە ئىشارە قىلىۋاتقاندەك ھېلىگەرلىك بىلەن كۆزىنى قىستى ۋە ئۇنىڭ بىلەن: لېكىن بىز ئەقلىمىزدىن ئاداشمىغان، ھەممە ئەرسىنى سېزىپ تۇرىمىز، دېگەن پىكرىنى ئېيتماقچى بولدى.
ــ ئەرزىمەس ئەرسىلەرنى كۆپتۈرىشنىڭ ھاجىتى يوق...
ــ دېمەك، ئىچمەيدىكەندە؟
ــ ئىچىدۇ، بىراق ئاز.
تۆگمەنچى ئايالنىڭ سۆزىدىن رەئىسكە قارىتىلغان ئوچۇق كۆرەش چاقىرىغىنى ئاڭلىدى. «ھەتتەك، ئۇنىڭ ئاغزى يېپىلمايدۇ ئەندى»، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ تەشۋىشلىنىپ ۋە كۆڭلىدە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بىر سۆزنى دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋېدى، بىراق ئوتتۇرىغا تېخىمۇ سوغچىلىق سېلىپ قويماي دەپ، ئۆزىنى توختىتىۋالدى.
ــ سىز خوشنا تۆگمەنلەرنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟
ــ بارالمىدىم. سىلەرنىڭ رەئىسلار كۆر، شۇنداق ئادەمنى خەلق نېمە ئۈچۈن سايلىدىكىن؟ــ رەنجىدى مېھمان.
ــ دېمەك، كۆرۈپسىز.

- ھە، شۇنداق بولسۇن دەيلى.

- «ھەننىڭ» نېمە ھاجىتى - داۋام قىلدى تۈگمەنچىنىڭ ئايالى. - داۋام قىلدى - پەقەت قارغۇ ئادەملا بايقىماسلىقى مۇمكىن: خوشنا تۈگمەنلەرنىڭ ئەھۋالى خاراپ، بىزنىڭچۇ... قاراپ بېقىڭا، - ئۇ دېرىزىنى ئىشارە قىلدى. - نېمىسى يامانكەن؟

- ئىنتايىن ياخشى، قورقىدىغان ھېچ نەرسە يوق، خالىساڭ ئېتقىنا.

- نېمە ئۈچۈن خوشنىلارنىڭ تۈگمەنلىرى شۇنچىلىك ناچار، بىزنىڭ ياخشى كۆرپېقىڭ... چۈنكى بىز ھەممىسىنى ئۆز قولىمىز بىلەن قىلدۇق... سىز بىزگە، كەچۈرۈڭ، يېڭى كەلدىڭىز. ئىشلەۋاتقىنىڭىزغا كۆپ ۋاقىت بولمىدى. ئىلاخونوۋ ئۆلگەن تۈگمەننى تىرىلدۈردى... - ئايال رەئىسنىڭ بوشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تېخىمۇ جىددىي سۆزلەشكە باشلىدى - بۇ ھلراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. چۈشەندىڭىزمۇ؟

- چۈشىنىشلىك. ماقۇل ئىشىنىمەن. ئىشەنگەچكە دەۋاتىمەن، - رەئىس بىردىن ئايالنىڭ سۆزىنى بۆلدى ۋە بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۈستەلنى توكۇلدىتىپ، يەنە كونا ناخشىنى تەكرارلىدى: بىز «كومىنتېرندىن» كېتىپ قالدۇق...

تۈگمەنچى ئايال كۈلۈپ كەتتى.

- كومىنتېرنلىقلارنىڭ تۈگمىنى بىزگە ياقمىدى. ئۇ پەست يەردە تۇرىدۇ...

- قانداق مەنادا؟

- توغرا مەنادا: كۈن چېدىرنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، ئىككىنچى تەرىپىدىن پاتىدۇ... ئىلاخونوۋنىڭ بولسا كلائوستروفوبىيەسى بار... چۈشىنەمسىز، ئۇ كۈن چۈشمەيدىغان غىمسىدا ئۆزىنى ناچار ھېس قىلىدۇ. كلائوستروفوبىيە ئۇنى ئازاپلايدۇ. بۇ يەردە بولسا ئويۇق روشەن، كەڭچىلىك...

- نېمە دەۋاتىسىز، يوپۇتماي دەللىك پاراڭ قىلىڭا، - دەپ ئاچچىقلاندى رەئىس.

- ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن ھەر خىل سۆز - چۆچەك تارقىلىۋاتىدۇ، - بىردىن جىددىيلەشتى تۈگمەنچى ئايال.

- كىم؟

- ئادەملەر.

- كىمگە؟

- سىزگە، باشقارمىغا.

تۇگمەنچى ئەھۋالنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، نارازى بولغاندەك ئۇ ياقتىن بۇ ياققا تولغاندى، ئوخلاۋاتقان بولۇپ، قولىنى كارىۋەتنىڭ يېنىغا ۋاقلا قىلىپ تاشلىدى.

ـ ماڭىما؟ـ دەپ تەكرارلىدى رەنىس.

ـ ئەلۋەتتە، سىزگە. ئادەملەر ھېچ كىمدىن چوچىمەيدۇ.

«ئايال دېگەن! بىلجىرلاشقا باشلىدى!»ـ دەپ ئويلىدى تۇگمەنچى. ۋە بۇ پىكىر ياشلىق چېغىدىكى ۋاقىئەلەرنى ئۇنىڭ ئېسىغا سالدى: ستۇدېنتلار ياتاقخانىسى... بېتون پەلەمپەيدە ئوكچىلەرنىڭ تاقىلدىشى... كۆك كۆزلۈك ياش پوچتاليون قىز... لېكىن بۈگۈنكى ئەھۋالدا ئۇتمۇشنى ئەسلەشنىڭ ھېچ قانداق ئەھمىيىتى يوق... زېنەتوللا بارلىق زېھنى بىلەن تىڭشاشقا باشلىدى.

ـ سىز نېمە، باشقارما، ـ ئايال يەنە رەنىس سۆزى ئورنىغا باشقارما سۆزىنى ئىشلەتتى.ـ تۈگمەننى باشقا بىرسىگە بېرىشكە ۋەدە قىلىۋېدىڭىزمۇ؟...

ـ قايسى تۇگمەننى؟

ـ كولخوزدا بىرلا تۇگمەن بارغۇ.

ـ كىمگە؟!

ـ ئوزبېكىزنىڭ قۇدىڭىزغا دېيىشىدۇ.

ـ مانا قارا! شۇمۇ گەپمۇ! مەن شۇنداق ۋەدە بېرىپتىمەنما!ـ مېھمان غىزەپلىنىشتىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. لېكىن نەق ئەينە شۇ غىزەپلىنىشلەر ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەردى: ئەسلىدە مېھمان ئۆزىنىڭ ئەيىۋنى بىلمەستىن، ھازىرقىدەك، قازاندا قورۇلغان قوماچتەك، سەكرەيدىغان ئادەم ئەمەس ئېدى.

ـ ئاتچە ئوزبېكىزگە ئېيىپ كەتمەڭ.ـ دەپ سۆھبەتنى قىزىلۇق بىلەن يەكۈنلىدى تۇگمەنچى ئايال. ـ ئۇنداق سۆز- چۈچەكلەرگە كىم ئىشىنىدۇ! مەنمۇ شۇنداق دەپ پەملىۋېدىم. بىراق رەئىسمۇ مۇنداق چويلىدا توختىمايدىغان گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋەردار بولۇپ قالسۇن دەپلا ئېيتىپ قويىۋېدىم. دېمەكچىمەنكى، زېنەتوللا يامان ئادەم ئەمەس. ئۇ تۇگمەننى بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئويلاندى، پىلان تۈزدى ئۆلارنى بىر نەچچە قېتىم مۇلچەرلەپ كۆردى، مېنىڭچە، ھېچ كىم بۇ ئىشقا ئۇنىڭچىلىك كۆيۈنمەيدۇ. مانا، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر چاغلاردا پۇتۇنلەي دېگىدەك تاشلىنىپ كەتكەن تۈگمەن ھازىر، ئۆزىڭىز بىلىسىز، رايوندىكى ئەڭ ياخشى تۇگمەنلەرنىڭ بىرى. ھازىرمۇ تۇگمەن ئېگىسىز ئەمەس. بىراق بەزىلەر ياخشىغا يامانلىق تىلەيدىكەن. مەسىلەن، ئالايلۇق، ناچار ئادەملەر سىز توغرىلىق نېمىلەرنى

دېيىشمەيۋاتىدۇ، مېنىڭچە، مۇنداق سۆزلەرنى سىزنىڭ ئابرويىڭىزنى تۆكۈشكە ئورۇنغۇچىلار تۇتۇپ تارقاتماقتا.

«پەملىگەن ئېدىم، چويلىدا تۇختىمايدىغان گەپلەر... ناچار ئادەملەر... ئابرويىنى تۆكمەك-چى... — بېشىنى ئايلاندۇرىۋەتتى! — ئويلىدى زىنەتۇللا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ تەنەجۇيلىنىش ھىسسىياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنى قولايسىز ھالەتتە سەزدى. — ئېيت-قانلىرى كونا شەھەر لوغىتىدىن ئېلىنغان سۆزلەرغۇ! «ئابرويىنى تۆكمەك! ئايالىم ئەمەل-لىيەتتە رەئىسنىڭ مېنىڭ ئورنۇمنى ئۆز قولىسىغا ئېلىپ بېرىش نىيىتى بارلىقىنى بىلەتتىغۇ. ئۇ بۇ ھەقتە ئوچۇق ئېيتمىدى — رەئىسنىڭ دىلىنى رەنجىتمەيدىغان سۆزلەرنى توقۇدى... ئۇ نەدىن شۇنچىلىك سۆزمەل بولۇپ كەتكەن؟» زىنەتۇللىغا ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىنى رەئىسنىڭ باشقا بىرىگە ئېلىپ بەرمەكچى بولغان ھەممىگە مەلۇم مەخپىيىتى توغرىلىق ھازىرلا ئايالىنىڭ سۆز ئېچىپ ئۇنى ھەيلە بىلەن قانداق لەت قىلغانلىقىنى چۈشۈنىش تەس بولمىدى. ئايالىنىڭ تۈگمەن ھەققىدىكى ھېيلىسى: رەئىسنىڭ يە توغرا يولدا مېڭىش، يە ئۆزىنى قوغداش، يە ئويلىغان ھارام نىيەتلىرىدىن ۋاز كېچىشتىن بىرىنى تاللىشى كېرەكلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس ئېدى.



تۈگمەنچى ئاخىرى ئايالى بىلەن مېھماننىڭ سۆزى تۈگمەيلا ئوخلاپ قالدى. ھەقىقەتتىمۇ ئۇ بىر ياخشىلىقنىڭ شەپىسىدىن خاتىرجەم بولۇپ، يېنىك نەپەس ئالغان ھالدا ئۇيقىغا كەتتى، مېھماننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. رەئىس ئۆي ئىچىگە ئاخىرقى رەت نەزەر تاشلاپ پىلانشېتقا كۆزىنى تىكتى ۋە: «تاشلاردىن نېمە ئاپتىڭ — تاش دېگەن تاش... مانا، ژۇگىن...» دېدى. لېكىن تۇيۇقسىز سۆزىنى توختىتىپ، قولىنى سىلكىدىدە، ئىشىككە قاراپ يول ئالدى. ژۇگىن — يېزا كلۇبىنىڭ تار دىم ئېلىش زالىنىڭ تېمىغا ياسىغان كارتىنى-سى بىلەن ئۆزى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇپ كەتكەن كېلىپ — كېتەر رەسسام. ئۇ تامنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدە كارپوۋلىقلار ھېچ قاچان ئاڭلاشقا توغرا كەلمىگەن غەلىتى دەرەقلەرنىڭ غوللىرى بىلەن پۇتاقلىرىنىڭ خۇددى يۈگۈمەچتەك بىر — بىرىگە چىرمىشىپ كېتىشىنى: پەقەت ئادەم ماڭغىلى بولمايدىغان جاڭگاللارنىڭ بىر قىسمىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ماكانلىغان ئەجايىپ ھايۋانلار بىلەن باشقا سەييارىدىن كەلگەن مۇجىزىلەر— قەدىمى ئادەملەرنى

ئەكس ئەتتۈرگەن. ۋۇگىن شۇنداقلا ماي بوياقتا ئىشلەنگەن رايونىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئەمگەكچىلىرىنىڭ يۈزگە يېقىن پورترېتىنىڭ گاللېرىياسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە شۇ كلۇب زالىنىڭ تېمىغا ئىككى رەت قىلىپ ئېسىلغان. بۈگۈن رەئىس ۋۇگىننى نېمە سەۋەپتىن ئەسلەپ قالدى؟ ئۇنىڭ بېشىغا ئېلاخونوۋنى يۆتكەشنىڭ باشقا بىر ۋارىيانتى، ئېھتىمالى، ئۇنى رەسسام لاۋازىمىغا ئۆتكۈزۈش ياكى ئۇنىڭدىن بىراقلا قۇتۇلۇش ئۈچۈن سىرلىغۇچى ئىشىنى بېرىپ قويۇش ۋارىيانتى كەلمىگەندۇ؟..

تۈگمەنچى دەسلەپ قىچقارغان غوراز بىلەن تەڭ ئويغاندى. ئۇ ئۇخلاۋاتقان ئايالى بىلەن بالىسىنى ئويغىتىۋەتمەي دەپ، ئاستا بىلىندۈرمەي كارىۋەتتىن چۈشتى، ئايالى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخشام تەييارلاپ قويغان بىر چىنە قېتىقنى ئىچتى، قوراغا چىقىپ، تۈگمەن تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئانچە چوڭ بولمىغان جىلغىدىكى يوغان تاش پارچىسى يېنىدا توختىدى، ستولبىغا ئورنىتىلغان ۋىكلىيۇچاتىلنى ياندۇرۇۋېدى، ئەتراپنى ئېلېكتىر نۇرى يورۇتۇشقا باشلىدى. زېھنەتوللا بىر پەس ئولتاردى، تاماكا چەكتى، كېيىن بولسا ئاداتتىكىدەك يۆتىلىپ، ئىشقا كىرىشتى. بولقىنىڭ ئاۋازى تاڭ جىم - جىتلىقىنى بۇزۇشقا باشلىدى، بولغۇسى تۈگمەن تېشىنىڭ ئۇششاق ئويمان - چوڭقۇر بېتىدە تاش ئۇگاقلىرى پەيدا بولدى. تۈگمەنچى تاشنى تازىلاپ يەنە بولقا ئۇرۇشقا كىرىشتى.

ئېلاخونوۋ ئىشقا قىزغىن كىرىشكەندە غورازلار خۇددى بىر- بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك «قى - قى - قۇ...» دەپ ئارقا - ئارقىدىن چىللاشقا باشلىدى. تۈگمەنچى بىر دەقىقە ئىشنى توختاتتى، غورازلارنىڭ قىچقىرىشىدىن - قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق، تۈن بىلەن كۈن ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك ھايات چاقىرىغىدىن، گاھ يوقاپ كېتىپ، قايتىپ كېلىدىغان، گاھ قايتىپ كېلىپ، يوقاپ كېتىدىغان قەلبىنى كۆلدۈرگۈچى ئارزۇلاردىن خۇشال بولدى.

كېيىن بولقىنىڭ تاشقا بىر خىل ئۇرۇلۇشىغا ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر ئۇلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۈچىلىشىدىكى ئوقۇش، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋر توغرىلىق ئۆزى ئۈچۈن خۇددى غورازلارنىڭ خورىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بەزى ئىشلار توغرىلىق خاتىرىلەر ئېدى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭۈلسىز، غەمكىن، پۈتۈنلەي دېگىدەك بىر خىل ھايات - تەغدىرىگە شېرىك بولغان بىر چاغلاردىكى ياش پوچتالىيون قىز توغرىلىق خاتىرىلەر.

تۇك! تۇك! تۇك!

ئۈچىلىشى - ياتاقخانە - چوڭ شەھەر... تۇفلىلارنىڭ ئۆكچىلىرى تاقىلدايدۇ، ۋۇرەك

كىمدۇ بىرىنى تەقەززا بولۇپ كۈتتى، ئىشىك چېكىلدى، ئۇ ئېچىلدى ۋە 37- ئۆينىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا پوچتا خادىملىرى كىيىمىنى كىيگەن قىز پەيدا بولدى.

– دەسلەپكى بەش ۋىللىقنىڭ قەھرىمانلىرىغا سالام! – ئۇ ھېچ قانداق خىجالەت بولماس-تىن ھەممىنى سەمىمىي تەبرىكلەيدۇ.

تۇك! تۇك! تۇك!

... ئەپسۇس، پوچتىچى قىز خەت كەلگەن بالىلىرىغا، ئۇلارنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ھېچ قانداق نەزەر ئاغدۇرمىدى – بۇ ستۇدېنتلار ياتاقخانىسىدا ۋە يۇرتداشلار ئارىسىدا ئالاھىدە خىسلەت – خۇسۇسىيەتلىرى تۈپەيلى ئاساسىي شەخس دەپ تونۇلغان بىر يىگىتنى ياخشى كۆرەتتى. سەلىم باراتوۋنىڭ بىر نەچچە ياخشى خىسلىتى بار: بىرىنچىدىن – جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك، سالمىغى نەق ئېغىرلار قاتارىدا فرانسۇز چېلىشى بىلەن جىددىي ۋە مۇۋاپپەقىيەتلىك شۇغۇللىناتتى، ئىككىنچىدىن – ئۆز كۈچىنى داۋراڭ قىلىشنى بىلەتتى، ئۈچىنچىدىن – زىنەتۇللا كۈچلۈك سپورتچىلارنى ئاق كۆڭۈل، خۇش پېئىل ئادەملەر دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى، لېكىن باراتوۋ ئۇنداقلاردىن ئەمەس، شۆھرەتپەرەس. زىنەتۇللا ۋە ياتاقخانىدىكى باشقا بالىلار باراتوۋقا گەپ قايتۇرۇشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. بەزىدە بولسا ئۇلار ھەتتا بۇ گاڭگۇڭدىن تاياق يەپ قېلىش ۋە باشقا كۆڭۈلسىز ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا خۇشامەت قىلىشتىنمۇ يانماتتى. لېكىن، ئەپسۇسكى، چىرايلىق پوچتىچى قىزنى ياتاقخانىدا قىلىدىغان «زىيا-رىتى» پەقەت باراتوۋ بىلەنلا تۈگەتتى: باراتوۋ باشقىلارغا ئوقۇش ئۆيىدە «مەشغۇلات ئۆتكۈزۈشنى» بۇيراتتى...

ئەپسۇس!

زىنەتۇللا ئەينە شۇ ۋاڭ – چۇڭى يېسىلغان يىللارنىڭ ھەر بىر ۋاقىئەسىنى، شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەرنىڭ ھەر- بىرىنىڭ تەپسىلاتىنى ئەسلىدى. بولۇپمۇ ئۇ بىر كۈنى ئۆزىدە تەسادىپىي ھالدا پوچتىچى قىزغا پوچتىنى ئۆيى – ئۆيلەرگە يەتكۈزۈشكە ياردەم بېرىش ئىستىكى پەيدا بولغان چاغنى قانائەتلىنىش ھېسسىياتىدا يېنىپ – يېنىپ ئەس-لەشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ چوڭ شەھەرنىڭ تار، ئىس يېراپ تۇرىدىغان خالتا كوچىلىرى، چىغىر يوللىرى ۋە سوقما تاملىرىدا ماڭغان چاغلىرىنى يىپىدىن – يىڭنىسىگىچە ئەس-لىدى، بۇ كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغان ھۇزۇرلىنىش، خاتىرجەملىنىش كەبى سەزگۈ – ھېسسىياتلىرىنى ئەسكە ئالدى. لېكىن ئۇ ئىلگىرى

بىر- بىرىنى تامامەن بىلمەيدىغان پوچتىچى قىز بىلەن بىللە بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يېقىندىن باشلىنىۋاتقان ئالاقىسى توغرىلىق بىرەر تونۇشىنىڭ باراتوۋقا ئېيتىپ قويۇشىدىن چۆچۈگەنلىكىنى ئەسلەشنى ئۇنتۇمىدى، بەرى - بىر بۇ ئىشلارنى باراتوۋتىن يوشۇرۇپ قېلىش مۇمكىن بولمىدى: باراتوۋ قىزنىڭ «خائىنلىقى» ھەققىدە ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى، پوچتىچى قىزنى، زىنەتۇللا ئىلاخونوۋنىڭ ئالدىدا «ساداقەتسىزلىك» قىلغانلىقى ئۈچۈن خېلە ئوبدانلا دومباللىدى...

... كېيىن ئۇلار تۆمۈر يولچىلارنىڭ قارىماي تاشلاۋەتكەن دەم ئېلىش بېغىدىكى بەلدىڭگە كېلىپ ئولتاردى. پوچتىچى قىز گويا دەردىنى كۆز ياشلىرى بىلەن چىقارماقچى بولغاندەك ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا زىنەتۇللا ئارقا - ئارقىسىدىن پاپىروس چېكىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇراتتى. توغرا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا بۇلغارىدىن تىكىلگەن چوڭ سۇمكا تۇراتتى، ئۇنىڭدا سەھىپىلىرىگە ھەر خىل خوشاللىق ۋە قايغۇ- ھەسرەتلەر يېزىلغان مىڭلىغان خەت، گېزىت ۋە تېلېگراممىلار، مىللىئاردلىغان سۆز- لەر بار ئىدى، شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، قىزنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ھەسرەت ياشلىرى ئەينە شۇ سۇمكىغا تامچىلىماقتا... زىنەتۇللا كۆڭلىدە قىزنىڭ بۇ ئېغىر سۇمكىنى كۆتۈ- رۈپ ئىشلەۋاتقان - غەيرەت - شىجائىتىگە تەسەننا ئەيلىدى ۋە بىردىن ئۆزىنىڭ دىققەت نەزەرىنى سۇمكىدىن يىغلاۋاتقان قىزغا يۆتكىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ نازۇك، ھىمايىسىز قىزغا نىسبەتەن قانداقتۇ بىر مېھىر - شەپقەت، ئەخلاقسىز، چوكچى، لۈك- چەك ۋە رەھىمسىز باراتوۋقا نىسبەتەن نەپرەت، يىرگىنىچ، ئۆچمەنلىك ھېسسىياتلىرى پەيدا بولدى. كۆتۈلمىگەن ھالدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بۇ ھېسسىياتلاردىنمۇ كۈچلىكرەك بىر سەزگۈ ئېگىللىدى: ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئانچە چوڭ ئۇتۇق ئېلىپ كەلمەيۋاتقان ئوقۇشىنى تاشلاشنى قارار قىلدى!.. زىنەتۇللا بۇ چوڭ شەھەردىن دەرھال كېتىشى كېرەك. قەيە رگە؟ پرىنوزورېيگە! يالغۇز ئەمەس، ئىككىسى - پوچتىچى قىز بىلەن بىللە كېتىشى كېرەك! ئەلۋەتتە، ئەگەر قىز ئۇنىسا، ئەگەر ئۇنى كۆندۈرۈش مۇمكىن بولسا...

## 8

سىزنىڭ سۆزىڭىزنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ - پوچتىچى قىز يىغىدىن توختىدى.

- قانداق چۈشەنسىڭىز، شۇنداق چۈشىنىڭ.

- قىزىق ئېكەن! - قىز ھاياجانلاندى ۋە سۇمكىنى تويۇقسىز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنى

ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئىككىسى تەڭ ئىڭىشۋېدى، زەينەتۇللىنىڭ قولى قىزنىڭ قولى ئۈستىگە چۈشتى - ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

- ئېمە، سىز ماڭا تەكلىپ قىلىۋاتامسىز؟

- ئويلىنىش كېرەك.

- ئويلانمىغاندا قانداق؟

- خوپ، تەكلىۋىم.

- خوپ، دېگەننى قويسىڭىزچۇ؟

- دېمەك، راستلا تەكلىپ قىلىۋېتىپسىزدە؟

زەينەتۇللا ھاياتىدا دەسلەپكى قېتىم قەلب سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىپ، ئاخىرى ئېمە بولاردىن ئەنسىرەشكە باشلىدى.

- ياخشى ئويلاندىڭىزمۇ؟

ئىلاخونۇۋ بۇ سوئالدىن ئارازى بولغاندەك يانچۇغىدىن يەنە پاپىروس ئېلىپ يانتۇردىدە، ئۇف تارتىپ، كەينى - كەينىدىن شوراشقا باشلىدى. پوچتىنچى قىز بەرگەن سوئالدىن خىجالەت بولدىمۇ، سۆزىنى تۈزدى.

- بىز تېخى تۈزۈككىنە تونۇشمىدۇق...

- تونۇشۇشقا ئۈلگۈرىمىز.

- ئوقۇشچۇ؟

- قېچىپ قۇتۇلمايدۇ.

- مېنىڭ ئىشىمچۇ؟

- بۇنىڭدىن ياخشىراق ئىش تېپىلىدۇ، - ئۇ سۆزمىگىنا نەزەر تاشلىدى - «جان بولسا - جاھان، ئاش بولسا - قازان» دەپتىكەن...

- دېمەك، سىز مېنى يەر ھايداشقا چاقىرىۋېتىپسىزدە، - دېدى ئۇ ھەم چاقچاق ئارىلاش. «يەر ھايداشقا دەۋاتقىنىنى، سېلىشتۇرغان ئەرسىسىنى قارا، خەپ!» دېدى زەينەتۇللا.

- شۇ كەمگىچە بىر- بىرىمىزنىڭ كۆزىگە تۈزۈگرەك قاراپ باقماپتىمىز، - پوچتىنچى قىز مەڭزىدىكى قېتىپ قالغان ياش تامچىلىرىنى ياغلىقى بىلەن ئېتىپ، زەينەتۇللانىڭ كۆزىگە بىرىنچى قېتىم دىققەت بىلەن تىكىلدى ۋە بىردىن رەسىمچىلىق ئۈچۈلىشىپسىنىڭ بۇ كۆڭلى تۈز ئوقۇغۇچىسىنىڭ قەلبىدە: «ئەگەر رەت قىلسا قانداق قىلارمەن!» -

دېگەن تەشۋىش ھېسسىياتلىرىنى بايقىدى.

— سىزنى «زىننا»، «زىنالا» دەيدۇ، ھەقىقىي ئىسمىڭىز قانداق؟

— زىنەتۇللا.

— چۈشىنىشلىك. مېنى «لىزا» دەپ چاقىرىشىدۇ، ھەقىقەت ئىسمىم لۇئىزا. دادام — نېستون. بىز ئىلگىرى ھېس قىلىشقىنىمىزدىن تامامەن باشقىچە بولۇپ چىقتۇق، شۇنداقمۇ؟

— مەن پويېزغا بىلەت ئېلىش تەرەددۇتىنى قىلىمەن.

— شۇنچىلىك ئالدىراش!

— بىلەتلارنى شەنبىگە ئالىمەن.

— ئالدىمىزدىكى شەنبىگىما؟

— ھە — نە

— ھېچ نېمىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتىمەن، — قىز ژىگىتنىڭ كۆزلىرىگە يەنە دىققەت بىلەن تىكىلدى، ژىگىت بۇ بېقىشلارغا ئاران بىر دەقىقە چىداپ تۇرالىدى، لېكىن شۇ بىر دەقىقە قىز ئۈچۈن شۇ كەمگىچە بايقاپ باقمىغان ژىگىت قەلبىدىكى ھېس — تۇيغۇلارنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك بولدى: «ماڭا رەھمى كېلىپ، شۇنداق قىلىۋاتامىدىغاندۇ؟ كېيىن: مېنى بەرسان — سەرگەردان قىلىپ تاشلاۋەتمەسمۇ؟» — ئويلىدى قىز. ژىگىت گويا بۇ ئالدىراش بېرىلگەن سوئاللارغا ئۇزۇلۇك جاۋاپ بېرىشكە قادىرسىزدەك بىردىن چەتكە بۇرالدى...

زىنەتۇللىنىڭ يولداشلىرى ئۇنىڭ ھايات تەغدىرىدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ تەسادىپى ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ: ئۇنىڭ ساڭا نېمە كېرىگى بار، «تەرجىمە ھالىنىڭ» يامانلىقىنى ياخشى بىلسەن، ئۇنىڭ پەقەت ستۇدېنتلار ياتاقخانىسىدىلا قىلغان ئۇياتسىز ئىشلىرى ئازمۇ؟ — دېيىشكە باشلىدى. ئۇلار پوچىنچى قىزنى شۇنچىلىك يامانلاشتىكى، ئەگەر زىنەتۇللانىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولسا، بۇ قىزغا ئىككىنچى قېتىم يېقىن يولىمىغان بولار ئېدى. زىنەتۇللا ئۇلارنى تىڭشاپ، پەقەت مىيىغىدىلا كۈلۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ زىنانىڭ ئۆزى باشلىغان ئىشنىڭ ھەققانىيلىقىنى بارغانسىرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ بەزىلەردەك پەقەت ئاقنى — ئاق، قارىنى — قارا دەپلا تورۇشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ھېچ كىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەتتى: زىنەتۇللا ئۆز قارارىدا ئۆزىنىڭ مەشۇغىنى تاپقان...

ئۇ بەلگۈلەنگەن ۋاقىتتا تۆمۈر يول ۋوكزالىنىڭ پلاتفورمىسىغا كېلىپ، مەشۇغىنى

كۆتۈشكە باشلىدى. تويۇقسىز زىنەتوللا!- دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى...

ئۇ بۇرۇلۇپ قارىدى - ئالدىدا لۇنزا قاڭشالىق بىر قىز بىلەن تۇراتتى. ئۇ قولىدا چېمودان تۇتقان. شۇ دەقىقىدە ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئۇمۇرباقى بەختىگە شېرىك بولۇش ئۈچۈن ئىشەنچلىك قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۆزىتىپ كەلگۈچى قىز ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، زىنەتوللاغا قولىنى سۇندى ۋە «ئا»نىڭ ئورنىغا كۆپرەك «ئو» ھەرپىنى ئىشلىتىپ، سۆزلەشكە باشلىدى:

- لىزا سىزنى كەلمەيدىكىن دەپ قورقۇپ، بەكمۇ ھاياجانلاندى، ھازىرقى ئەرلەرنى بىلىسىزغۇ، بەزىلىرىگە زادىلا ئىشىنىشكە بولمايدۇ...

لۇئىزا ئۆزىنىڭ قەلب ئەندىشىلىرىنى زىنەتوللىغا بىردىن ئاشكارە قىلىۋەتكەن دوستىنىڭ سۆزىدىن خىجالەت بولۇپ، پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. «توما، بولدىلا»،- دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەندىشىلىرىگە تولۇق ئىقرار بولغان ھالدا. دېمىسىمۇ، ئۇ ئۆۋەتتىكى كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن مۇنداق بولارنى كۈتمىگەن. زىنەتوللا مەن ماروۋژنويې ئېلىپ كېلەي دەپ ۋىژگىرەپ كەتتى. ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى بايقىمىغان توما لۇئىزىغا ئاۋتوماتتەك سۆزلىمەكتە:

- ئوشۇغۇڭ ئالچۇ چۈشتى، لىز، زىنەتوللا ئالتۇندەك ژىگىت ئېكەن: ئەندى ئۇ سېنى بۇلبۇل گوياتەك قولىغا كۈندۈرۈۋېلىپ، كۆتىدۇ. ئامىتىڭ ئوڭدىن كەلدى. بەختسىزلىككە دۇچار بولۇشۇڭ بەختلىك بولۇشۇڭغا ياردەم قىلدى...

...تۈگمەنچى بولىقا بىلەن تاشنى چوقۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ئۆزى كۈلدى: ئېھتىمال، شۇ چاغدا، ۋوكزال پېررونىدا، بولغۇسى ئايالى - لۇئىزا ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشنى قارار قىلمىغان بولسا، رەئىسنىڭ ئاخشامقىدەك چاۋىسى چىنقا يېپىلمىغان بولار ئىدى.

...پويېزد پايانسىز دالالارنى بېسىپ ئۆتمەكتە. دېرىزىدىن ئەجايىپ چىرايلىق مەنزىرىلەر، تونۇش ئەمەس ئادەملەر ياشايدىغان ناتونۇش جايلار خۇددى كىنولېنتىسىدەك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پەيدا بولاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتارغان ياشانغان ئادەم خوشنىسىغا ئاسىيا قىتئەسىدە، قەيەردىدۇ، ختاينىڭ شىمالىدا، بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ياپونىيەلىكلەر تەرىپىدىن سۇنئىي ھالدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن مانجۇ - گو دۆلىتى ۋە شەرقىي ختاي تۆمۈر يولىدا ئاخىرقى ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەكتە. زىنەتوللا بىلەن لۇئىزا ئوتتۇرىسىغا كىچىككىنە ئۈستەل قويۇلغان پلاتسكارتلىق بۆلمىدە بىر- بىرىگە قارىمۇ- قارشى ئولتىراتتى، بىر چاغدا ئىلاخىنوۋ دېرىزىدىن

سۈيى ئەينەكتەك تازا كىچىككىنە ئىككى كۆلنى كۆرۈپ قالدى. «كۆللەر» دېيىشتى ئۇلار تەڭ دېگىدەكلا، كېيىن: «تۇما ئېسكىمونى ھەممىدىن ياخشى كۆرەتتى...»- دەپ قوشۇپ قويدى.

9

دەسلەپ چىللىغان غوراز شۇنىڭ ئۈچۈن يېقىملىقكى، ئۇ ئېتىۋاتقان تاڭدىن خەۋەر بېرىدۇ.

تۈگمەنچى غوراز چىللىغان تاڭ سۈبھىسىنى پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن ياخشى كۆرەتتى. ئىككىنچى قېتىم چىللىغان غورازلار ئۇنى ئۆزىگە ئانچىلا جەلپ قىلمايدىغان، چۈنكى ئۇلار دەسلەپ چىللىغان غورازلاردەك تاڭ جارچىسى، يېڭى ھېسسىياتلار ئەلچىسى بولالمايتتى. ئىشقا قىزغىن بېرىلگەن زېنەتۇللا غورازلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چىللىغىنىنىمۇ ئاڭلىدى.

توك! توك! توك!

ئۆتكەن كۈنلەر خاتىرىسى ئۇنىڭ قەلبىدىن يەنە تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

زېنەتۇللا بىلەن لۇئىزا ـ بولغۇسى تۈگمەنچى ۋە تۈگمەنچىنىڭ ئايالى يېزىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كام سۆزلۈك، زادىلا بەش ۋاق نامازنى تاشلىمايدىغان دىندار موماينىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتاردى.

موماي ئانچىلا كۆپ سۆزلىمەيدىغان، دىندار بولغان بىلەن ئىنتايىن مېھرىۋان، پاك دىل، كۆيۈمچان ئىدى. ھاياتتا ھەر خىل ئادەملەر بارغۇ: بەزىلەرنىڭ تىلىدىن بال تېمىپ تۇرسىمۇ، ئىش ـ ھەرىكىتىدىن زەھەر تېمىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر ژۇگاچىتەك كۆرۈنگەن بىلەن بەكمۇ رۇغۇي، غەيۋەتچى، كۆزى تويمايدىغان ئاتىناپ كېلىدۇ، ئالدىڭدا ھېجىيىپ، كەينىڭدىن نەشتەر سانچىيدۇ، سامان ئاستىدىن سۇ ژۈگەرتىدۇ... بۇ موماينىڭ خۇلقى ـ مىجەزىگە ئۇنداق سەلبىي ھادىسىلەر تامامەن يات. بۇ، ئەلۋەتتە، يېڭىدىن ئائىلە قۇرغان ئۇلارغا ياققان ۋە ئۇلارنىڭ تۇراقلىق ئادرېسىنى بەلگىلىگەن: زېنەتۇللا بىلەن لۇئىزا ئەنە شۇ يالغۇز موماينىڭ ئۆيىدە تۈگمەنگە كۆچۈپ كەلگىچە كۆپ ژىللار ياشىدى.

ئون ژىللىق خاتىرىدە يەنە نېمىلەر قالدى؟

بولغۇسى تۈگمەنچىنىڭ ئايالى ـ ئەسلى ئېستونچە فامىلىسى لىنك دەپ ئاتىلىدىغان

لۇئىزا ئىككى ھۆججىتىنى يېزىش ۋاقتىدا ئېرىنىڭ فامىلىسىگە ئۆتۈش خاھىشىنى ئىزھار قىلدى، لېكىن بولغۇسى تۈگمەنچى ئۇنىڭغا جىم تۇرۇپ نارازىلىق بىلدۈردى، چۈنكى زىنەتۇللا لۇئىزىنى ئۆز فامىلىسىگە ئۆتكۈزۈشنى ئۇنىڭ ـ ئايالىنىڭ ئۆز فامىلىسىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئەركىگە ئەرنىڭ كۈچ بىلەن تەسىر قىلىشى بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئويلىدى. شۇنداق قىلىپ، بولغۇسى تۈگمەنچىنىڭ ئايالى رايونلۇق پوچتامپتقا ئىلگىركىدەك ئادىي پوچتىچى ئەمەس، بەلكى تولۇق ھوقۇقلۇق ئىدارە خادىمى بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئۇ ـ لۇئىزا ئېندېلېۋونا لىنك تېلېگراممىلارنى يوللىدى، خەتلەرگە مۆھۈر باستى، ماركىلارنى چاپلىدى ـ كېيىن پوچتامت باشلىقىنىڭ ئورۇن باسارى دەرىجىسىگىچە كۆتۈرۈلدى. بىر كۈنى زىنەتۇللا پوچتامت خادىملىرىنىڭ ئايالىغا «يولداش لىنك» دەپ مۇراجىئەت قىلغانلىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى!

ئۇ يەنە ئۆزلىرى توغرىلىق توقۇلغان كىچىك رىۋايەتنىڭ شاھىدى بولدى. مەزكۇر رىۋايەت بىلەن مۇنداق سۆزلەر تارقالغان: «ھوي، ھېلىقى بىزنىڭ كۆزگە ئىلماس زىنەتۇللىچۇ ئىشتا پىششىق، زېھنى ئۆتكۈر، ئەجايىپ ژىگىت بولۇپ چىقتى. بولمىسا، بىزنىڭكىلەردىن قايسى بىرى بۇ ژىراق، خىلۋەت يېزىمىزغا لۇئىزىدەك قىزنى ئېلىپ كېلەلىگەن. ئۇنى يە پروفېسورنىڭ، يە ئاكادېمىكنىڭ قىزى دېمەمدا؟!» دېمىسىمۇ ئايالىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بارلىق خىسلەتلىرى: مەسىلەن، يېزىلىقلار ئۈچۈن ئانچە ئادەت بولۇپ كەتمىگەن ئۇنىڭ «شەھەرلىكلەرچە»، ئۆزىنى تۇتۇشى، پەقەت ئۇنىڭغىلا «ئىنجازەت بېرىلگەن» «ھەددىدىن تاشقىرى قىزىق» سۆزلىرى، ئىشقا، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىگە، ئائىلىسىگە بولغان سەممىي مۇھەببەت مۇناسىۋىتى، ھەر قانداق ئېغىر ژۈكنى كۆتۈرۈشكە تەييارلىقى زىنەتۇللىغا ئىنتايىن ياقاتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆتۈلمىگەن، بەزىدە يۈز بېرىدىغان قۇۋلۇق ـ ھېلىگەرلىك، قارا نىيەتلىك ئىشلارغا ئەپسۇسلىنىشسىز بىرلەمتتى، ئەلۋەتتە.

تۈگمەنچى بولۇشقا زەرىيىدىن پەيدا بولغان تاش تۈگاكلىرىنى يەرگە سىرىپ چۈشىرىپ كىچىككىنە دەم ئالدى. پېرۇس چەككەچ يەنە ئويغا چۆمۈلدى...

لۇئىزانىڭ دوستى تومانىڭ پرىنوزىيورېگە كېلىشى ئۇلار ئۈچۈن چوڭ خوشاللىق ئېلىپ كەلگەن.

توما ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە مېھمان بولدى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ شىتىللىقى،

خىرامانلىقى بىلەن كوپ قىزىقچىلىقلارنى قىلدى، ئوچەيلەر ئۆزۈلگىچە كۈلدۈردى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىملىق چاقچاقلاردىن، ئىككى يېقىن دوستنىڭ يوغان سۆمكىلارغا سېلىنغان خەتلەر بىلەن گېزىتلەرنى تېگىشلىك ئادرېسلار بويىچە تارقىتىش ژۇرۇپ، شەھەردىكى ئادەم قايىنىغان كوچىلارنىڭ دوخمۇشىدا تەسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا قوچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ كېتىشلىرىنى، بۇ ئۇچرىشىشتىن خوشال بولۇپ، يۈز بەرگەن يېڭىلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە بىردىن ئېسىگە ئېلىپ يېگەچ، بىللە قايتىدىغانلىقىنى ئەسلەش ـ يادلاشلاردىن باشلاندى...

تۇگمەنچى بۇ ھەقتە ئويلاپ، مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى ـ ئۇ ھەر قېتىم بۇ توغرىلىق ئەسلىگەندە، ئۇنىڭ قەلبىدە قانداقتۇ بىر نارازىلىق ھېسسىياتى پەيدا بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خاتىرىلەر ئۇنىڭ لۇئىزا بىلەن بولغان ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش ھېسسىياتلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەتتى. ئۇ بۇ خاتىرىلەرنى ئەسلىگەندە، كەيپىياتى بىردىن ئۆزگىرەتتى، بەزىدە قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، بەزىدە خوشال بولۇپ كېتەتتى. مانا، ھازىر ئۇ كۈلۈشكە باشلىدى. ئىككى دوست كۆڭۈللۈك مۇڭداشماقتا...

ـ سىنىڭ زىنەتۇللاڭ، لۇئىزا، ھەقىقەتەنمۇ پەرىشتە ئىكەن. خۇدايىم ماڭىمۇ شۇنداق قانات-لىق پەرىشتەلەردىن بىرىنى بەرسە، ـ دېدى. توما ئۆزلىرىدىن ئىككى قەدەم ئېرىدا ئوچاققا ئوت يېقىۋاتقان ئىلاخونۇۋتىن ھايامۇ قىلماي، ھاياجانلىنىشتىن ئۈنلۈك سۆزلەپ.

توماغا لۇئىزىمۇ كۈلۈپ جاۋاپ بەردى:

ـ پەرىشتەلەر ئاسانلىقچە تېپىلمايدۇ، ساڭا باشقىسى چىقىسمۇ ياخشى بولاتتى.

ـ ماڭا ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولسا، ـ دېدى توما خوشال ھالدا، ـ شەيتان بولسىمۇ بولىدۇ.

ـ مورروژېنويېنىمۇ دېگىنە، ـ دەپ قوشۇپ قويدى لۇئىزا.

ـ ئۇنىڭسىز ئەرنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

لۇئىزا بىلەن تومانىڭ سۆھبىتى زىنەتۇللىنى ئانچىلا ھاياجانلاندۇرمىدى. «ياخشى ژىگىت... پەرىشتە... ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ـ ئويلىدى ئۇ، ئوتنى بارغانسىرى ئۇلۇغلىتىپ،ـ قۇرۇق گەپ...»

باياتىن بېرى بولغان ھەزىل پەقەت بولغۇسى كۆلكە چاق ـ چاقلارنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. تومانىڭ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن رايوننىڭ بارلىق پوچتا خادىملىرى دېگىدەك لۇئىزىلارنىڭكىگە مېھمانغا چاقىرىلغان. پاتېفوندا ئەقلىدىن ئازغان «رىتو ـ رىتو» ھازىرلا تامام

بولۇپ ئۇنىڭ ئورنىدا چارچىغان قۇياش ناخشىسى ياڭرىماقتا. مېھمان يەنە دوستى توغرىلىق سۆز باشلىدى، دەسلەپ ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۆي ئېگىسىگە ئىما - ئىشارە رىۋىشىدە بولسىمۇ، كېيىن ئۇ بولغان ۋاقىئەلەرنى ئەينەن ئېيتىشقا باشلىدى. ۋە ئۆزىنىڭ ئەجايىپ سۆزمەل، خىرامەنلىكنى نامايىش قىلدى. «مانا، بۇ لۇئىزا ئېندېلىۋنا،- دېدى توما (ئەندى ئۇ دوستىنىڭ ئىسمىغا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاشقا باشلىدى)، كىچىك ۋاقتىدا كۆپلىگەن قىيىنچىلىق ۋە ئېغىرچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۇ ژىگىرمە جانغا بىر ھاجەتخانىسى ۋە بىر يۈز ژۇيغۇچىسى بار ئۇمۇمىي ئۆيدە ئاغرىق ئانىسى بىلەن كۆپ ۋاقىت ياشىدى، بۇ يەردە، شۇنداقلا، ئىككى تەييارتاپ ئۇنسۇر بولىدىغان، ئۇلار دايىم دېگۈدەك ھەم ھاجەتخانىدا، ھەم يۈز ژۇيغۇچ يېنىدا ئۇزاق تۇرۇۋېلىپ، بۇ ئۆيدىكىلەرنى ژۇگرىتىۋېتەتتى، لۇئىزىدىن باشقا مۇشۇ ئۆستەلدە ئولتارغانلارنىڭ بىرەسىمۇ مۇنداق ئېغىرچىلىققا گىرىپتار بولمىغاندۇ». بۈگۈن تومانىڭ ئاغزى ئېچىلغان، ئۇ ئەينە شۇ روھتا كۆپ سۆزلىدى، لۇئىزىنىڭ «تەرجىمە ھالىدىن» پوچتا خادىملىرىغا ئېيتمىسىمۇ بولىدىغان ئۇرغۇن مەخپىيەتلىكلەرنى ئېچىۋەتتى. ئۇ بۇ يەردە، كارپوۋكىدا، توقۇلغان رىۋايەتنى تېخىمۇ كۆلكىلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. «بۇ رىۋايەتنى ئاڭلاپ، - دەپ داۋاملاشتۇردى توما،- ۋىنىزىنىڭ پېرىشتەسى - زىنەتۇللىنىڭ تورمىزى تۇتماي، ئۆزىنى ئۆستەلگە ئۇرۇۋېلىپ، بىر قوۋۇرغىسىنى ئېگۋېتىپتۇ».

- بولدى، يېتەرلىك، - دېدى ئىلاخونوۋ.

توما بىر دەقىقە جىم تۇرغاندىن كېيىن يەنە باشلىدى:

- سىلەر زىنەتۇللىنى ژۇگاچ دەيسىلەر،- دېدى ئۇ ئولتارغانلارغا قاراپ، كۆزىدە كۈلكىدىن پەيدا بولغان ياشلىرىنى سۈرتكەن بويىچە،- ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە. ئۇ مېنى دۈشمەندىنمۇ ئۆچ كۆرىدۇ، ئىشەنمىسەڭلار دىققەت بىلەن كۆزلىرىگە قاراپ بېقىڭلار، ئۆچمەنلىكنى روشەن بايقايسىلەر...

شۇ كەچتىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن توما پوچتا ئىستانتسىسى بويىچە قوش ئات قوشۇلغان بىرىچكىدا ئۆيىگە قايتتى. لۇئىزا بىلەن زىنەتۇللا تومانىڭ ئالدىراش قايتقانلىقىغا يە خۇشال بولۇش، يە رەنجىشنى بىلمەي، ھويلىدىكى تېرەك ئاستىغا جايلاشقان يازلىق ئاشخانىدا بىر مىنۇت ئولتۇرۇپ، خوشلاشتى.

لۇئىزا ئېرىنىڭ توما ئېيتقان مۈڭگۈزىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قارىدى.

چۈشەنمەيمەن،- دېدى ئۇ،- مېنىڭچە، سىز ئادەتتىكىدەك، ھېچ قانداق ئۆزگىرىش يوق...

شۇ كۈندىن باشلاپ لۇئىنزا توغرىلىق رىۋايەتنىڭ ئانچە ئېتىبارى قالمىدى، كارپوۋكىلار، بولۇپ
مۇ پوچتا خادىملىرى، ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى بارلىق ئىشلىرىنى زېھىدىن ژىگىنسىغىچە بىلىپ
كەتتى. بۇ بولسا باشقىلارنىڭ لۇئىنزىغا بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى خېلە يوقىتىپ،
ئائىلىدىكى ھايات چاقىنى بىر ئاز كەينىگە ياندۇرغاندەك بولدى: ئۇنىڭ كەسپداشلىرىمۇ
لۇئىنزىغا «لۇئىنزا ئېندىلېۋنا»، «يولداش لىنىك» دەپ مۇراجىئەت قىلىشنى تاشلاپ، ئۇنى
ئاددىيلا «لىنزا» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن لۇئىنزا، تەبىئىي ھالدا
ھايات ئۆزگىرىشلىرىگە ئائىلىدىكى تىرىكچىلىككە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلدى...

«خۇدا ھەققى،ـ دەپ ئويلىدى تۆگمەنچى تاشقا زەربە بىلەن بولقا ئۇرۇپ،ـ مەن ئۇ چاغدا
ئۈستەلدە باشقىلار رەنجىگىدەك ھېچ نەرسە دېمىگەن ئېدىمغۇ! دېگىنىم پەقەت بىر ئېغىز
سۆز، خالاس!..»

## 10

تاڭ ئېتىشى بىلەن لامپىچكىنىڭ يورۇغى چۈشمەس بولۇپ قالدى. تۆگمەنچى ۋىكلىيۇچلـ
تېلىنىڭ كنوپكىسىنى بېسىپ لامپىچكىنى ئۆچەردى. بىر چاغدا، ئورۇش راسا ئۇۋۇج ئالـ
غان قىرىق ئىككىنچى يىلىنىڭ نەينە شۇنداق سەھەر پەيتىدە، ئۇ جەڭ مەيدانىدىن قايتقان.
ئۈستىگە يەشىك ۋە باغلانغان ژۇكلەر لىختىشتىپ بېسىلغان پالۇتوركا ئاۋتوماشىنا يولدا
پات ـ پات سۇ توختاپ قالغان كۆلچەكلەرگە چۈشۈپ كېتىپ، پوكزەكتەك قاڭقاتتى.
زىنەتوللا يالغاندىن ئۇگدىگەندەك بولۇۋېلىپ، ماشىنىدا بىللە كېتىپ بارغان ئىككى ئايالـ
نىڭ ئاستا قىلىشۋاتقان سۆھبىتىگە قۇلاق سالدى، ئۇنىڭ دىققىتىنى يېزىدىكى تۆگمەنـ
لەرنىڭ بىرى ئېگىسىز قالغانلىقى جەلىپ قىلدى. «سوراپ باقمەن، يامان ئىش ئەمەس،ـ
دەپ ئويلىدى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ھاياتنى نەڭ باشتىن باشلاپلا مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈش
ئۈچۈن قىلغان قاراردىن خوشال بولۇپ. ئېگىسىز تۆگمەننى فرونتوۋىككە بېرەر دەپ ئويلايمەن».

...ئۇستەڭنىڭ شاقىراپ ئېقىشىدىن ئاران ئاڭلىنىدىغان بولقىنىڭ تاشقا ئۇرۇلغان ئاۋازى
تۆگمەنچىنىڭ خىيالىنى باشقا ياققا ئېلىپ كەتتى. زىنەتوللا ئايالى ھەققىدە ئويلاشقا باشـ
لىدى. ھايات دېگەن قىززىق: ئورنىدىن يېڭى تۇرغان لۇئىنزا بىرىنچى نۆۋەتتە سىيىرنى
سېغىش ئۈچۈن ئېغىلغا ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىيىرنى ئوتلاقىقا ـ ئۇستەڭ بويىغا
ھەيدايدۇ، سۈتنى سېپاراتورغا قۇيۇپ، ماي چىقىرىدۇ، ئۆينى تازىلايدۇ. ئەتىگەنلىك چايغا
تۇتۇش قىلىدۇ... لۇئىنزا ئەتىگەن قىلىدىغان ئىشلىرىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن پات ـ پات

شكاتۇلكىدىكى خەت ۋە سۈرەتلەرنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ــ مەزكۇر شكاتۇلكىنى زىنەتۇللا ئۇرۇشتىن ئىلگىركى ژىللاردا ياغاچتىن چىرايلىق قىلىپ ياساپ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا قىلغان. لۇئىزا بولسا ئۇنىڭدا ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسكە سالىدىغان خەتلەر بىلەن سۈرەتلەرنى ئېھتىياتلىق بىلەن ساقلاتتى. ئۇنىڭدا ئۇرۇش ژىللىرىغا ئائىت ئونلىغان خەت ۋە شۇنچىلىكلا سۈرەت ــ يەنى قايغۇلۇق كۈنلەرنىڭ يالدامىسى بار. ئۇلار سېغىنىشنىڭ قايتىلانماس دەقىقىلىرىنى ئەسلىتەتتى...

«سالام قەدىرلىك لۇئىزا!

...مېنىڭ قەيەردە، نېمە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىشكە ئالدىرايدىغانسەن، ئەلۋەتتە جاۋاپ بېرەي، بىز ھازىر ئۇرۇش بولمىغان بولسا چۆچەكتىكىدەك گۈزەل بولۇپ كۆرۈنىدىغان جايلاردا ژۈرىۋاتىمىز. ئەتراپتا قارىغايلار شاۋقۇنلىماقتا... لېكىن گۈزەللىككە مەھلىيا بولۇشقا ۋاقىت يوق، ھەممىمىزنىڭ ئوي ــ پىكرىنى بىرلا نەرسە ــ ئەتە نېمە بولاركىن؟ ــ دېگەن ۋەھىملىك سوئال ئىگىلىگەن. مېنى ساپيورلار روتىسىغا بۆلدى. بىزنىڭ بۆلۈمگە ياغاچچىلار، ئۇستىلار، كامېنشىكلار ژىغىلغان.

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز كۆۋرۈكلەرنى ئىستېھكاملارنى ياساش، زۆرۈر تېپىلغان تەقدىردە ئۇلارنى بۇزۇۋېتىشتىن ئىبارەت. مەن بۆلۈم باشلىقى ــ كىچىك سېرژانت (مېنىڭ بىلەن چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ!) ھازىرچە تەييارلىنىۋاتىمىز، ئوق ــ دورىنىڭ پۇرىغىنى سەزگۈدەك بولمىدۇق.

لۇئىزا، بىلەمسەن، مەن نېمە توغرىلىق ئويلاۋاتىمەن: ياخشىسى، سەن يەنە يېڭى ئۆيگە (تۇرۇشقا ئەڭ ئەپلىك ئالدىنقى ئىككى ئېغىز ئۆينى كۆزدە تۇتىۋاتىمەن) كۆچۈپ چىق. قىيىن ۋاقىتلار كېلىۋاتىدۇ، ئۆينىڭ ئالدىدا كۆكتات تېرىيدىغان يېرى، يېنىدا سۈيى بار، ياخشى. ساڭا يەنە بىر مەسلىھەت: ئەگەر قىيىنىلىپ قالىدىغان بولساڭ، بۆلمىلەرنىڭ بىرىنى ئىجارىگە بەر، لىملارنى قىشتا ئوتۇن قىل...».

«مېھرىۋانىم زىنەتۇللا!

...يامان ئەمەس، ئېھتىمال، باشقا ئاياللاردىن ياخشىراق ياشاۋاتىمەن، ئۇلارنىڭ بالا ــ جاقىسى بار، مەن بولسام ــ يالغۇز. يالغۇز جانغا نېمە كېرەك دەيسىز؟ ئىلگەركى ئىش ئورنۇمدا، بىراق پوچتىچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. بۇ ئىشقا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن يۆتكەلدىم، چۈنكى باشتىلا ئۆگىنىپ قالغان، ئېغىرمۇ ئەمەس، ئاخچىسى كۆپەرەك، تازا ھاۋادا، ئادەملەر ئارىسىدا ئۇرغۇنراق بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. راستىنى ئېيتسام، مەن ئىدارىدىكى ئىشتىن ئۆز

ئىختىيارىم بىلەن كەتتىم، بۇ توغرىلىق زادىلا ئىچىنمايمەن...

مېنىڭ توغرىلىق ئەنسىرىمەڭ، ئەڭ ئاساسىسى ـ ئۆزىڭىز غەم قايغۇسىز بولۇڭ... «بىر خىلۋەت يېزىدىكى ئىچى كۆپ ـ يالىڭاچ تاقىر ئۆيدە قوندۇق: ئۈستۈمىز يالاڭ، ئۆي سوغ، قوساق ئاچ، يەنە شۇ ئۆيدە بەلدىڭ ئاستىدىن پاتىفون ۋە بىر جۈپ پلاستىنكا ئېھتىۋالدۇق پاتىفوننى ئىشلىتىۋېدۇق، بىلەمسىز، ئۇلارنىڭ بىرى فاكستروت بولۇپ چىقتى، ئېسىڭىزدىمۇ، بىر چاغدا بىز ئۇنىڭ مۇزىكىسىغا: ۋىراق شىمالدا ئېسكىموسلار ۋۇگرىدى، ئېسكىموسلار مورژنىڭ كەينىدىن. بىر ئېسكىموس مورژنى تۇتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا پىچاق ئۇردى...»ـ دېگەن ئاخشىنى ئېيتقىنىمىز. مەن بولسام ئەينە شۇ «مورژ ئۈچۈن ۋۇگرەپ ۋۇرگەن ئېسكىموسلار» ئارقىلىق بىردىن، ئېمىشكىدۇ، بىزنىڭ تومانى ئەسلىدىم ـ مانا قارا، ئۇرۇش دېگەندە ئىمىلەر خىيالىڭغا كەلمەيدۇ...».

...«سىزگە ئىمە بولدى؟ مېنىڭ خەتلىرىمگە ئىمە ئۈچۈن جاۋاپ بەرمەيسىز؟»».

...«ھازىرچە بىنالارنى تورغۇزۇپ ياساشقا قارىغاندا، ئۆزىمىزنىڭ ئىلگىرى بارلىرىنى بۇزۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. قانچىلىك كوروكلەرنىڭ، ئىستەھكاملار بىلەن بېكىتىشلەرنىڭ كەينىمىزگە چېكىنىش ۋاقتىدا تويىسى كۆككە ئۇچتى، قانچىلىك ئادەم كۆچى كۆلگە ئايلاندى!.. بىزدىن، لۇئىزا، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە بىللە بولغانلاردىن ساناقلىقلا ئادەملەر قالدى...».

...«ئەنسىراۋاتىمەن ـ ئېمىشكە خەت يازمايسىز؟..»

...«بۈگۈن مەن چۈش كۆردۈم: چۈشۈمدە سەن دەسسە ئۈرۈلۈپ كېتىدىغان پەلەمپەي بىلەن ئەجايىپ بىر ئېگىز بىنانىڭ ئۈستىگە چىقىپ كېتىۋاتقىدەكسەن، مەن ئارقاڭدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، سېنىڭدىن ئەنسىرەپ: «لۇئىزا، كەينىڭگە قايت!» دەپ ۋاقىرىغىدەكمەن. سەن بولساڭ جاۋاپ رېتىدە بىر ئىمىلەرنى دېگىدەكسەن. ئىمە دېگىنىڭنى چۈشىنەلمەيمەن. بىر ۋاقىتتا قولىغىمغا يەتتى «خەت...» مەن ئۇخۇتۇپلا قېشىمىزدا تۇرغان پوچتاليوننى كۆردۈم ـ ئۇ ماڭا سېنىڭ خەتلىرىڭنى بەردى. بىردىن ئۈچ خېتىڭنى! قانداق خوشاللىق! چۈشۈمنى گويا ئوڭۇمدا كۆرگەندەك بولدۇم، لېكىن يەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا «لۇئىزا ئىمە ئۈچۈن پەلەمپەيدە ۋۇرىدۇ؟» دېگەن ئەندىشە قەلبىمگە ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. مەن خۇراپەتكە ئىشەنمەيدىغان ئادەم، لېكىن».

...«ئىككى جۈپ ۋۇڭ پايپاق، ئىككى جۈپ پەلەي، شارف، ئىسسىق ئىچكى كىيىملەر

ۋە 20 ستاكان ماخوركا ئەۋەتتىم. مۇمكىن، تېنىگىزنى ئازراق بولسىمۇ ئىسىتىپ قالار. مېنىڭ سالدىتىم...»

...«تۈنۈگۈن شۈنچىلىك قاتتىق شامال چىقتىكى، مەن ھېچ قاچان مۇنداق ئەھۋالنى كۆرمىگەن ئىدىم: دېرەكلەر يىقىلدى، بەزى بىر ئۆيلەرنىڭ چېدىرلىرىنى ئېلىپ كەتتى. يەنە شۇ شامالدا مەن پوچتا بىلەن كوچىدا قالدىم. قولۇمدىكى سومكىلىم يەرگە چۈشتى ۋە بارلىق خەتلەر، ئۆلۈم خەۋەرلىرى چېچىلىپ كەتتى...».

تۈگمەنچى لۇئىزا يازغان خەتنىڭ تەپسىلاتىنى ئەسلىدى، ھاۋادا ئۇچۇپ ۋۇرگەن يوزلىگەن ئەغەزلەرنى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆلىنغان ئۆلۈم خەۋەرلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ بۇ ھادىسىدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئاقىۋەتلەرنى ئەسكە ئالدى... رايونلۇق پوچتامتىنىڭ ئار ئىدارىسىدا شامالدا ئۇچۇپ كەتكەن ئۆلۈم خەۋەرلىرى ئەۋەتىلگەن ئۆيلەرنىڭ ئادرېسلىرى ئېنىقلاندى. ھالاك بولغانلارنىڭ ئائىلىلىرى بىلەن ئورۇق تۇققانلىرىغا بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاگلىتىش: «ئۇزەڭ قىلدىڭ ـ ئۆزەڭ ھۆددىسىدىن چىق» دېگەن ئاساستا لۇئىزىغا تاپشۇرۇلدى. لۇئىزا ماقۇل بولۇپ ھەسرەت بىلەن ئادەملەرنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارغا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇ تۇپلانغانلارغا قاراپ پەقەت «يولداشلار!..» دەپلا توختاپ قالدى، گويا تامىقىغا ئۇستىخان تۇرۇلۇپ قالغاندەك، باياتىن بېرى ئويلىغان سۆزلىرى ئېسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۆيكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي، قاتتىق ۋىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىزانىڭ كەينىدىن، ئۇنىڭ ئېيتماقچى بولغىنى قايغۇلۇق خەۋەر ئىكەنلىكىنى بەملىگەن بىر ئايال ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا باشقا ئاياللار ۋىغلاشقا باشلىدى...

«...دەھشەتلىك كۈنلەر كەينىمىزدە قالدى. مەن ھايات ۋە سالامەت. ئۆز خاھىشىمغا باغلىق بولمىغان سەۋەپلەرگە بىنائەن كۆپتىن بېرى خەت يازالمىدىم.مەن، مانا تۆرت ئايدىن بېرى (خۇدا ھەققى، قورقمىغىن!) گوسپىتالدا يېتىۋاتىمەن. بىر بېرىم ئاي ئېگىدەك ھوشۇمغا بىر كېلىپ، بىر كېتىپ تۇردۇم. گوسپىتالغا قانداق چۈشۈپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن مۇمكىن، شۇنداق بولغىنىمۇ ياخشىدۇ.

بۇ خەتنى پوچتىدىن ئەۋەتمەيمەن ـ ئۇنى ئۆزۈم قايتىپ بارغاندا ئۆز قولۇڭغا تاپشۇرىمەن...»

... ئادەم دېگەن قىزىق ئېكەن: تۈگمەنچى گوسپىتالدىكى كۈنلىرىنى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئەسلىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئورۇشتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە يۈز بەرگەن كىچىككىنە «ئەپىزوسلىنىش» ئېگىلەشكە باشلىدى. ئۇ چاغدا ئۇلار دالان ئۆيدە قۇچاقلىشىپ ئىدارـ لاشتى، لېكىن بىردىن ئايالىنىڭ ھەرىكەتلىرىدە قانداقتۇ بىر نەرسىنى ئېرىدىن يوشۇرۇشقا

ئۆرۈنغاندەك ھالەت بايقالدى. زىنەتوللا قانداقتۇ بىر يامانلىقتىن كۆڭلى غەش بولغاندەك، دەرھال دىققەت نەزەرىنى چەتكە ئالدى، كىيىم ئاسقۇچتا ئا تونۇش بىرىنىڭ فورازكىسىنى، ئۇنىڭ ئاستىدا ئۇتۇكنى كۆرۈپ، «ئارمىيەگە چاقىرىلىش ئالدىدا تىككەن ئالما كۆچەتلىرى قانچىلىك بولۇپ كەتتىكىن - قورانى، ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلەي»، - دەپ تالاغا يول ئالدى. ئۇ شۇ چاغدا ئەگەرنايالى بىلەن باشقا بىرەر ئەھۋال يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، شۇنداق قارارغا كەلگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئۇلار ھويلىغا چىقتى. زىنەتوللا ئالدىدا لۆنزا كەينىدە. ئىككىسى پىياز، ساماق، سەۋزە كەيزىلىرى يېنىدىن ئۆتتى. لۆنزا ھېچ قانداق ئاغزى بېسىلماي سۆزلىمەكتە، زىنەتوللانىڭ قەلبىنى بولسا گۇمان چۇلغىغان: ئۇ ھازىر كەينىدە، تايلىق ھويلا ئىشىگىنىڭ ئىچى تەرىپىگە ئورۇ- نىتىلغان ئىلغىر شىرىقلايدىغۇ؟ - دېگەن گۇمان بىلەن قەدەم تاشلىماقتا ئىدى. ئىلغىرنىڭ «تىرىققىدە» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. زىنەتوللا دەرھال ئىلغىرنىڭ ئەكس ساداسىنى ئاڭلاپ ۋە لۆنزانىڭ خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يېنىكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئارىدىن بىرەر يېرىم سائەت ئۆتۈپ، ژۈرەكلەر ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن لۆنزا كۈتۈلمىگەن ھالدا ئىبرىغا تەشەككۇر ئىزھار قىلدى.

- ئىمە ئۈچۈن؟- سەمىمىي سورىدى زىنەتوللا.

- ھەممىسى ئۈچۈن، - جاۋاپ بەردى لۆنزا - ئالدى بىلەن چىدام، بەرداشلىق ئۈچۈن.

- سەۋىر - تاقەت - چىدامنىڭ كىمدە كۆپرەك بولغانلىقىغى ۋە ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ قايسىمىزغا تەشەككۇر ئېيتىشى كېرەكلىكى ھازىرچە نامەلۇم،- جاۋاپ بەردى ئۇ ۋە «ماقۇل، باراي» دېگەن سۆزلەر بىلەن يولغا جابدۇندى.

لۆنزا جىددىي تەشۋىشلىنىپ كەتتى.

- نەگە؟

- «كومىنتېرن» كولخوزنىڭ باشقارمىسىغا،- زىنـەتوللا ئۇنى سەراسىمىغا سالدى - تۇگمەنگە بېرىشنى سوراپ كۆرۈمەن!..

ئۇنىڭ قارارى ئايالىغا كۆپ نەرسە توغرىلىق، لېكىن ھەممىدىن ئەۋۋال ئىنژېنېرلىق ئەسكىرى قىسىملارنىڭ سابىق سالدىتى قاتارىدىكى ساپيور زىنەتوللا ئىلاخونوۋ تەرىپىدىن «تېج ئائىلەۋىي فرونتتىكى» دەسلەپكى مىنا كۆمۈلگەن مەيدان خەتەرسىز بېسىپ ئۆتۈلگەنلىكى توغرىلىق دېرەك بېرەتتى.

ـ نېمە بوپتۇ؟ تۇگمەنگە!ـ تەكرارلىدى زېنەتۇللا ئايالى ئېھتىياتلىق بىلەن ساخلاپ قويغان مويقەلەملەرنى بوش بانكىغا سېلىپ.

## 11

ـ زې ـ نە ـ تول ـ لا ...!

ئۇ ئايالىنىڭ «نا ـ نا ـ نا ـ نا» دەپ سوزۇپ چاقىرىدىغان يېقىملىق ئاۋازىنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىدە ژۇتىمچىلىقتا ئۆسكەن، بەزىدە ئۇنى «زېنەتۇللا»، بەزىدە بولسا ئاددىيلا «بالا» دەپ چاقىرىدىغان، بالىلار ئۆيىدە ژۈرگەندە «زىنا» دەپ ئاتالغان ئۇنىڭغا «نا ـ نا ـ نا ـ نا» دېگەن ئاۋۇش گويا ئۇز بالىسىغا مۇراجىئەت قىلغان ئانىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدەك، بالىغا ھەقسىز ئويۇنچۇق سوغا قىلغان ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىدەك سېزىلاتتى.

لۇئىزا زېنەتۇللانى ئەتىگەنلىك چايغا چاقىردى، لېكىن ئۇ چاي ئىچىشنى خالىمىغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى دىلىغا ئارام بېغىشلىغۇچى يەنە شۇ يېقىملىق ئاۋازنى قايتا ـ قايتىلاپ، كۆپ قېتىم ئاڭلاش ئۈچۈن «ھە» دېمىدى، ئالدىرغىدەك ھېچ ئىش يوق.

... نا ـ نا ـ نا ـ نا...

تۇگمەنچى ئەندى ماگمسلم بولماس، دەپ ئەسۋاپ ـ ئىسكىنىلەرنى تاش ئۈستىگە ژىغىشتۇردى، قۇياش نۇرى تۇكۈلگەن چىمەنزار بىلەن دەسسىسە تاختايلىرى غىچىرلاپ تۇرىدىغان كۆرۈكتىن ئۆتۈپ، كىچىك ئوغلى رەخمىتۇللىنى ئوختىتۇۋەتمەي دەپ ئاستا ئۆيگە كىردى. رەخمىتۇللا بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ، پۇشۇلداپ ئوخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ مىجەزى چوڭ ئوغلى مۇراتقا زادىلا ئوخشىماتتى. ئەگەر ئۇ ھازىر ئۆيدە بولغان بولسا، ئاللىقاچان تۇرۇۋېلىپ، ھويلىدا ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى ياساپ ژۈرگەن بولار ئىدى.

ـ ئاخشامقى پاراڭلار ئېسىڭىزدىمۇ؟ـ دەپ گەپ باشلىدى لۇئىزا ئۈستەل راسلىغاچ قىلغان بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزدىن كېيىن. تۇگمەنچى چاي ئۈستىدە چوقۇم تونۇگۈنكى ئىشلار ھەققىدە سۆز بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

ـ سۆز ـ سۆز بىلەن، ئىش ـ ئىش بىلەن،ـ يېنىك ئېتىراز بىلدۈردى زېنەتۇللا،ـ بەرى ـ بىر رەئىس ھەممىنى بىلىدۇ.

ـ نېمە ئىش ئۇ؟ ـ قىزىقىش بىلەن سورىدى لۇئىزا، ئارىدا قانداقتۇ بىر كېلىشمەسلىك يۈز

بەرگەنلىگىنى كۆتمىگەن ھالدا.

ـ ھەر ھالدا...

ـ نېمىسى «ھەر ھالدا».

ـ بىز مەسىلىگە پۈتۈنلەي ئوبيېكتىپ قارىمايمىز.ـ دېدى تۇگمەنچى. ـ كولخوزنىڭ ئىشى خېلە ئىلگىرىلىمەكتە...

ـ ئۇ ئۇنىڭسىزمۇ ئىلگىرىلەۋېرىدۇ.

ـ ئەلۋەتتە، رەئىس ئۇنداقلاردىن ئەمەس،ـ سۆزىدە چىڭ تۇردى تۇگمەنچى،ـ لېكىن ئوبيېكتىپ بولۇش كېرەك، لۇئىزا...

ـ مەن ئوبيېكتىپ ئايال،ـ ماختاندى لۇئىزا،ـ مەن ئوبيېكتىپ پاراڭ قىلىۋاتىمەن: ئېگىلىك سۆزسىز تۈزەلمەكتە، بۇنىڭدا رەئىسنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا تۈزەلمەكتە. ياخشى ئادەمگە ئېگىلىكتىكى ھەر بىر ۋىنت قىممەت، ياخشى ئادەم ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ... بۇ بولسا تۇرغانلا بىر كۆتەك ھارۋۇ، قالپىغىغا چۈشلۈك ھېچ نېمىسى يوق نېمىغۇ... ئېخى يەنە «ناخشا» دەپ كەتكەنلىرىدىن ئايلىناي...

ـ ئۇ سېنى نېمىشكە شۇنداق دېدى؟

ـ قويسىڭىزچۇ،ـ لۇئىزا قولىنى سىلكىدى،ـ ناخشامقىلارنى ئۇنتۇمىغان بولسىڭىز كېرەك.

ـ كىنونى دەمسەن؟ـ كۆز قىستى تۇگمەنچى.

ـ ناچار كىنو ئېكەن،ـ قوشۇمچە قىلدى لۇئىزا.

ـ ئەرزىمەس ئەرسىلەر.

ـ رەئىسنىڭ قۇدىسى ھەققىدىكى غەرىزىچۇ؟

ـ نېمە قىلالايدۇ.

ـ سىز كىم، ئۇنىڭ قۇدىسى كىم؟ـ ئۇ بومبا ساقالنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

ـ تۇگمەنچى چاينى سۈمۈرۈپ، ئاياللىڭ سۆزىنى ئويلىغان ھالدا تىڭشىدى.

«كونا خامانتى سورۇشنىڭ نېمە كېرىگى بار؟ ـ ئويلىدى ئۇ، ـ تۇگمەنتى باشقا بىرىگە ئېلىپ بېرىش توغرىلىق رەئىسنىڭ ئويىغا رەددىيە بېرىلدىغۇ...

ـ سىزنىڭ خاراپ بولغان تۇگمەنتى ئەكسىگە كەلتۈرگىنىڭىز ئاز ئىشما؟

- ئۇتكەن ئىشقا سالاۋات.

- ئۆز كۈچىڭىز بىلەن قىلدىڭىز! رەنىس ياردەم قىلدىمۇ؟ فېرمىچۇ؟

- فېرما نېمە بوپتۇ؟

- ئۇنىمۇ سىز يالسۇۋېدىڭىزغۇ؟ يوقتىن بار قىلدىڭىز!

زېنەتوللا كۈلۈپ كەتتى: «سېنىڭ، مېنىڭ دەپ چۇشەندۇرۇپ ئولتىرىشتىن نېمە پايدا؟ ياخشىمۇ، يامانمۇ، ئىشلەپ قويدۇم. ئاخىرى يامان بولمىدى.- ياخشى بولدى... بۇنىڭدىن سەنمۇ زىيان تارتىۋاتقىنىڭ يوققۇ؟»

لۇئىزا گويا يېرىنىڭ قەلب كىتاۋىنى ئوقۇغاندەك، بىردىن خاتىرجەم بولدى ۋە پەقەت بىر نەرسىنى قىزىقىپ سورىدى:

- نېمانچىلا تىكىلىپ قاراپ كەتتىڭىز،- شۇ كەمگىچە سەپ سالمىغان بىرەر جايىم بارمىدى؟

تۇگمەنچى خىجالەت بولغاندەك بولدى، ئەينە شۇ چاغدىلا لۇئىزا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

- ئىلاخونۇۋ، ئۇنۇتۇنكى قىلىقلارنى نەدىن چىقاردىڭىز؟ مەن سىزنى ھېلە جىددىي ژۇگاچ نادىم دەپ ئويلاپ ژۇرەتتىم.

- ئارىنى بىر دەقىقە سۈكۈنات باستى. ئۇنى يەنە لۇئىزا بۇزدى:

- سىز پىشونېرلار لاگېرىغا مۇراتنىڭ يېنىغا بارىمەن دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ - سورىدى ئۇ. ئارىلىغى 40 كىلومېترما؟ كۆرۈپ كەلسىڭىز ئوبدان بولاتتى.

- ئالدى بىلەن ئاشنى تەييارلاۋالاي، ئۇنىڭدىن كېيىن...

- ئۇ چاغدا ئۇ يەرگە بېرىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. مۇرات ئۆزى قايتىپ كېلىدۇ. ھەممە ۋاقىت - ئىش، ئىش... گويا بىرسى ئىشقا زەنجىر بىلەن باغلاپ قويغاندەك.

«ئۇتكەن ژىلى شەھەرگە بارمىدىقمۇ؟- ئويلىدى ئۇ- ئۇنتۇپ قالدىمىكىنە؟».

لۇئىزا زېنەتوللاغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ ئايالىنى تىڭشىماي، ئۇتكەن ژىلى شەھەرگە بارغان چاغدا يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەرنى خاتىرىسىدىن ئۇتكۈزۈشكە كىرىشتى... زېنەتوللا كولخوز فېرمىسىنىڭ چېدىرىدا پالتا بىلەن ئىشلەۋاتاتتى، بۇنىڭ ھەممىسى يەنە شۇ يەردىن باشلانغان... تۇۋەندە كىمدۇ بىرى دەسلەپ چىققان «موسكۋىچنى» قاتتىق تورموز بېرىپ توختاتتى.

- چېدىرنى يالىۋېتىپسەندە؟- دەپ سۆز باشلىدى ماشىنىنىڭ ئېگىسى، «پروگرېس»

كولخوزنىڭ تۈگمەنچىسى.

ـ سەن، بايقىشىمچە، خېلە ئۇزۇن سەپەرگە چىقىش ئالدىدىمۇ نېمە؟ـ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاپ بەردى زىنەتوللا.

ـ ھە، ئۇراققا ئاتلانغىلىۋاتىمەن.

زىنەتوللا يېقىنىراق شەھەرنى ئاتىدى.

ـ ئۇنىڭغا يەنە 200 كىلومېتىرنى قوش.

ـ نېمە، بىر ئىش بولدىما؟

ـ ھەسەل ئاپىرىش كېرەك. شەھەردە سىڭلىم بار، ئاڭلىۋېدىڭمۇ؟

زىنەتوللا «ياق» دېگەن ئىشارە بىلدۈرۈپ، بېشىنى چايقىدى.

ـ ئايال خەققە بال كېرەك ئەمەس، پوكەي يېنىدا ئاۋارە بولۇشنى ياخشى كۆرمەيدۇ،ـ دېدى خورسۇنغان ھالدا ئۇ ـ سابىق بال ھەرىسى بېقىش ئىشقىۋازى.

ـ خوشنىلارنى بىردىن قېتىم ئۈيىنتىپ كېلەي دېيىشىمۇ يوق، قارىساڭ كۆندە شەھەرگە قاتناۋاتقان، چاقچاق قىلدى زىنەتوللا.ـ بىرىگە بال كېرەك، بىرى بولسا شەھەرنى كۆ-رۈشكە زار بولۇپ ژۈرىدۇ.

پروگرېسسىلىك تۈگمەنچى قاقاخلاپ كۈلدىدە، ماشىنىنىڭ گازىنى باستى، لېكىن ئۇ 50 مېترچە ئۇزىماستىنلا ماشىنىنى بۇراپ، قايتىپ كەلدى.

ـ ھەي، زىنەتوللا، قېنى چۈش، شەھەرگە كەتتۇق! ـ دېدى ئۇ.ـ سېنى ھارۋامدا راسا بىر شامالدىتىپ كېلەي.

ـ ئەگەر سەن مېنى كىنوغا ياكى... تانسىغا تەكلىپ قىلغان بولساڭ، باشقىچە گەپ بولار ئىدى،ـ دېدى زىنەتوللا ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان ھالدا...

ـ مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

ـ مەنمۇ راست گەپ قىلىۋاتىمەن،ـ دېدى زىنەتوللا، لېكىن بىردىن ئۇز خاتالىنى تۈگەتتى.

ـ راست، شەھەرگە بارساڭ، مېنى ئېلىۋالغىنا.

ـ مەن ساڭا نېمە داۋاتىمەن، گالمۇس؟!

ـ ئانداق بولسا، كىيىممنى يۆتكەپ، ئۆيدىكىلەرگە كىچىككىنە خەت يېزىپ قويا، لۇئىزا كارپوۋكىغا كېتىۋېدى...

ـ قورقما، ئۇگۈنلۈككە ئۆيدە بولىمىز، سېنى زىيان زەخمەتسىز ياندۇرۇپ كېلىمەن.

## 12

... لۇئىزا ھازىر ئېرىنىڭ ئۆتكەن ژىلى شەھەرگە بارغاندا كۆرگەنلىرىنى ئەسلەۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئويى ھازىر ژىراقتا، مەدەنىي تاۋارلار ماگازىنىنىڭ پوكەيلىرى يېنىدا، ئېنىقراقى ئېيتقاندا، رەسساملار ئۈچۈن كېرەكلىك ئەرسىلەرنى ساتىدىغان سېكسىيەدە ژۈرگەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. زىنەتۇللانىڭ ئوڭ تەرىپىدە، ياشلار، ئېھتىمال، ئۇلار رەسساملارنى تەييارلايدىغان ئۇچىلىشىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇشى كېرەك، رەسىم سىزىش ئۈچۈن كېرەكلىك ئالبوملارنى ئىلغاۋاتاتتى. سول تەرەپتە بولسا بىرىيەت كىيگەن كىملۇ بىرى سېتىقچى قىز بىلەن ئۆزلىرىچە بىر ئەرسە ھەققىدە سۆھبەت قىلماقتا.

- ماڭا مۇيقەلەم بىلەن ماي بوياق كېرەك ئېدى، - دېدى زىنەتۇللا تەپ تارتقان ھالدا سېتىقچى قىزغا مۇراجىئەت قىلىپ.

- ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئالدىڭىزدىكى ئەينەكنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ.- سىزگە قايسىلىرى كېرەك؟

- ئەگەر مۇمكىن بولسا... «لېنىنگراد» مۇيقەلەملىرى، تېيىننىڭ ياكى كولونكىلىق قىلىدىن ياسالغان بولسا ياخشى بولاتتى...

- بارى شۇ، ئۇنداقلىرى يوق! ئۇنداقلاردىن بىر پارتىيە كەلگەن ئېدى - رەسساملار ئىتتىپاقى ئارقىلىق سېتىۋەتتۇق،- سېتىقچى قىز خېرىدارنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە زەڭ سېلىپ قارىدى، ئۇ زىنەتۇللانىڭ قاداق قوللىرىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدىمۇ، ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا كېيىنكى ھەپتىدە، دۈشەنبە كۈنى بىر يوقلاپ بېقىڭ. شۇ كۈنى كەچكە يېقىن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، - دەپ قوشۇپ قويدى.

- مېنىڭ، كۆچىرىڭ، بىلەمسىز بۇ كۈندىن باشقا زادىلا ۋاقتىم بولمايدۇ.

- ئۇنداق بولسا، ئامالسىزمەن...

- ياردەم قىلىمىز،- دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرسى. سول تەرەپتە تۇرغان ئەر تۈگمەنچىنىڭ مۈرىسىگە ئېگىز ئالقىنى قويدى.- كونا دوستلۇق بويىچە زىناغا ياردەم قىلىمىز. ھازىر زىنا بىلەن بىزنىڭكىگە بارىمىز - تۈگرا دەۋاتىمەنمۇ زىنا!- ۋە بىز زىناغا كېرەكلىك ئەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ بېرىمىز...

«باراتوۋ! كۈتۈلمىگەن يەردە!- ئويلىدى تۈگمەنچى يە ھەيران قېلىشنى، يە تەشۋىشلىنىشنى بىلمەي.- لېكىن نېمە ئۈچۈن تونۇيسىز؟ مەن ئۇنىڭ ئالمۇتىدىن بۇ يەرگە كەلگىنىگە خېلە بولغانلىقىنى بىلەتتىم... ماگازىندىكى سېكسىيا فىرمىلىق سېكسىيا تۇرسا،

رەسساملار مەشەددە بولماي، نەدە بولسۇن...»

ئۇ ئەجەپلەنگەن ھالدا ئۈن قاتتى:

— سەلىم!...

زىنەتۇللا ھەيەل قىلماي باراتوۋنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. ئىشخانا مەدەنىي تۇۋارلار ماگازىنىدىن ئانچە يىراق ئەمەس، ئېگىسىز تاشلىنىپ كەتكەن باغنىڭ ئىڭ ئىچكىرىسىدىكى، بىر چاغلاردا بىر ئادەمگە قاراشلىق كونا ئۆيگە جايلاشقان ئىكەن.

ئادەتتىكىدەك ئىشخانا، لېكىن زىنەتۇللا بۇ يەردە ئادەتتىن باشقىچەرەك بىر نەرسىنى ھېس قىلدى. ئۇ دەرھال بۇ يەردىكى ئادەتتىن تاشقىرى نەرسىنىڭ پەردىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى — پەردە ئۇ تامدىن بۇ تامغىچە تارتىلغان بولۇپ، ناھايىتى يوغان بۆلمىنى ئوتتۇرىدىن قاق ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى.

باراتوۋ دەسلەپ ئۇچرىشىشنى «ژۇيۈشنى» تەكلىپ قىلدى، خولودىلنىكتىن ئاغزى ئېچىلغان بىر بوتۇلكا كونياكنى ئالدى، لېكىن ئۇنى كىچىك قەدەھلەرگە كۆيۈپ، شۈبھىلەنگەن ھالدا:

— ھە، راست! سەن ئىلگىرىمۇ تەرتىپلىك، ئىبرەتلىك ئىدىڭ،شۇ پېتىڭچە قالغانسەن،

— باراتوۋ مېھماننىڭ ئويلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قوشۇمچە قىلدى.

— بۇنىڭ بارلىقىنى بىزنىڭ نەدىن بىلىدىغانلىقىمىزنى بىلگىڭ كېلىدۇ، ئەت مالىم. — شۇنداقما، زىنا؟ پىرىنوزىيورىيىگە كېتىپ، «ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ۋەسسالام» — دەپ ئويلىغانسەن. ياق، چۈشۈرىنى خام سانىما، دوستۇم، ھېچ نەرسە ئىزسىز يوقالمايدۇ

— دېنالېكتىكا قانۇنى شۇنداق! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز دوست. كىمنىڭ قەيەردىلىكىگە، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا قىزىقىمىز. — باراتوۋ ياشىشكىتىن يوغان خاتىرە كىتاۋىنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى: «ئا»مانا، «ئى» ھەرپى قەيەردىدى؟ ھە، مانا. ئىلاخۇنوۋ زىنەتۇللا رۇستەموۋىچ — ھەممىسى جايىدا. ياغاچچىلىق قىلدى... سىرلىغۇچى بولۇپ ئىشلىدى... جەڭگە قاتناشتى... 42- يىلدىن باشلاپ تۈگمەنچى ئىلگىرى «كومىنتېرن» كولخوزىنىڭ تۈگمىنىدە ئىشلىگەن، ھازىر بېلىق ئۆستۈرۈش كولخوزىنىڭ تۈگمىنىدە ئىشلەيدۇ. كۆردىڭمۇ، ھەممىسى ئوتتىدەك ئىدىتلىق يېزىلغان. ئەندى — ئايالىڭ ھەققىدە. لىنك لۇئىزا ئېندېلېۋنا، پوچتا خادىمى... مانا، شۇنداق كېتىۋېرىدۇ.

زىنەتۇللا ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭدا بىردىنلا تەسادىپىي يۈز بەرگەن كۆڭۈل-

سىزلىكنى يېڭىش ئۈچۈن قانداقتۇ بىر غايىبانە كۈچ پەيدا بولدى. ئىلاخۇنوۋ ئالدىدىكى كونىياكنى بىر ژۇتۇپ قويدىدە قەدەھنى نېرى ئىتتەردى ۋە ئىشخانىغا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىدى. باراتوۋ خاتىرە كىتاپنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ، ئۆزى چۈشەرگەن بىر توپ رەڭلىك سۈرەتلەرنى ئالدى. كۆلەمى چوڭ بۇ سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك چىرايلىق چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىكى بىر ئۇقتىغا قاراپ تۇرغان ئادەملەر چىرايلىق كىيىنگەن. يەنە بىر كارتىنىدا مەزكۇر سۈرەتلەرنىڭ ئاۋتورى – بېرېت كىيگەن، گەۋرىلىك، قىياپىتى جىددىي باراتوۋ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. زىنەتۇللا سۈرەتلەرنى دەرھال قولىغا ئېلىپ، ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ ئۇلارنى بىر كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىنلا ياقتۇرمىغاندەك ئورنىغا قويدى. زىنەتۇللانىڭ ئۇلارنى قىزىقىش بىلەن قولىغا ئېلىشىدىن ئالدانغان باراتوۋ بولسا، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە، كۆپلىگەن رايونلۇق مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ زاللىرىنى بېزەپ تۇرغان مەزكۇر كارتىنىلار توغرىلىق، ئۇلارنىڭ چۈشىرىلىش تارىخى، سىيۇژېتلىرى توغرىلىق مەزكۇر سۈرەتلەر شەھەر ۋە يېزىلاردىكى خەلق ھاياتىنىڭ قاينىمىدىن چۈشىرىلگەنلىكى توغرىلىق پەخىرلىنىش بىلەن سۆزلىمەكتە. ئۇ سۆز ئارا ئۆزىنىڭ سەنئەتكە بولغان ئىشەنچ – ئېتىقاتىنى بايان قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ سۆزى بويىچە، بۇ ئېتىقات ئاساسەن ئۈچ نەرسىدىن: ماتېرىيالدىن، ۋە يەنە بىر قېتىم ماتېرىيالدىن، ماتېرىيالنى تاللاش ۋە ئۇنى خەلق ھاياتىنىڭ قاينىمىدىن ئېلىشنى بىلىشتىن ئىبارەت.

«ئېھتىمال، بۇ كىمدۇ بىرىگە كېرەك، دەپ – ئويلىدى زىنەتۇللا باراتوۋنى تىڭشاپ.

– ھەممە گەپ ماي بوياقتا! ھەممە گەپ سىزىشنى بىلىشتە! مېنىڭ قولۇمدىن ئۇنداق ئىشلار كەلمىشى مۇمكىن... بىراق ئۇچلىشىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا مەن سەلىمدىن ياخشى سىزاتتىمغۇ...» ئۇ ئۆز ژۇتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېدى، ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر: تۈگمەن يېنىدىكى رەڭمۇ – رەڭ گۈللەر ئېچىلغان چىمەنزار، سۈيى تىنىق كۆل كەبى سۈزۈك ئاسمان، دىلنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان ئەجايىپ گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى دەل – دەرەخلىرى شامالدا شاۋقۇن سېلىپ تۇرىدىغان ئويمان – قىرلار ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، خۇددى سىرلىق مۆجىزىدەك نامايەن بولدى. زىنەتۇللا ھاياجانلىنىشتىن ئېتيۇدنىڭ ئۈچۈن ئۆيگە ئۆزىنى ئېتىشقا ئازلا قالدى، لېكىن كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان ماتېرىيالنىڭ ئەجايىپ چوڭ قارىمۇ – قارشىلىقلىرىغا ئېگە دۇنيانى ئاكۋارېل ياردىمى بىلەن ۋاتمانغا چۈشۈرۈش ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ، بۇ ئويىدىن قايتقانلىقىنى ئەسلىدى... «ئۇرۇنۇپ بېقىش كېرەك»، – ئۇ ئۆزىگە بۇيرۇق قىلدى. – ئەگەر ھازىر بولمىسا، قاچان؟»

باراتوۋ مېھمانغا سىناق نەزەرىدە قارىدى. زېنەتوللا ئىشخانا ئېگىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قەلـ
بىگە پوككەن ئىيەتلىرىنى سېزىپ قالغانلىقىدىن ئوڭايالدى. لېكىن، مەلۇم بولۇشىچە،
باراتوۋنى پۈتۈنلەي باشقا نەرسىنىڭ خاۋاتىرلاندۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىقلاندى.

ـ سەن، بايقاۋاتىمەن، ھازىرغىچە بىزنىڭ كەسپىمىزدىن ئۈمۈتىڭنى ئۈزدەلمەيۋاتىسەن،
شۇنداقمۇ؟ـ دەپ سورىدى ئۇ، سۆز ئارا مېھمانغا ئۆزىگە بېرىلگەن گىراموتىلىرىنى كۆرسىتىپ.

ـ شۇنداق دېگىن، ـ دەپ ئارىسالدا جاۋاپ بەردى زېنەتوللا. ئۇ سورەتلەرگە نەزەر سېلىشنى
قويۇپ، بىردىن گىراموتىلارغا قاراشقا باشلىدى. ئۇلار باراتوۋنىڭ ھەر خىل ژىللاردىكى
ئەمگەك پائالىيىتى ئۈچۈن بېرىلگەن.

ـ رەسىم سىزىۋاتامسەن؟

ـ بەزىدە.

ـ ئېيتقىنا، سىر بولمىسا، نېمە ھەققىدە؟

ـ بىردىنلا مونۇلار دەپ ئېيتىش قىيىن،ـ دەپ جاۋاپ بەردى زېنەتوللا ئوڭايالغان ھالدا.

ـ سەن ئالدى بىلەن ئويلان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېيت.

زېنەتوللا بىر دەقىقە ئويلانغاندىن كېيىن، ئۆز ئويىدىكىنى ئېيتتى:

ـ چامىم يېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىزىشقا ھەرىكەت قىلىمەن.

ـ ئىشقىۋازغا ھەسەت قىلىشقا ئەرزىيدىكەن: دېمەك، خالىسام سىزىمەن، خالىمىسام يوق،
ئېمىنى خالىسام، شۇنى سىزىمەن دېگىنە،ـ دېدى باراتوۋ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىدە قىز-
غىنىشتىن ھېچ قانداق دېرەك يوق، ئەكسىچە، ئۇلاردا ئاگىلىق ئوستۇنلۇككە ئېگە ئادەمنىڭ
پىكرى مەۋجۇت ئېدى.

ـ سىلەردە باشقىچىمۇ؟

ـ سەن بىلمەيدىغان ئادەممىدىڭ! ـ ئەتتەي ھەيران بولدى باراتوۋ.

ـ بۇ كىچىك بالىغىمۇ مەلۇم. ۋەزىپىلەر بىزدە ھەر خىل: سىلەردە ـ بىر خىل،
بىزدە باشقىچە...

«نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېپىشۋالدىم؟ ـ دەپ ئويلىدى زېنەتوللا. ـ ئۇ ھەق،
يۈزدە ـ يۈز توغرا گەپ قىلىۋاتىدىغۇ!»

ـ ... سىلەر ـ ئۆزەڭلار ئۈچۈن، بىز ئادەملەر ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمىز، ـ سۆزىگە
باشقىچە تۈس بېرىپ داۋام قىلدى ئۇ.

زېنەتوللا قىسىلغاندەك بولدى، باراتوۋ بولسا، ئەكسىچە، ئۆزىنى يەنىمۇ ئىشەشلىك

ھېس قىلىشقا باشلىدى ۋە ئاخىرىدا ئۆز كەيپىياتىنى بىر ئاز ياخشىلاپ، سۆھبەت ماۋزۇسىنى باشقا ياققا بۇراشنى لايىق تاپتى ـ ئۇ ئەندى «سۆزدە يېڭىلگەن» رەقىبىگە دوستلارچە ئارام بېرىشنى قارار قىلدى.

ـ ئېگىلىك ئىشلىرىڭ قانداق؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ خەيرىخاھلىق بىلدۈرگەن ھالدا.

ـ يېزىدا ياشاۋاتىمىز.

ـ كۆكتات تېرىيدىغان يېرىڭ بارمۇ؟

ـ ئەلۋەتتە، بار.

ـ ئات، سېيىرىڭچۇ؟

ـ بار.

ـ توخۇ ـ تومىنىڭچۇ؟

ـ بىز تەرەپكە بار، غاز سويۇپ مېھمان قىلىمەن.

ـ بىردىنلا «غاز سويۇمەن» دېگىنە؟

ـ سويمايچۇ؟ مېھمان كەلسە، خوشال بولىمىز.

ـ خېلە ياخشى تۇرۇۋاتقانغا ئوخشايسەن...

ـ سېنىڭمۇ يامان ئەمەس ئېكەن: كۆپلىگەن گراموتىلارنى ئاپسەن.

ـ بۇلارنى نېمە قىلىسەن! ـ تېرىككەن ھالدا گراموتىلارغا قاراپ قولىنى سىلكىدى باراتوۋ.

ـ بىزنىڭكىگە بار... ياخشى مېھمان قىلىمەن، ـ دېدى زىنەتۇللا ئالدىراشلىق بىلەن سۆزنى يۆتكەپ.

ـ ھە قېنى، قولۇڭنى كۆرسەتكىنە، قاراپ باقاي، ـ ئىلتىماس قىلدى باراتوۋ ئۆزىنىڭ قولىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ـ مانا، مۇنداق.

زىنەتۇللا ئىشخانا ئېگىسىنى ئەگىشىپ، قوللىرىنى ئۈستەلگە قويدى. باراتوۋ بولسا مېھماننىڭ ئالقانلىرىغا دىققەت بىلەن قارىدى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشخانا ئىچىدە ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا ئويلانغان ھالدا مېڭىشقا باشلىدى.

ـ دېمەك، سەن بىر قولۇڭ بىلەن ئىشلەيدىكەنسەندە؟ ـ دېدى باراتوۋ يە قىزىققان، يە ئەجەبلەنگەن قىياپىتىنى سەزدۈرمىگەن ھالدا.

زىنەتۇللا بولسا بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى باراتوۋ بىلەن ستۇدېنتلار ياتاقخانىسىدا

بىللە بولغان چاغلىرىنى ئەسلىدى. زىنەتوللا قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە باراتوۋنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزىغا خەت يېزىپ بەرگەن. ئەينە شۇ چاغدىمۇ ژۈرىگىدە ئىشقى - مۇھەببىتى قايناپ تۇرغان باراتوۋ خەتنى ئوقۇش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە ماقۇللاش ئۈچۈن پاتپات ئۇستەل يېنىدا توختاپ، ياتاقخانا ئىچىدە ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا خوددى بۈگۈنكىدەك ئويلانغان ھالدا ماڭاتتى. ئۇ خەتكە ئىڭىشىپ قاراپ، تۈزۈلگەن جۈملىلەرنى «قاملىشىپتۇ» - دەپ ماختاتتى. «دېرىزىنىڭ كەينىدە لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارنى ياخشى تەسۋىرلەپسەن، - دەتتى ئۇ ئويغا چۆمگەن ھالدا... مېنىڭ ھەسرىتىم توغرىلىق يازغانلىرىڭمۇ يامان چىقماپتۇ... راستىنى ئېيتسام، ژۈرەك - باغرىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ...»

پرىنسىپ بويىچە ھەر ئىككىمىز ھەقلىق: ھە، ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىشتىياقى بار: بىرىگە - غاز، بىرىگە بولسا... ئىشخانىدا بىردىن كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەردى: باراتوۋ، ئېھتىمال، يە قانداقتۇ بىر كونۇپكىنى بېسىۋەتتى يە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان جايدىكى بىر ژىپنى تارتىۋەتتى، پەردە بىردىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى ۋە زىنەتوللىنىڭ كۆز ئالدىدا باشتىن - ئاياق بىر تامغا تارتىلغان رەختكە سىزىلغان كارتىنا نامايەن بولدى. ئۇ تېخى يېڭىلا كۆزدىن كەچۈرگەن فوتولاردىكىگە ئوخشايدىغان كارتىنىنى كۆردى.

باراتوۋ بىر پەس سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن بايا ئاخىرلاشتۇرمىغان پىكرىنى داۋام قىلدى: «كىمدۇ بىرىگە - بەختىيار ھايات، كىمدۇ بىرىگە - ئىجادىيەت مۇشكۇلاتى...»

شۇ ئارىدا قىزىق بىر ۋاقىئە سادىر بولدى. مۇنداق قىزىق ئىشنى پەقەت زىنەتوللا قىلىشى مۇمكىن، تۈگمەنچى قول ياغلىغىنى ئېلىش ئۈچۈن يانچۇغىنى ئاختۇرۇۋېدى، قولىغا ئۇنىڭ ئاچقۇچى چىقتى. ئۇ ئايالىغا خەت يېزىپ، ئالدىراش ئىشىكنى يېپىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن ئىكەن! لوئىزا، ئەلۋەتتە، ئالادا قالمايدۇ: دالان ئۇنىڭ ئىشىگى ئوچۇق، بىرەر كۈن يېتىپ تۇرىدىغان جاي بار، ئۇنى خالىمىسا، خوشنىلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدۇ. ئۇمۇمەن ئالغاندا، بۇ ھاڭۋاقتىلىق ئەمەسمۇ؟ زىنەتوللا باراتوۋنىڭ مۇجەزىنى ئەسلەپ، تېتىكلەنگەچ، ئۇنىڭ جېمىلەشلىرىنى كۈتۈشكە باشلىدى. باراتوۋ ئۇنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ يامانىراق تەگدى.

- سەن ئۈچلىشىۋېدىن، خۇددى قاڭقىغان پوگزەكدەك چىقىپ كېتىۋېدىڭ، ھازىرغىچە

ئۆزگەرمەيسەن. زىننا، سەن سەنئەت توغرىلىق ئويلىماي، ئۆيۈڭدە سېغىنىۋاتقان سۈتىنىڭ سۆيپتى ھەققىدە كۆپەرەك ئويلىساڭ بولىدىكەن.

— ھە، مەن... قانداقلارچە شۇنداق بولۇپ قالدىم، ھە — خاۋاتىرلاندى مېھمان. لېكىن جېمىلەش تېخىمۇ كۈچەيدى.

— سەن مويقەلەم، بوياق ئىزدىمەي، ئەكسىچە، — باراتوۋ لايىق بىر سۆزنى ئىزدەپ بىر دەقىقە توختىدى، — سۆتتىن ماي چىقىرىدىغان سېپاراتور ئىزدىگەن بولساڭ ياخشى بولغان بولاتتىكەن، — ئۇ ئاخىرقى سۆزنى بوغۇملارغا ئاجرىتىپ ئېيتتى.

زىنەتوللا ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ ئېگىلىك تاۋارلىرى دۇكانلىرىنى ئارىلاپ، سېپاراتورنىڭ بەزى بىر قىسىملىرىنى ئىزدەپ بېقىشنى نىيەت قىلغانلىقىنى ئەسلەپ پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. دېمەك، باراتوۋمۇ دەل ئۈستىدىن چۈشكەن!

— مەن... شۇنداق بوپ قالدى... ھە، ياق...

— ھېچ ۋاقىتەسى يوق، غەم قىلما، — دېدى باراتوۋ ئۇنىڭسىزمۇ روھى چۈشكەن مېھمان قەلبىگە ئازار بەرمەسلىك ئۈچۈن. لېكىن ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى ۋە ھەرىكەتلى-رىدىن قانداقتۇ قەلبىنىڭ تۆرىدە بۆرۈندىنلا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىشەشسىزلىك ۋە نارازىلىق ئىپادىسىنى بايقاش تەس ئەمەس ئىدى.

«بۇ كۆڭۈلسىزلىك نەدىن پەيدا بولغان؟- ئۇنى باراتوۋنىڭ كۆزلىرىدىن بايقاشقا بولاتتى.

— مېنىڭ ئىجادىيىتىم شۇنچىلىك ناچارمۇ؟ ياق. چۈشەنمەيۋاتامدۇ؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولسا، ئېھتىمال، كونا يارىلاردىن بولسا كېرەك — بىر چاغ-لاردا بىر- بىرىمىزنى ئانچە ياقتۇرمايدىغان.

بەلكى، شۇنىڭدىندۇ. ياكى... رەسسامنى كۆرەلمەسلىكمۇ؟ ھەممىدىن ئاۋال شۇنداق بولۇشى مۇمكىن...»

— غەم قىلما، — دېدى باراتوۋ مېھمانغا، لېكىن بىرىنچى نۆۋەتتە ئۆزىگە خاتىرجەملىك بېرىپ، ئۇ شۇنداق دېدىدە، ئارىدىن بىرەر- يېرىم مىنۇت ئۆتمەستىن، يەنە ھېلىقى ئۈستەل يېنىدىكى كنوپكىنى بېسىپ، پەردىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. پەردىنىڭ ئىككى قانىتى ئاستا سىيرىلىپ بىر- بىرىگە قوشۇلدىدە، باراتوۋنىڭ گويا مەنىۋى كۈچىنىڭ قۇدرىتىنى نامايىش قىلغان تامدىكى كارتىننى يېپىۋالدى...

- ھەي، بۈرژۇي، ئەسلىدە مەن خاتا قىپتىمەن، سەن مېنى شەھەردە تېنتىپ قويۇپ، ئۆزەڭ ئەلەردە ژۈرسەن؟ - دېدى زېنەتوللا «موسكۈيچقا» چۈشۈپ ئولتارغاندىن كېيىن يېنىك ماشىنىنىڭ ئىگىسى بولسا، ئۆز ئىشلىرىدىن خوشال بولغان ۋە ھەمرايىنىڭ ئۇلھ - ئۇھىنى ئۆزىچە تەھلىل قىلغان ھالدا، كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:

- سەن قىزۋ ئادەمكەنسەن. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، قاراڭنى كورسەتمىدىڭ. ئەندىزە ئۇ كېرەكتى، بۇ كېرەكتى... ئۇيگە يېتەيلى، سېنىڭ سېپاراتورۇڭغا كېرەكلىك قىسمىنى تېپىپ بېرىمەن. - ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىردىن ئەپسۇسلانغاندەك: - زېنەتوللا، بىزنىڭ كۆڭلىمىز يېقىنغۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى بۈرژۇي دېمىسەڭ، - دەپ قوشۇپ قويدى.

- مەن قانداق قىلىپ بۈرژۇي بولىمەن؟ بىر ماشىنىغا ئىگە بولغان ئادەمنى بۈرژۇي دېسەڭ قاملاشماس. ئۇنىمۇ ھەقسىز ئالغىنىم يوق: ھەسەل ھەرىسىنى باقىدىغان ئاز - تولا يېرىم، ئالملىق بېغىم، ھەسەل ھەرىلىرىم بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خوداغا شۈكرى، ئۆز كۈچۈم، مېھنىتىم، پېشانە تەرىم ئەجرىگە كەلگەن. سەن بولساڭ مېنى... بۈرژۇي دەيسەن. بۇ سۆزۈڭنى قويساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن...

13

توك! توك! توك!

تەخمىنەن سائەت ئونلاردا، قۇياش نۇرى ئەتراپنى ئويدانلا قىزىتىشقا باشلىغاندا، تاشلىق سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزى گۈشلۈك، يېشى ئون سەككىز - ژىگىرمىلەردىكى بىر ژىگىت پەيدا بولدى، ئۇ ئۆتكەن ژىلى زېنەتوللا شەھەرگە بىللە بارغان «پروگرېسس» كولخوزى توگمەنچىسىنىڭ ئوغلى. ئۇ لېنىنگرادقا بېرىپ ئوقۇشقا چۈشۈش ئۈچۈن تەييارلىنىپ ژۈرگەن مېنىڭ سىنىپدىشىم ئېدى. ژىگىت قولتۇغىغا شاخمات دوسكىسىنى قىسۋاپتۇ.

- قېنى، زېنەتوللا، بىر پەدە ئويناۋەتمەيمىزمۇ؟- تەكلىپ قىلدى ئۇ.

- ئوينىساق - ئوينىدۇق،- قارشى بولمىدى توگمەنچى. ئورنىدىن تۇرۇپ،- لېكىن ئالدى بىلەن سايىغا بارايلى.

توگمەنچى شاخمات ئويۇنىغا پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن قىزىقىسمۇ، خوشنىسى تەكلىپ قىلغاندا رەت قىلماتتى.

شاخماتچىلار ئۆستەڭ بويىدا، بۆك - باراقسان ئۆسكەن دەرەق ئاستىدىكى چىمدا

ئولتىرىپ، ئويۇنغا كىرىشتى. تۇگمەنچى رەقىبىگە ئۇتتۇرۇپ قويۇش ياكى ئۇنى ئۇتتۇۋېلىش توغرىلىق ئانچىلا باش قاتۇرماي ئويناشقا باشلىدى. ئۇ ئۇشۇق يېنىك فىگۇرا بىلەن، ھەتتا چوڭ فىگۇرىلار بىلەن ئوينىدى.

شاخمات ئويۇنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دەم ـ يېرىم دەم ھاردۇق ئېلىش ئۈچۈنلا كېرەك. ژىگىت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ھەر خىل فىگۇرىلار بىلەن ھۇجۇمنى كۈچەيتمەكتە.

ـ شۇنداق قىلىپ، زىنەتوللا، نەسىر ماتچى ناياقلىشىۋاتىدۇ، ـ دېدى نوزى گۇشلۇك ژىگىت كىنايە ئارىلاش.

ـ نېمىشكە؟

ـ كېتىمەن.

ـ نەگە؟

ـ پىتېرغا،ـ نوزى گۇشلۇك ژىگىت، نېمىشكىدۇ، چۈشىنىكسىز كۈلدى.

ـ ئوقۇشقا باراي دەۋاتامسەن، نېمە؟

ـ ھە، نەقىل تاپىسام بولمايدىغانلىغا نوخشايدۇ، زىنەتوللا. چۈشەلەيمەنمىكىنتاڭ.

ـ چۈشىسەن.

ـ نەگەر ئۈچىنچى كۇرستىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمىسە.

بۇ زىنەتوللىغا قىلىنغان كىنايە ئېدى، لېكىن تۇگمەنچى ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىۋار بەرمىدى، ئۇنىڭ خىيالى تامامەن باشقا ياقتا ژۇرەتتى.

ـ قوغلاپ چىقارمايدۇ،ـ دېدى ئۇ ئويلىمايلا.

ـ نەگەر قوغلاۋەتسە، كۆك كۆزلۈكتىن بىرىنى تاپىمەندە، ئويگە ـ پرىنوزىيورىيېگە ئېلىپ كېلىمەن...

ـ ساڭا كۆك كۆزلۈكلەر ياقامدۇ؟ ـ زىنەتوللا چوچىگەندەك ئويۇننى توختىتىپ، رەقىبىگە قارىدى، ئۇنىڭ سۆز نارا نوزىنى ھەرىدەك چېقىۋاتقانلىغىنى چۈشىنىپ، زەردە بىلەن دېدى:

ـ قېنى، جۈر؟

«لۇنىزا ھەق، ـ نويلىدى تۇگمەنچى نويۇن ئۇستىدە، ـ مۇراتنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىش كېرەك ئېدى. ۋاقىت تېپىپ، بېرىپ كېلىش كېرەك. ئۇ نويىدا ھېسابلاشقا باشلىدى. كارپوۋكىغىچە بىر سائەت، دوخمۇشتا ماشىنىلارغا قول كۆتۈرۈشكە بىر سائەت، پىنونېرلار لاگېرىغىچە پىيادە ژۈرۈشكە بىر سائەت، مۇراتنىڭ يېنىدا بىر سائەت

بولسام، ئۇيگە قايتىشقا يەنە شۇنچىلىك ۋاقىت كېرەك – دېمەك، ھەممىسى بولۇپ يېرىم كۈندىن كۆپ ئەمەس. توگمەن تېشىچۇ؟ يېرىم كۈنگە ھېچ نەرسە بولمايدۇ. مۇراتنى كۆرۈپ كېلىش كېرەك».

ئۇنىڭ قەلبىدە قانداقتۇ بىر ئەنسىرەش پەيدا بولۇشقا باشلىدى – توگمەنچى ھەر قېتىم مۇرات توغرىلىق ئويلىغاندا شۇنداق بولاتتى. مۇراتنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەس. بەلكى بېقىۋالغان بالىسى ئېكەنلىكى ھەققىدە ئويلىغاندا، ئۇنىڭ ژۈرىكىگە ژىڭنە سانچىلغاندەك بولىدىغان.

توگمەنچى ئۇلارنى ئەسلەشتىن قېچىشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆردى. ئەدىكىنى! خاتىرىلەر يولىغا سېلىنغان توغان دايىم بۇزۇلاتتى: بۇ قېتىممۇ خىيال توغىنىنى سۇ ئېلىپ كەتتى... توگمەنچى ئامالسىز ئۇتمۇش ساداسىغا قۇلاق سالدى...

... ئۇ لۇئىزا بىلەن كارپوۋكىدىكى يېڭى ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا قاراڭغۇدا ئولتۇراتتى، – بۇ ۋاقىئە زىنەتوللا ئوروشتىن قايتىپ كېلىپ، بىر ژىلدىن كېيىن بولغان. ئەر- ئايال بولغۇسى ۋاقىئەنى ئالدىن – ئالا بىلگەن ھالدا، پەردىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن تالاغا قارىماقتا ۋە قانداقتۇ بىر تېۋۇشنى تىڭشىماقتا ئېدى: ئۇلار گويا ھازىرلا بىر ئايال كوچا ئىشىگىنىڭ ئىلغۇرىنى ئېچىپ، ھويلىغا كىرىپ كېلىدىغاندەك، يۈگەككە يۆگەلگەن بوۋاقنى ئۇلارنىڭ بوسۇغىسى ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇلار شۇنداقلا بوۋاقنىڭ ئانىسى – بۇ ئۇنىڭ ئۆرتىنچى پەرزەندى ئېدى. بۇ ۋاقىئە بولۇشتىن ئىلگىرى توگمەنچى ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەققىدە سېپراۋكىلارنى ژىققانلىغىنىمۇ بىلەتتى. ھەر قانداق ئانا ئۆزىنىڭ قوساقنى يېرىپ چىققان پەرزەندىنى قانچىلىك ئېغىر قىسمەتلەرگە گىرىپتار بولسىمۇ دەسلەپ دەسسىگەن بوسۇغىغا «ئېمە بولساڭ بولارسەن» دەپ تاشلاۋەتمەسلىك ھوقۇقىغا ئېگىدە! ئۇ ئايال ھەتتا ئوتتۇرىغا بىرىنچى ئەلچى قويۇپ، بالىدا ئۇنىڭ ئەزەن قېچقىرىپ قويغان ھەققىي ئىسمىنى ساقلاپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلغان... ئاخىرى ئىلغۇر ئېچىلدى، ھويلىدا قانداقتۇ بىر ئادەم كۆلەڭگۈسى پەيدا بولدى، ئارىدىن بىر نەچچە سېكۇند ئۆتكەندىن كېيىن دېرىزە يېنىدىن بوۋاقنىڭ ژىغىسى ئاڭلاندى... ياش ئەر- ئايال بوۋاقنى دەرھال ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتى ۋە تاڭ ئېتىشنى كۈتمەستىنلا بوۋاقنى ھارۋىدا تاغ تەرەپكە توگمەنگە ئېلىپ كېتىشتى...

... ئارىدىن ئۈچ ژىل ئۆتكەندىن كېيىن رەخمەتوللا توغۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن

كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى: مۇرات خۇلقى ـ مۇجەزى تەرەپتىن زىنەتۇللىنىڭ ئەينەن ئۆزى بولۇپ چىقتى، ئۇزنىڭ بالىسى رەخمىتۇللا بولسا چىراي ـ شەكلى جەھەتتىن دادىسىغا ئوخشىغان بىلەن قىلىقلىرى گويا زوقارقى تۇگمەنلەرنىڭ يېنىدىكى ئۇنكورلەرنىڭ بىرىنى ماكانلىغان جىن ـ شەيتان، ئىبلىسلارنىڭ مۇجەزىگە ئوخشاپ كەتتى. رەخمىتۇللا بەكمۇ ئەسەبىي، ژىغلاڭغۇ، ئەڭگىز ئىدى، ئۇ يېڭىدىن تەمتىلەپ مېڭىشقا كىرىشكەندىن باشلاپ، خوشاللىقتىن كۆرە كۆپىرەك كۆڭۈلسىزلىك، دەرت ـ ئەلەم ئېلىپ كېلىدىغان بولدى: ئۇنىڭ چوغىمۇ كىچىك ـ بىسىل كۆزدە مەكتەپ بوسۇغىسىنى دەسسەيدىغانلىقىغا قارىماي، بوي ـ تۇرقى ئوچ ـ تۆرت ياشلىق باللار ـ نىڭكىدەك جانسىز، ئامما ئادەتتىن تاشقىرى تىرىك، ھەرىكەتچان، تىنىم تاپماس... تۇگمەنچى ئۆتكەن ژىلى يۈز بەرگەن بىر ۋاقىئەنى ئەسلىدى. رەخمىتۇللا ئاخشىمى ئۆيدىن چىقىپ، ئېھزىنتقۇدەك يوقاپ كەتتى. پۈتكۈل تۇگمەن يېزىسىدىكىلەر قوللىرىدا فونارلارنى تۇتقان ھالدا ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى، ئەتراپتىكى بارلىق ئويمان ـ چوڭقۇر ـ لارغا قارىدى، قاچقۇننى بولسا تاڭغا يېقىن ئۆز ئۆيىدىن ئانچە ژىراق ئەمەس يەردىن تېپىشتى. تۇگمەنچىنىڭ ئۆزى قاچقۇنغا دوچ كېلىپ قالدى. رەخمىتۇللا ئۇستەڭ بويىدا بۆككىدە ئۆسكەن تىكەنلىك زىرىقنىڭ ئاستىدا ئولتارغان ئىكەن. زىنەتۇللا كۆتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن قولىدىكى فونارنى يەرگە چۈشىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

ـ مېنىڭ پەمىچە، سەن ئوقۇشقا بېرىپ، تۇگەتمەي قايتىپ كېلىدىغانلاردىن ئەمەس، ـ دېدى تۇگمەنچى ئېسىنى ژىغىپ، شاخمات تاختىسىغا ئېگىشكەن ھالدا. ـ سەن پىرىنو ـ زىورىيگە قايتىپ كەلمەيسەن. پۈتۈنلەي خوشلاش، ژىگىت، پۈتۈنلەي.

ـ يېنىپ كەلمەيمەن؟ نېمىشكە؟

ـ بۇنى ساڭا ھېچ كىم ئېيتالمايدۇ، ـ دېدى تۇگمەنچى ۋە ئويلىدى: «مۇراتقا بېرىپ كېلىش كېرەك... لۇئىزا ھەقلىق...»

مەن ئاتلىق بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇلار تېخىچىلا شاخمات تاختىسى ئۈستىدە «جەڭ» قىلىشۋاتاتتى.

تۇگمەنچىنىڭ ئايالى مېنىڭ ئۇن تارتىش ئۈچۈن كەلگەنلىگىمنى بىلىپ، زىنەتۇللىنى چاقىردى.

14

مەن تۇگمەنچىنى كۈتكەن ھالدا تۇگمەن ئالدىدىكى بەلدىڭدە ئولتاردىم. ئەتراپ جىمجىت. بىردىن كىمدۇ بىرى ياۋايىلارچە بىر نېملەرنى ۋاقىرىغان پېتى دۈمبەمگە سەكرەپ چىقىپ، بوينۇمغا گىرە سالدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزەمنى سىلكىدىم. دۈمبەمگە ئۆزىنى ئاتقان رەخمەتۇللا ئېكەن، ئۇ بىر چەتكە قاڭقىپ چۈشتى. لېكىن ئۇ يەنە بايىقىدەك ياۋايىلارچە ۋاقىراپ، قايتىدىن ماڭا ئېسىلدىدە: «ئېتىڭنى بەر!» ـ دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. كېيىن ئاتقا سەكرەپ مىندىدە، ئۇنى چاپتۇرۇپ نەگىدۇ غايىپ بولدى.

بالىنىڭ ئۆزىچە تارزان بولۇپ ئويناۋاتقانلىقىنى پەملەش تەس ئەمەس. شۇ چاغدا پىرئوزيورىيېدە (ئېھتىمال، پەقەت پىرئوزيورىيېدىلا ئەمەس) تارزان توغرىلىق فىلىم ئىككىنچى قېتىم قويۇلماقتا ئېدى. تېخى يېقىندىلا مەزكۇر فىلىم كۆچمە كىنودۇرۇك يادىمى بىلەن تۇگمەن يېزىسىدىلا ئىككى رەت كۆرسىتىلگەن، زىنەتۇللىنىڭ ئائىلىسى، ئەلۋەتتە، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ژۇت ئىچىدە كۆپ گەپ بولۇۋاتقان بۇ كارتىنىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىدىن چەتتە قالمىغان. مەن كىنونى كۆرگەندىن كېيىن بالىلارنىڭ چىقارغان تارزانچە ئويۇنلىرىنى (بالىلارنىڭ يېرىم ئادەم، يېرىم مايمۇن شەكلىدىكى مەخلۇقنىڭ قىلىقلىرىنى دوراپ، دەرەقتىن دەرەققە سەكرەپ بەسلەشكەنلىگى ھازىر ئېسىمدا). ئەسلىدىم، لېكىن ئۇ چاغدا تۇگمەندە مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يۈز بەرگە ۋاقىئە زادىلا بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىغا ئوخشىماتتى. رەخمەتۇللا كىنو قەھرىمانلىرى قىياپىتىگە ئۆزۈەت بىلەن كىرەتتى: ئۇ تۈگۈرلىنىپ بۆرە بالىسىغا ئوخشاتتى، دەرەق- لەرگە ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن يامىشىپ چىقاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئويلىسام، تېنىم جۇغىدە قىلىپ كېتىدۇ، مۈشۈكتەك ئۆزىنى يەرگە ئاتاتتى، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇيى تەرەپكە قاراپ ۋۇگرەتتى، شۇنچىلىك تېزلىك ۋە چاققانلىق بىلەن لىڭشىپ تۇرغان شوتا ئارقىلىق ئۈگۈزگە چىقاتتى ۋە تويۇقسىز ھويلىدا پەيدا بولۇش ئۈچۈن چېدىردىن غايىپ بولاتتى. كېيىن ئۇ جەڭگىۋارلىق بىلەن نەرە تارتقان ھالدا، تۇگمەننىڭ ئىچىگە كىرەتتى، پەلەمپەيلەر بىلەن سۇگەنگە كۈتىرىلەتتى، ئۇ يەردىن لىمغا ئېسىلىپ، تورۇستا ماڭاتتى... ئاردىن بىر- ئىككى مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قانداقتۇ بىر ياۋايى ژىرتقۇچ ھايۋانلاردەك

ئېقىراپ - چېقىراپ ھويلىدا پەيدا بولاتتى.

رەخمىتۇللا غايىپ بولدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا خانىغا تۈگمەنچى كىرىپ كەلدى. مەن رەخمىتۇللىنىڭ «ئويۇنىدىن» ئەجەپلىنىپ، ئۇن ساندۇغىغا يۆلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ قاپقىسىغا كولخوز رەئىسى يېڭىلا قالدۇرۇپ كەتكەن ئاۋتوگرافقا قاراپ تۇراتتىم.

- نېمە ئەكەلدىڭ؟- سورىدى تۈگمەنچى.

- ئازىراق بىر نەرسە،- دېدىم مەن ئېگەرنىڭ كەينىگە يۆكتىرىۋالغان مىشكاپنى كۆرسىتىپ.

- مىشكاۋىڭىزدىكى قانچىلىك - بىر پۇت چىقامدۇ؟

- بىر يېرىم.

- بىر يېرىم پۇت نەرسىگىمۇ تۈگمەننى ماڭغۇزىمەنما؟ - تۈگمەنچى بىر پەس ئويلاندىدە،

كېيىن قولىنى سىلكىپ: - ئەكەل، ئاز بولسىمۇ ئارتىۋېتەيلى،- دېدى. تۈگمەن دېگەن شۇ، بەزىدە ئۆگۈت بار، بەزىدە يوق. - ئۇ ماڭا پاچكا «بېلومورنى» سۇندى. - ئالدىرىمايدىغانسەن؟ ئۇ چاغدا كەل، غەلتەك ھارۋىنى مايلاۋېتەيلى.

بىز ئاماكا چېكىشتۇق، مېنىڭ يېقىندا ئوقۇشقا بېرىشىم ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. ئورنىمىزدىن تۇرغاندىن كېيىن، تۈگمەنچى سەل خىجالەت بولغان ھالدا دېدى:

- ئۇن ئارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر مىنۇت توختاپ تۇر. مېنىڭ ساڭا كىچىككىنە تاپشۇرۇغۇم بار. ئۇ سەل ئىككىلەنگەن ھالدا ئۇن ئارتىپ بەرگەنلىگى ئۈچۈن ھەق ئېلىشقا ئۆلچەم بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان مەخسۇس قاچا بىلەن مېنىڭ مىشكاۋىمدىن ئازىراق بۇغداينى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تاغارىغا قۇيدى، ئاندىن ئۆزى مېنىڭ ئۆگۈتۈمنى سۆگەنگە تۆكتى. كېيىن: سۆگەندىن كۆزۈڭنى ئۈزمە، ئۆگۈت مانا مۇيەگىچە تۆۋەنلىگەندە ئۇ قولى بىلەن سۆگەننى سىزىپ كۆرسەتتى - ماڭا ۋاقىرا، دەپ جېكىلىدى - مەن ئەۋۇ ئۇنىڭ قېشىدىكى دۆڭدە بولىمەن، دەپ قولى بىلەن كۆرسەتتى.

ئۇ ئۆستەڭدىكى سۇنى نوغا قويۇپ بېرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى، تۈگمەن ئىچى جىمجىت دەسلەپ تەييارلىق كۆپ بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئىش بىر دەملىك. مەن نودىن شاقىراپ چۈشكەن سۇنىڭ چاقپېلەككە ئۇرۇلۇشىنى ئاڭلاشقا قىزىقىپ، دىققەت بىلەن قاراپ تۇرىمەن. قانداقتۇ بىر مۆجىزىلىك شاۋۇلداش ئاڭلانغاندەك بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىنلا گۈرۈلدىگەن ئاۋاز چىقىپ، بىنا سىلكىندى. - تۈگمەن تېشى يېقىراپ، ئۆگۈت سۆگەندىن تاشقا خۇددى كىچىككىنە نوگەيدىن تۆكۈلگەن سۇدەك بىر خىل قۇيۇلۇشقا، تۆۋەندە بولسا ئەگلەك چايقىلىپ، كېپەك ئايرىلىشقا ۋە ئاسقالغان ئۇن ساندۇققا چۈشۈپ ئېگىزلەشكە

باشلىدى. ئۇنىڭغا قىزىقىپ بىر ھازا قاراپ تۇردۇم، تۈگمەنچىنىڭ جېكىگىنى ئېسىمغا كەلدىدە، دەرھال سۆگەتكە كۆتىرىلدىم. ئۇگۇت تۈگمەنچى بەلگۈلەپ بەرگەن سىزىققا ئازلا قالغان ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا چاپسان خەۋەر بېرىۋېتىپ، ئىشىنىڭ تاماملىنىش پەيتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن يەنە جايىمغا كەلدىم. كۆپ ئۆتمەي تاش ئاستا پىقىراپ پۈتۈنلەي توختىدى، تۈگمەن ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق باستى...

بىر دەمدىلا ھەممە ئىش پۈتتى: ساندۇقتىكى ئىسسىق ئۇن مىشكاپقا قاچىلىنىپ، ئۇنىڭ ئاغزى باغلاندىدە، ئېگەرگە تېڭىلدى. ئەندى پەقەت تۈگمەنچى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيگە قايتىشلا قالدى.

— ھايات دېگەن قىزىق! ئۇ — ئۇن ژىللارغا سوزۇلغان بىر دەقىقە. قانچە كۆپ ياشىساڭ، ئۇنى شۇنچىلىك ئاز چۈشىنىسەن ۋە ئۇنى قانچىلىك ئاز چۈشەنسەڭ، شۇنچىلىك كۆپ ياخشى كۆرۈپ قالىسەن، — دېدى تۈگمەنچى خوشلىشىش ئالدىدا ھېچ نېمىدىن ھېچ نېمە يوق يە ماڭا، يە ئۆزىگە ئىلتىجا قىلغاندەك. ئۇ يەنە بىر نەرسە ئېسىغا چۈشۈپ ئالدىراشلىق قوشۇپ قويدى:

خەيىر، بەختلىك بول!

— ئىلتىماسچۇ! — ئۇنىڭ ئېسىغا سالدىم.

— ئەگەر قىيىن كەلمىسە؟

— نېمە دېگىنىڭىز، زىنەتوللا ئاكا...

— مويقەلەملەرگە قاراپ باق، ئەگەر تېپىلىپ قالسا، ئېلىپ قويارسەن، — ئۇ خاتىرە دەپ-تىرىدىن بىر ۋاراقنى ژىتىپ ماڭا بەردىدە، — ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئادرېسىمنى يېزىپ قوي، — دېدى.

— ئورۇنلاشقا تىرىشىمەن.

— مانا، ياخشى بولدى، ئاخچىسىنى تېلېگراف ئارقىلىق ئەۋەتىمەن. مۇمكىن بولسا پوچتىدىن سېلىۋەت، بولمىسا ئۆزەڭ تەتىلگە چىققاندا، ئېلىپ كېلەرسەن.

شۇ كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە يېڭى ئۇندىن نان يېقىلدى.

بىر كۈندىن كېيىن مەن ئۆزى گۈشلۈك سىنىپدىشىم بىلەن يولغا چىقتىم، خۇشاللىقتىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھەمرايىمغا قاراپ ۋە ئۇنىڭ ئۆز خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا «ئۇرا! ئۇرا ئۇرا!» دەپ ۋاقىراشلىرىنى ئاڭلاپ، گويا ئۇنى سۈرگۈندىن قايتقان مەھبۇستەك ھېس قىلدىم، ئۇنىڭ خورسەنلىكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي ۋاقىرىغان «ئۇرالىرى» ئاستىدا تۈگمەن-

چىنىڭ ئىلتىماسى توغرىلىق ۋە ئومۇمەن مېنىڭ ئاۋارە بولۇپ تۈگمەنگە بېرىشىمغا باغلىق بارلىق ئەرسىلەر يېقىن ئارىدا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقى توغرىلىق ئويلاپ ياقماي، ھەم مېنىڭ ئۆيگە قايتىشىم ئاددىيلا قايتىپ كېلىش بولمايدىغانلىقىنى، مەن كارپوۋكىنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇ تۈگمەن قالمىغان چاغدا قايتىدىغانلىقىمنى، شۇنداقلا يېنىپ كەلگىنىمدە زېھنەتۇللىنى، تۈگمەنچى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىۋراق كولخوز ياغلىچىسى سۈپىتىدە كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمەي، ئۆزەمنىڭ پىكىر - ھېسسىيات-لىرىمنى جەملەشكە تىرىشتىم.

ئۇرا.

## 15

كارپوۋكىدا، ئىككى چوڭ كوچىنىڭ قىيىلىشقان جايىدا يازلىق ئاشپۇزۇل بار ئىدى. ئاشپۇزۇل تېررىتورىيەسىدە بۇفېت، ئۇنىڭدىن سەل نېرىدا، تېرەكلەر ئاستىدا پىۋوخانا ئىشلەتتى، ئۇنىڭ يېنىغا كاۋاپدان قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا چاققان بىر ئادەم، زاكىنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان ئوتىدا ھىدى دىماقنى يارىدىغان كاۋاپ پىشىرەتتى. بۇ يەردە ئاشپۇزۇل خادىملىرىغا مۇراجىئەت قىلمايلا بىر - ئىككى كرۇژكا پىۋو ئىچىپ، سېمىز قوي گۆشى-دىن پىشۇرۇلگەن بىر نەچچە زىق كاۋاپ بىلەن بىر دەم - يېرىم دەم راھەتلىنىشكە بولاتتى. ئادەم قاينىغان كوچىلاردىن ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان ئاشپۇزۇلدىن ھەم قورۇلغان ھەر خىل سەيلەرنىڭ، ھەم باشقا ئاچچىق - چۈچۈكلەرنىڭ ئىشتەينى غىدىقلىغۇچى ھىدى دىماققا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى...

بۇ يەرگە ئادەملەر تاماق يېيىش ۋە ئۇسسۇلۇق ئىچىش ئۈچۈنلا ئەمەس، شۇنداقلا تونەنى تىڭشاش ئۈچۈنمۇ كىرەتتى. تېرەك ئاستىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن كىچىككىنە مەخسۇس سۇپا ياسالغان. ئۇ بۇ يەردە ئولتىرىپ، باياندا ئويناتتى، ھەر خىل ناخشىلارنى، بولۇپمۇ تىڭ-شىغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئالتايدىكى چوڭ يولغا ئوخشىمايدىغان، ب ئو ئو م سېپى-دىكى چۇ دەرياسى بويلاپ سوزۇلغان خەتەرلىك چۇ چوڭ يولى توغرىلىق شوفيورلار ناخشى-سىنى، ئۇرۇش ژىللىرىدا كەڭ تارقالغان ژۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق ژىتىملار ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى. تونە بىر ئۆقتىدىن كۆز ئۈزمەي، چىرايىدا ھېچ قانداق ئىچكى ھاياجان، ھېس - تۇيغۇلارنى ئىپادىلىمىگەن ھالدا ناخشا ئېيتاتتى - ئېھتىمال، ئۇنىڭدا مۇنداق ھېس - تۇيغۇ-

لارمۇ يوقتۇر.

مەن ئاشپۇزۇلغا كەچكە يېقىن كىردىم ـ نەق ئەينە شۇ ۋاقىتتا تونيانىڭ كونسېرتى باشلىنـ ئاتتى ـ مەن ئۈستەللەرنىڭ بىرىگە جايلىشىپ، تاماق بۇيرۇتتۇم. تونە قېيەردىن بايانى چىقىرىپ، بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۇنۇپكىلىرىنى بىر ـ ئىككى باستىدە، يەنە چىرايىدىكى سۇرۇنلۇكنى ئۆزگەرتمەي، ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

رايا بۇ يەردە «فورد» ماركىلىق ماشىنىدا ئىشلەيتتى ۋە كەچ كىرگەن چاغلاردا پاتپات مەزكۇر يېشىل «فورد» بىلەن كۆرۈنۈشى سۈرلۈك «ئا م ئو» ماركىلىق ماشىنە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى بۇ يەرگە كىرىپ كېلەتتىندە، تونەنى ئېلىپ كېتەتتى، مەن ئەينە شۇ چاغـ دىلا ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ ئارقىسىدا قانداق «ئويۇننىڭ» بارلىقىنى چۈشەنگەن ئىدىم. كۆپ ئۆتمەي مەن تونەنىڭ ئاۋازىغا ئۆگىنىپ قالدىم. ئۇنىڭغا ئانچە ئەتىۋار بەرمەيدىغان بولدۇم. تونە ناخشا ئېيتاتتى، مەن بولسام ئۆز خىيالىم بىلەن بەند بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋاـ زىنى تىڭشىمايدىغان بولدۇم...

شۇ كەچتە راخىش ئىككىمىز خالى ئۈستەللەرنىڭ بىرىگە جايلىشىپ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە توغرىلىق، ئەڭ مۇھىمى مەن سەككىز يىل داۋامىدا بولمىغان كارپوۋكىدا يۈز بەرـ گەن ۋەقەلەر توغرىلىق ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. راخىش ئۇ چاغدا يېزا سوۋېتىدە سېكرېتار بولۇپ ئىشلەيتتى ۋە بۇ يەردىكى ھايات توغرىلىق ژىپەدىن ژىگنىسىغىچە بىلەتتى: بىز پاتپات ئۆزىمىزنىڭ «مۇھىم نەرسىلىرىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا، مەزكۇر سۆھبەتتىن كېيىنلا ئەستىن چىقىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى دەلىللەشكە ئۇرۇنۇپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ سۆزىنى بۆلۈشكە تىرىشەتتۇق. ئادەتتە مۇنداق سۆھبەتلەر يېرىم سائەتقىچە سوزۇلاتتىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋۇشقا باشلايتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. بىز جىم بولۇپ قالدۇق ـ ئاشپۇزۇلـ نىڭ ئىچى ئىلگەركىدەكلا ۋاڭ ـ چۇڭ ـ بىزنىڭ جىملىقىمىزنى بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى بۇزدى. بىزنىڭ سول تەرىپىمىزدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان ئورۇغاراق كەلگەن، توختىغان بىر ئادەم تونەنىڭ بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى، تونە بولسا كېچىكتۈرـ مەيلا ناخشىسىنى باشلىدى، ناخشىدا مۇنداق ساتىرلەر بار ئىدى: «ئاچچىقى يامان كاپـ تان كىچىككىنە مەيخانىدىكى كۆزلىرى دېڭىز تۇمانىدەك، شوخلۇقى ياۋايى تاغ ئۆشكىـ سىدەك، لەۋلىرى جىنەستىدەك، كومۇچ چاش قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدى...»

«رومانس! ـ بىردىن مەدەتلەنگەندەك بولدۇم. ـ زىنەتوللا!»

مەن ھاياجان ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم:

- بىز كۆرۈشمىگىلى قانچە قىش، قانچە ياز بولدى، زىيەتۇللا ئاكا؟

كۆز ئالدىمدا ھەقىقەتەنمۇ زىيەتۇللا تۇراتتى - ئۇ بىر ئاز ئويلاندى، كېيىن ئۇزىگە كېلىپ ماڭا پەرىشان ھالدا قارىدى.

- مېنى تونىدىڭىزمۇ، زىيەتۇللا ئاكا؟

- ئېمىشكە تونۇمايمەن، تۇگمەنگە كەلگىنىڭ ئېسىمدا.

- شۇنداق، ئۇنتۇماپسىز، - مەن بالىلاردەك خوشال بولۇپ كەتتىم.

- ئىيۇلدا... ئۇن بەشىنچى ئىيۇلدا بارغان ئىدىم...

- سەنمۇ ئۇنتۇماپسەن.

- بىر يېرىم پۇت بۇغداي ئېلىپ بارغان ئىدىم. ئىشلىرىڭىز قانداق، زىيەتۇللا ئاكا؟

- كۆپ گەپ، ھەممىسىنى بىردىنلا ئېيتىشقا بولامدۇ، ئۇكا؟

- تۇگمەنچۇ؟ ئائىلىڭىزچۇ؟ - مەن ھەممىنى ئارىلاشتۇرۇپ سوراشقا باشلىدىم.

- ھەممىسى ئۆز يولىدا، - دەپ سۆزسىلا جاۋاپ بەردى ئۇ.

- مۇراتنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

- سەن مۇراتنىمۇ ئۇنتۇمىدىڭمۇ؟ - ھەيران بولدى ئۇ. - مۇرات ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنى تۇغۇلغان ۋۇتى ئۆزىگە تارتماقتا. ئۇنى تۇگىتىپ يېزا ئېگىلىكى ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا چۈشتى. ھازىر بىرىنچى كۇرستا.

- رەخمىتۇللىچۇ؟

زىيەتۇللا، ئېمىشكىدۇر، سۆزنى باشقا ياققا بۇرىدى.

- سېنىڭ ئۆيىڭدىن خەۋەر ئالمىغىنىڭغا ئۆزۈن بولدىغۇ دەيمەن، - دېدى ئۇ. - تۇگمەننىڭ يوقىغىنىغا ئىككى ۋىلچە بولۇپ قالدى. ھازىر پۇتكۈل كولخوزدا ۋالتسوۋا ماشىنىسى بار، بىرلا تۇگمەن ئىشلەۋاتىدۇ - بىزدىمۇ خېلە ئىلگىرىلەشلەر يۈز بەرمەكتە، ئىنىم.

- ۋالتسوۋا دېگىنى نېمىسى؟

زىيەتۇللا سوئالنى ئاڭلىمىدىمۇ، يە بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشنى ھاجەتسىز دەپ ھېساپلىدىمۇ، نەيتەۋر، گەپ قىلمىدى.

- رەخمىتۇللا يوق، - دېدى بىر چاغدا ئاستا.

- قانداقلارچە؟

- شۇنداق، يوق... شۇ ئۇن بەشىنچى ئىيۇلدىن باشلاپ پۇتۇنلەي يوق... سېنىڭ بۇغدى

يىگىتى ئۇن تارتمىۋاتقان چاغدا ئۇنى تورىسىغا چۈشىدۇ دەپ كىم ئويلىغان ـ مانا شۇنىڭدىن بېرى... زەينەتۇللا جىم بولۇپ قالدى ۋە بىر پەستىن كېيىن داۋام قىلدى: ـ بۇ يەردە، ئىنىم، سەن ئەيىپلىك ئەمەس. باشقىلارمۇ ئەيىپلىك ئەمەس...

شۇ ۋاقىتتا بولغان ئىش چاقماق تېزلىكىدە ئېسىمغا كەلدى: مەن توگمەننىڭ ئالدىدىكى بەلدىگىدە ئولتۇراتتىم، رەخمىتۇللا بولسا دومبەمگە چىقىۋېلىپ، ئۇززۇم، بويىنۇمغا سويۇپ: «ئېتىڭنى بەر! ئېتىڭنى بەر!» دەپ سوراشقا باشلىدى. مەن: «بەرمەيمەن، ئەگەردە ئولتۇرالماي ژىقىلىسەن!» ـ دەپ جاۋاپ بەردىم.

مەن خىيالەن دەرەق ئۈچىدا رەخمىتۇللانى كورىدىغانغا ئىشىنىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم ۋە بىردىن ئۆززەمگە كېلىپ، يېنىمدا ئولتۇرغان راخىشنى كوردۇم...

ـ شەھەرگە قاچان قايتىمەن دەۋاتىسەن؟ ـ سورىدى زەينەتۇللا مېنىڭ يېقىن ئارىدا كېتىدىغانلىغىمنى بىلىپ ۋە ئىشەنچ بىلدۈرگەن ھالدا دېدى: ـ بوۋايىنى ھۆرمەت قىل، ئەتە ماڭا يولۇق. ساڭا بىر ئىشىم بار.

## 16

مەن شەھەرگە مېڭىش ئالدىدا سابىق توگمەنچىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتىم. تاختايدىن ياسالغان دەرۋازىنىڭ ئىشىگىنى يە زەينەتۇللىنىڭ چوڭ ئاپىسى، يە ژىراق بىر توققىنىمىكىن بىلمەيمەن، بىر موماي چىقىپ ئاچتى. ئۇ مېنى ئىدىتلىق ياسالغان ئاسفالىت يول بىلەن باشلاپ ماڭدى.

ـ ھە، زەينەتۇللا سىز توغرىلىق ئېيتقان، ـ دېدى موماي ۋە، مېنىڭ ھەيران بولۇۋاتقىنىمنى بايقاپ، ئۇيالغان ھالدا: ـ قېنى، ئۆيگە كىرىڭ، ـ دەپ تەكلىپ قىلدى.

بىز كەڭ ـ تاشا سارايغا كىردۇق، موماي مەن ئولتارغاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئۆيدە يالغۇز قالدىمدە، ئەتراپىمغا زەڭ سېلىپ قاراشقا باشلىدىم، ئېدەنگە قولدا توقۇلغان پالاس سېلىنغان، ئىشىك يېنىغا دىۋان، بۇلۇڭغا ئېتاژېركا قويۇلغان، دېرىزىلەرگە بولسا، ئاق چىتتىن تۇتاش پەردە تارتىلىپتۇ. ئۆيدە بارى شۇ نەرسىلەر ئىدى. لېكىن پۈتۈنلەي دېگىدەك كارتىنىلار بىلەن بېزەلگەن تاملار بۆلەكچىلا ھەيۋەتلىك كورۈنەتتى. مېنىڭ كوز ئالدىمدىكى بىرلا رەسسامنىڭ ئەمگەكلىرى ئېكەنلىگىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىش كۇپايە ئىدى، كارتىنىلار ئاكۋارېل بىلەن سىزىلغان، ئۇلارغا نەزەر تاش-

لاپ، رەڭ بېرىشتە كۆك - سېرىق، ئاسمان رەڭ ۋە سۈس - كۆلرەڭ بوياقلارغا كۆپرەك ئۇستۇنلۇك بېرىلگەنلىكىنى بايقاش مۇمكىن. ئاكۋارېل بىلەن سىزىلغان بۇ كارتىنىلار ئاۋتورىنىڭ ئىسمى مەخپىي ئەمەس - ئەلۋەتتە، زىنەتۇللا ئىدى. تۇگمەنلەر كۆرۈنۈشىنى ژىللار داۋامىدا شۇنچىلىك ئىشتىياق، شۇنچىلىك سەۋر- چىدام بىلەن تەسۋىرلىگەن ئادەم شۇ بولماي، كىم بولسۇن!.. ئاكۋارېل بىلەن سىزىلغان كارتىنىلارنىڭ ھەممىسى ئاۋتور تەرىپىدىن ياسالغان يوغان رامكىلارغا ئېلىنغان. ئالدىنقى پلاندا - ئۇنىڭ بىر چېتى، كەينى تەرەپتە - ياغاچتىن ماھىرلىق بىلەن ياسالغان تونۇش قورۇلۇش - تۇگمەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. كارتىنىدىكى ئەرسىلەر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانكى، بىر قاراپلا ئۇنى ئاۋاگاردلىقلارنىڭ تۇگمىنى دېيىش قىيىن، بىردىن ئايلىنىدىغان يالغۇز ئاياق يولنىڭ ئاخىرىدا! تۇگمەنچىنىڭ قىياپىتى ئېپادىلەنگەن. كارتىنىدا ئۇزۇن سۇ چۈشەرگۈچ ئۇ بىلەن ياغاچتىن ياسالغان تۇغان - قاپقىلارمۇ بار. ئۇستەڭنىڭ بويىدا بولسا، يوغان قارا تېرەك ئاسمان بىلەن بويتالىشىپ تۇرىدۇ. تۇگمەن بولسا يەنە ئىككىنچى پلاندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئالدىدا تالدىن توقۇلغان قاشا، خوددى يەردىن ئۈسۈپ چىققاندەك كۆرۈنىدىغان يوغان تاش پارچىلىرى... ۋاتمان قەغەزگە سىزىلىپ، ئىككىنچى رامكىغا ئېلىنغان كارتىنا بولسا تاشلارنىڭ مەيرىمىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭدا تەبىئەتنىڭ سېھىرگەرلىك كۈچى بىلەن ھەر خىل شەكىللەرگە كىرگەن ئۇچلۇق، دۈگلەك، ياپىلاق، سىلىق ۋە قىرلىق تاشلار تەسۋىرلەنگەن، ئۇلار گويا يەر تار كېلىۋاتقانلىقتىن رامكىنىڭ سىرتىغا چىقىشقا ئىنتىلىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ - ئۇلار تۇگمەنچىگە نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك ئىلھام، مەنىۋىي كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدى، ئۇلار تۇگمەنچىنىڭ ھاياتىدا قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىدى بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم - زىنەتۇللا بولغۇسى تۇگمەن تېشى ئۈچۈن ئاساس ئىزدەپ، يوغان تاش پارچىلىرى ئارىسىدا كۆپ ژۆرەتتى، كۆزى چۈشكەن ھەر بىر تاشقا سىنچىلاپ قارايتتى، ئۇنىڭ پۇختىلىقى، سۈپىتىنى تەكشۈرەتتى، گويا جانان چىنىنىڭ دەزى بار - يوقلۇقىنى چېكىپ سىنىغاندەك، ئۇ يەر- بۇ يېرىگە بولقا بىلەن ئۇرۇپ كۆرەتتى، پەقەت «موشۇنىڭدىن تۇگمەن تېشى ياساشقا بولىدىكەن» دەپ كۆڭلىدە ئىشەنچ - قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭدىن سەل ئېرى ئېرىپ ئولتىراتتى ۋە يەنە ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەگەن ھالدا تاماكا چېكەتتى... ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئەسۋاپ - ئەسكىنىلىرىنى ئېلىپ كېلەتتىدە، كۆپ ئويلانماستىنلا ئىشقا كىرىشەتتى، تاش پارچىلىرى قاڭقىپ ئۇچۇشقا، ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراشقا باشلايتتى... ئۇ بىر تۇگمەن تېشىنى ياساش

ئۈچۈن بىر ئاي ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت تەر تۆكەتتى. زىنەتوللا ۋاقىت داۋامىدا مويقەلەمنى زادىلا قولىغا ئالماتتى - ئۇ قول مۇسكۇللىرىنىڭ يېنىك لىششىنى كۈتەتتى. كېيىن، ئارىدىن خېلە ۋاقىت ئۆتكەندە، ھازىرلا ساندۇققا چۈشكەن نىسىق ئۇن دوگىسىنى مىشكاپقا قاچىلاۋېتىپ، قولىنىڭ ئويدانلا يېنىكلىشىپ قال- غانلىقىنى، قەلبىدە نېمىنۇ بىر نەرسىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى - شۇ چاغدا ئۇ دەرھال مويقەلەم، بوياقلارنى ئوبلاتتى، تۈگمەندە ئىش بولمىغان كۈنلىرى ئىسكىنە بىلەن بولقىسىنى تاشلاپ، ئېتىۋدىنىك بىلەن تاشلار كەينىگە، ۋىراقلارغا كېتەتتى...

مانا بۇ كارتىنىدىمۇ زىنەتوللا تۈگمەننى ئارقا پلاندا، تەبىئىي تاشلار كەينىدە جايلاشتۇرۇپتۇ. ئېنىغراق ئېيتقاندا، بۇ كارتىنىدا تۈگمەننىڭ پەقەت ئۈستۈنكى تەرىپىلا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئېدى، ئۇنىڭ تۆۋەنكى قىسمى بولسا ئويمانغا چۆكۈپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، تۈگمەنمۇ ئانا يەرگە باغرىنى يېقىپ تۇرغان دەرەقلەر مىسالى يەرگە چوڭقۇر يىلتىز ئارتقان، تەبىئەت كۆچى بىلەن مۆجىزىگە ئايلانغان تاشلاردەك كۆرۈ- نەتتى. مەزكۇر كارتىنىدا يېشىل ۋە بېغىرەڭ، ئېچكىرىلىگەنسىرى - كۆك ۋە كۆلرەڭ بوياقلار پايدىلىنىلغان، ئۇلار مەنزىرىنى روشەن ئېچىپ بەرگەندەك سېزىلەتتى. مەن تاشلار مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كارتىنىغا ئۇنىڭدىن خۇددى باشقا كارتىنىلاردىكىگە ئوخشاش، بالىلارچە ساددىلىقىقا مايىللىقنى ئىپادىلەشتىكى سەممىيلىكنىڭ مۇكەممەل- لىگىنى ئىزدەپ، ئاۋتور پىكرىگە بىردە قوشۇلۇپ، بىردە قوشۇلماي، قەلبىمگە ياققان ئاھاڭداشلىقنى گىلە تېپىپ، گاھى تاپالماي، دىققەت بىلەن، خېلە قارىدىم... ئۇنىڭغا شۇن- چىلىك بېرىلىپ كېتىپتىمەنكى، ھەتتا مومايىنىڭ يېنىمغا كېلىپ تۇرغانلىقىنى بايقىماپتىمەن.

- بىزنىڭ ئەۋلادىمىزدا رەسساملار تۇرماق، ئۇززىنىڭ ئىسمىنى ساۋاتلىقىراق يازالاي- دىغانلارمۇ بولمىغان. بارلىقى دېھقانلار ئېدى. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئوي - پىكرى ئاشلىق - دان يېتىشتۈرۈشكە قارىتىلغان. ئۇلار نەمگەك ئەجرىدىن ئالغان ھوسۇلغا قاراپ شاتلى- ناتتى، ئەگەر ئاشلىق بولماي قالسا ئازاپلىناتتى. شۇڭا ئۇلار: «توقچىلىق - بەخت، ناچارچىلىق - كولپەت» دەيدىغان. بالىلارمۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزى بىلەن ماڭدى. زىنەتوللا بولسا، ئېسىغا كەلگەندىن باشلاپ قېرىنداشقا ئىشق باغلىدى، بىر ئېمىلەرنى سىزىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولدى، ئەگەر ئۇنىڭ قولىغا بىر پارچە قەغەز بىلەن قېرىنداش چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا كانىدەك چاپلىشىۋالاتتى... ئوغلۇم، ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى بۇلار بىلەنلا تۈگمەيدۇ، مانا بۇ ياققا قاراڭ، - دېدى موماي قولى بىلەن

يادىكى ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئىشارە قىلىپ.

خوشنا بۆلمە سارايدىن كىچىكرەك، لېكىن بۇ يەردىكى ناگۋارېل بىلەن سىزىلغان رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي باشقىچە ـ ھەممىسى پورترېتلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە پورترېتلار بىرلا ئادەمنىڭ ـ تۇگمەنچىنىڭ ئايالى ـ لۇئىزىنىڭ پورترېتلىرى.

ـ مانا بۇنى زىنەتوللا سىزگە بېرىپ قويۇشنى جېكىلىگەن، ـ دېدى موماي كونۋېرتنى سۇنۇپ. كونۋېرتقا، ئەجەپلىنەرلىكى، ئالتە يۈز سوم پۈتۈن ئاخچا (كونا پۇل بويىچە) ۋە كىچىككىنە خەت سېلىنغان ئىكەن. «ھۆرمەتلىك ئىسمايىلوۋ، ـ دەپ يازغان ئۇنىڭدا زىنەتوللا، ـ بىر سىزگە فامىلىيە بويىچە مۇراجىئەت قىلىش ئىنتايىن ئەپسىز، لېكىن ماڭا قاراڭ، مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى زادىلا ئەسلەلمىدىم (بەلكىم، ئۇنى پۈتۈنلەي ئاڭلىمىغاندىمەن) ئىنىم، مېنىڭ سىزگە كىچىككىنە ئىلتىماسىم بار. سىز شەھەردە بولغاچقا، مالال كەلمىسە، رەسساملار سالونىغا پاتپات قاراپ تۇرسىڭىز ۋە ئۇچراپ قالسا: 1ـ تىيىن ۋە كولونوك قىلىدىن ياسالغان مويقەلەملەرنى، 2ـ مايبوياق بىلەن ئىشلەش ئۈچۈن كېرەكلىك ژىرىك قىلىدىن ياسالغان مويقەلەملەرنى، 3ـ «لېنىنگراد» ناگۋارېل بويىقىنى (10 دانە)، 4ـ بىر نەچچە دانە مايبوياق توپلىمىنى (قۇتىلاردا بولىدۇ) ئېلىپ قويسىڭىز. ئەگەر ئۇلار تېپىلىپ قالسا، پوچتا بىلەن مېنىڭ ئادرېسىمغا سېلىۋەتسىڭىز. ئەپسۇسكى، مەن سىزنى كۈتەلىدىم، ئەھۋالغا باغلىق نەق ھازىر باشقارمىدا بولمىسام بولمايدىغان بولۇپ قالدى. كەچۈرۈڭ. سەممىي سالام بىلەن ئىلاخونوۋ».

... كۆك مەخسۇس كېيىم كىيگەن قىز ناگۋارېل بىلەن سىزىلغان پورترېت مېنىڭ ئويلىرىمنى بىردىن تونۇش بولمىغان دەۋرگە يېتەكلىدى: مەن ژۇقۇرىغا چىقىدىغان ئەگرى ـ توقاي پەلەمپەينى ۋە ئۇنىڭدا توفلىينىڭ ئۇكچىسىنى تاقىلدىتىپ ژۈگرەپ كېتىۋاتقان ياش پوچتىچى قىزنى كۆردۈم... قىز بىر كۆزىنى سەل قىسقان يېقىملىق ھالدا ناز ۋە نازىراق سادىلىق بىلەن: «ھە، قانداق، سىزگە بۇ ياقۇتتەك تىنىق كۆللەر ياقتىمۇ؟» ـ دەپ سوراۋاتقاندەك قىلاتتى. يەنە بىر ناگۋارېلدا بولسا چېچى مەڭزىگە يېرىم ئاي شەكلىدە چۈشكەن، فۇتبولكا كىيگەن ياش ئايال قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە يەنە شۇ بېشلار يەنە شۇ تەبەسسۇم، لېكىن بۇ پورترېتلاردىكى بېقىش ـ قاراشلار بىلەن تەبەسسۇم، خۇددى بىر ـ بىرىگە چاقىرىق تاشلىغاندەك. گويا سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرغان ئىلگىركى لۇئىزا ئەمەس، بەلكى «پوچتا» دەپ ئاتالمىش ئالاقە سىستېمىسىدا ئۆز ئىزىنى قالدۇرغان لۇئىزا

ئېنتېلېۋونا لىنىك تورىدۇ، دەپ مېنى ئىشەندۈرگەندەك سېزىلىشقا باشلىدى...

مانا يەنە ئادەمنى لال قىلىدىغان بىر نەچچە پورترېتلار: ئۇلار كىشىدە گويا ئاۋتور يېشىل، ھال ۋە سېرىق بوياقلار تۆكۈلگەندىن كېيىن مەجبۇرىي ھالدا ياخشى خاتىرە ۋە ئۈمۈتنى ئىپادىلەيدىغان كۆلرەڭ ھەم كۆك بوياقلاردىن ئازىراق پايدىلىنىپتۇ، دېگەن تەسىرات ھاسىل قىلىدۇ. ئېھتىمال، مانا بۇ كۆرۈمسىز ياسالغان پورترېتتا قاتتىق چىققان بوران پوچتىچى قىزنى يەرگە ژىقىتقان ۋە ئۆلۈم خەۋەرلىرى يېزىلغان «قارا خەتلەرنى» تەرەپ - تەرەپكە ئۇچارتقان، يەنە شۇنداق ئەھۋالدا لوئىزا كېيىن يېزا پوچتىخانىسىنىڭ قولايسىز، تار زالىدا سۆزگە چىقىشقا مەجبۇر بولغان، تەكلىپ قىلىنغان ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىدىكى تەشۋىشنى كۆرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ ھازىر بولىدىغان سۆھبەتنىڭ ئاچچىق قىسمىتى ھەققىدە ئالدىن - ئالا سېزىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئاياللارغا خاس خىسلەت بىلەن ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي ھۆكۈرەپ ژىغلاشقا باشلىغان...

يەنە بىر ئاكۋارېل بىلەن سىزىلغان پورترېت...

بۇ ئالاھىدە كۆرگەزمە تاماملانغان ئۆيدىكى دېرىزە تويۇغىغا ھەر خىل مويقەلەم - پەلكۈچلەر سېلىنغان ساپال ۋازا قويۇلغان، ئۇنىڭدىكى مويقەلەملەر رەڭمۇ - رەڭ بىر دەستە گۈلنى ئەسلىتەتتى...

17

يەنە - ئىلگەركى خاتىرىلەر.

... تىنك سايدىن كۆتىرىلگەن «گازىك» ياڭيېز ئېتىزى يېنىدىكى يول بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. «گازىكتا» ئۈچەيلەن - يول بويى بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىغان شوفېر، راخىش ۋە مەن. راخىش شوفېرنىڭ يېنىدا، مەن بولسام راخىش دۈمبىسىنى تىرەپ ئولتارغان يۆلەنچۈكنىڭ ئارقىسىدا ئولتاردىم. ھەر خىل ئىشلار ھەققىدە، لېكىن كۆپىرەك كولخوزنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە ئۇزۇنلىقى ۋە كەڭلىكى ئون كىلومېترغا سوزۇلغان چوڭ ئېگىلىك ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ كېتىۋاتىمىز. مۇھىمراق ئەرسىلەرگە ئالاھىدە توختىلىمىز. راخىش مېنىڭ ئىلتىماسىمغا ئېتىۋار بېرىپ، تۈگمەنچىنىڭ ئاخىرقى ژىللىرى توغرىلىق بىر ئاز سۆزلەپ بەردى - زىنەتۇللا ئايالىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر نەچچە ژىل ئېغىر ئازاپ چەككەن، لېكىن ئۆزىنىڭ ئىنتايىن كىم سۆزلۈك بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، بۇ ئېغىر جۇدالىققا بەرداشلىق بەرگەن، ئۇنى ئادەملەر كارپوۋكىنىڭ ئەتراپىدا، تاغدا ۋە كۆل بويىدا

رەسىم سىزىدىغان ئېتيۈدنىكى كۆتىرىپ ۋۇرگەن ھالدا كۆرگەن، ئۇ ئورغۇنلىغان كارتىنا، پورترېتلارنى سىزغان، لېكىن بىر كۈنى تۇيۇقسىز قازا بولغان: ئۇ توخۇ كاتەكنى ياساۋېتىپ، بىرىم سائەت دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتىرغان، ئاما بۇ «بىرىم سائەت» ئۇنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا ئايلانغان... راخش شۇنداقلا ھازىر يالغۇز بىرلا ۋالتسوۋا ماشىنىسى بار تۇگمەن ئىلگەركى بىر توپ سۇ تۇگمىنىنىڭ ھوددىسىدىن چىقىۋاتقانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى، لېكىن بىردىن ئالدىمىزدىكى يولدا قويۇق چاڭ كۆتىرىلگەنلىكنى كۆرۈپ – بۇ يەردە خۇددى بىزنىڭكىگە ئوخشايدىغان «گازىك» خامانغا قاراپ كېتىپ باراتتى – يە ئۆزىگە، يە ماڭا ئىلتىجا قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن دېدى:

– مۇرات ئىلاخونوۋ.

ماڭا ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئەجەپلىنىش ئاھاڭى باردەك تۇيۇلدى.

– مەن ئۇنىڭ بىزا ئېگىلىگى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغانلىقىنى بىلىمەن، – دېدىم.

– قاچانقى گەپ؟ چارەك ئەسىر ئىلگەركى گەپنى دەۋاتىسەن، – راخش كەينىگە بۇرۇلۇپ، قوشۇپ قويدى:

– ھەممىسى كۆرەشمەكتە.

– ۋۇقۇرى ھوسۇل ئۈچۈنما؟

– ھوسۇل بىزدە يامان ئەمەس، تۇراقلىق، – دېدى راخش.

– سەن چۈشەنمىدىڭ. ئۇ ئۇلكىلىك مۇزىي ئېچىشنى تەكلىپ قىلماقتا.

– كارپوۋكىدىما؟

– پەقەت بۇلا ئەمەس. ئىلاخونوۋ مۇزىي يېنىدا كارتىنىلار گالېرېيەسىنى، يەنى، – دېدى راخش ماڭا سىناق نەزەردە قاراپ، – ئاتىسىنىڭ ئىجادىي مىراسى ئاساسىدا مۇزىي يېنىدا فىلىئال ئېچىشنى تەكلىپ قىلماقتا. مۇرات زېنەتوللا ئاكىنىڭ ئۆيىنى ھېچ قانداق ھەق سورىماستىن كولخوزغا بېرىشكە تەييار. ئېيتقاندەك، مۇرات بۇ ئۆيگە ياخشى قاراۋاتىدۇ: ئۇ يەردىكى بارلىق نەرسە ئاتا – ئانىسى بار ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش – تەييار مۇزىي. ھەتتا ئۇ كونا تۇگمەن تېشىنى ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. تۇگمەن تېشىنى نېمە قىلىدۇ دەمسەن؟ مۇرات ئۆيىنىڭ يېنىدىكى باغدا دەپ كۆلدى راخش، – بىلىقچى كولخوزى تۇگمىنىنىڭ كۆچۈرمىسىنى ياساشقا، ئۇنىڭدا بولسا زېنەتوللا ئاكىنىڭ بەزى بىر كارتىنىلىرىنى ئېسىپ قويۇشقا ھەرىكەت قىلماقتا. مىراسلار كۆپمۇ دەپ نېمىشكە سورىمايسەن؟

– ھە، قانچىلىك؟

- ئېنىق ھېساپ: ئۈچ يۈزگە يېقىن كارتىنا، كۆپ بولسا كۆپكى، ئاز ئەمەس، يەنە شۈنچىلىك رەسىم...

- ئاكۋارېللارچۇ؟

- بىلمەمسەن؟ ئاخىرقى ژىللاردا، - راخىش ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى، - زىنەتۇللا ئاكا ماي بوياق بىلەن ئىشلىدى. ئەتتەڭ، سەن ئۇنىڭ قولىدا غوراز تۇتۇپ تۇرغان ئاۋتوپورترېتىنى كۆرمىدىڭدە - ئەجايىپ سىزىلغان. بىلەمسەن، شۇنداق سېمىز، قىزىرۇقسىز غوراز، ئۇنىڭ كەينىدە چەگرىدە كەپتەرلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

- كىچىك ئىلاخۇنوۋنىڭ بۇ مۇزېيى ئىشلىرى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

- دەۋاتىمەنغۇ، كۆرىشىۋاتىدۇ.

- سىلەرچۇ؟

- مۇتەخەسسىسلەردىن ئۇنىڭ مەخسەتكە مۇۋاپىقلىقى توغرىلىق پىكىر سورىدۇق. رەت قىلمىدى، ئېكسپېرتلارغا تاپشۇرۇق بەردى. ئېيتقاندەك ئۇلاردىن بىرى بىزگە كەلدى.ئۇ بولسا رەمەتلىك زىنەتۇللا ئاكىنىڭ بارلىق ئىشىنى ژىپىدىن ژىڭنىسىگىچە تەكشۈرۈپ قايتتى.

- خولاسىسىچۇ؟

- يېرىم ژىلدىن كېيىن كەلدى. ھېچ قانداق نەتىجە يوق.

- باھالىماپتىما؟

- شۇنداق، - راخىش ئۇلۇق - كىچىك تىنىدى، كېيىن داۋام قىلدى: ئۇلار زىنەتۇللا ئاكىنى بىلمەيدىكەن. ئىلاخۇنوۋ دېگەن فامىلىيە ئۇلار ئۈچۈن بىر تىپىنغىمۇ تۇرمايدىكەن. بىز ئۇنداق ئادەمنى بىلمەيمىز، ۋەسسالام: كىمكەن ئۇ شۇنداق؟ - دېيىشكىدەك.

- بۇ يەردە فامىلىيەدە تۇرغان نېمە گەپ بار؟ ئەمگىكىنى كۆرگەندىكى بولمىدىمۇ؟

- ئۈچ يۈزگە يېقىن ئەمگەك، - تەكرارلىدى راخىش.

- ئەللىك ژىل ئىچىدىما؟ - ئېتىراز بىلدۈردۈم مەن. - ھەم كۆپ، ھەم ئازىراق. بۇ يەردە ھېساپنى قايسى تەرەپتىن باشلاشنى بىلىش كېرەك.

- گالېرېيە يارىتىش ئىدىيەسى - يېزىدىكى مەنىۋى ئۆسۈشنىڭ دەلىلىمىش، - داۋام قىلدى راخىش كىنايە بىلەن. - ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەييار ئەمگەكلىرىدىن بەلگۈلەنگەن باھا بىلەن قانچىلىك كېرەك بولسا شۇنچىلىك نەۋەتىپ بېرىشكە تەييارمىش. كەلگەن ئېكسپېرت ھەتتا فوتو - سۈرەتلەر بىلەن بەزى كارتىنىلارنىڭ ئۆلگىسىنى كۆرسەتتى...

- فوتو - سۈرەتلەرنىما؟

- ھە، فوتو - سۈرەتلەرنى.

- ھەم سلايدىلار.

- ئۇزنىڭ لايىھەسىنى تېگىشقا كەپتۇ. توغرا رەئىسنىڭ كابىنېتىدا سلايدىلار بىلەن تونۇشتۇردى. كابىنېتتا مانا موشۇنداق ئولتىرىپ، كولخوز ئاكتىۋى بىلەن سلايدىلارنى قاراپ چىقتۇق.

- مۇنداق دە!

- ئېكسپېرتنىڭ كۆرۈنۈشى قانداق؟ - مەن راخىشنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى قويدۇم. - يېشى نەچچىلەردە؟ بوي - تۇرقىچۇ؟ - سالاپەتلىك ئادەممۇ؟

- مېنىڭچە، ئۇ يەتمىش ياشتىن كام بولمىسا كېرەك، لېكىن ئۇزىنى تۇتقان. سەلىم... دېۋىدىمۇ.

- يېنىدا بېرەيتىسى بارمۇ؟

- بېرەيتا كىيگەن.

- دېمەك، باراتوۋ.

- ھە، توغرا، تاپتىڭ، سەلىم باراتوۋ.

- ماشىنىڭنى توختاتقىنا، ئىنىم، - سورىدىم مەن ھەر نىككى ھەمرايىم ئۈچۈن كۆتۈلمىگەن بىر پەيتتە.

- نېمە بولدى؟ - سورىدى راخىش ھەيران بولۇپ.

- بىرەر سائەت ئېتىز ھاۋاسىغا قېنىۋالاي. شەھەرنىڭ دۇتلىرىنى ئۆپكەمدىن چىقىرىۋېتىشكە ھەربىكەت قىلىپ باقاي.

- چۈشىنىشلىك، - دېدى راخىش سائىتىگە قاراپ. - ئۇنداقتا ئىككى سائەتتىن كېيىن قايتقاندا ئېلىپ كېتىمەن.

«گازىك» ئۆز يولىغا راۋان بولدى، مەن بولسام توپ - توغرا بۇغداي ئېتىزى بىلەن كولخوز خامىنىغا، ئاشلىق چېتىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈيگە قاراپ ماڭدىم. مەن ئىچى قۇرۇق ئېرىق بىلەن كېتىپ بارىمەن، نىيەت قىلغان مۇزېينى تولۇق ئاڭلىمىغان ھالدا، باش ئاگرونوم بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىككىلىنىپ كېتىپ بارىمەن. بۇ ئىدىيە ئۆزەمگىمۇ نەجەپلىنەرلىك بولۇپ تۇيۇلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا: مۇرات ئىلاخونوۋ - باش ئاگرونوم، لېكىن پۈت ئۆزيورىيدا باش ئاگرونوملار ئازمۇ؟ قىزىقىش، ھەۋەسكە ئۇرالغان ئادەتتىكى ئىنسانىي ئاجىزلىق - تۇگمەنچىنىڭ ئوغلىغا ياردەم قىلىش كېرەكمۇ؟ كارتىنا گالېرېياسىنى

يارىتىش ئۈچۈن كېتىپ بارغان «جەڭنىڭ» تەپسىلاتىنى بىلىپ بېقىش كېرەكمۇ؟ بىر ئەرسىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۈركگەن ئادەمگە ناتونۇش ئادەمنىڭ قىزىقىشى بۆلەكچە تۇيۇلمامدۇ؟ مېنىڭ مۇراتىنى زىيارەت قىلىشىم ئۇنىڭدا تەشۋىش پەيدا قىلمامدۇ؟ مېنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىشىم كونا يارىغا تۇز سەپكەندەك بولمامدۇ؟..

مەن ئەينە شۇنداق كۆپلىگەن قارىمۇ ـ قارشى پىكىر ـ توقۇنۇشلار ئىلكىدە ئېرىق بويىدىكى چىمەندە ئولتاردىم.

مەيىن شامالدا بۇغداي ئېتىزى دېڭىزدەك چايقالماقتا، ئېھتىمال، شۇنىڭدىن بولسا كېرەك، ئىلاخونۇڭ ھەققىدىكى ئويلار كۆڭلۈمدىن ئۇچقاندەك بولدى. ئاشلىق پىشىپ قالغان ئېدى، قوغۇشۇندەك ئېغىر بۇغداي باشاقلىرى ئالتۇندەك رەڭ ئېلىشقا باشلىغان بولۇپ ئوما ئىشلىرىنىڭ بۈگۈن ـ ئەتە باشلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى، ئۇلارنىڭ سەلكىندە تىنىمسىز شىلدىرلىشى بىر چاغلاردىكى ئۇنتۇلاي دەپ قالغان ئاۋازلارنى ئېسىمگە سالدى.

ـ تاغ سۈيىنىڭ شاۋقۇنىمۇ؟ مۇمكىن. يامغۇر ۋاقتىدىكى ئورمانىنىڭ شىلدىرلىشىمۇ؟ ئوخشايدۇ. ياق. ئۇ چاغدا ماڭا بۇغداي ئېتىزىدا ئۇستەڭنىڭ شاقىرىشى، يامغۇر سۈيىنىڭ شىرىلدىشى ئەمەس، بەلكى تۈگمەن ئاۋازى ئاڭلانغان. گويا يېنىمدا ئونلىغان تۈگمەن ئىشلەۋاتقاندەك سېزىلگەن. ئېھتىمال، ئۇلار ئۆتمۈش ئاۋازلىرى بولغىدى. چۈنكى مۇنداقمۇ بولىدىغۇ: يۇلتۇز ئۆچىدۇ، ئۇنىڭ نۇرى بولسا ۋاقىت مۇساپىسى ئارقىلىق بىزگە خېلە ئۇزۇندا يېتىپ كېلىدۇ. شۇنداق ئېكەن، بۇغداي ئېتىزىدىن ئاڭلىنىۋاتقان يېقىملىق ئاۋازلار، ئۆتمۈش ئاۋازى، بۇنىڭدىن چارەك ئەسىر ئىلگىرى يېزا ئەتراپىدا ئىشلىگەن تۈگمەنلەر ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى بولۇشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ مەن بۇنىڭ ئۇنداق ئەمەس ئېكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئويدىن تۇغۇلۇپ چىقىرىلغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن، شۇنداقلا ئۆز ئىرادىسى بىلەن ھېسابلاشماي، ھازىر بار ئەرسىلەرنى كېلەچەكنىڭ ئارزۇلۇق ئىشلىرىغا ئايلاندۇرىدىغان ئادەم مېخانىزمى بىلەن ھېچ نېمە قىلىپ بولمايدىغانلىقىنىمۇ ياخشى بىلىمەن، ئۇ ساڭا بەزىدە خىيالىي بىر ئىشتەك كۆرۈنىسىمۇ، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بەرى بىر، سەن ئۇنىڭ رېئاللىقىغا ئىشىنىشكە باشلايسەن.

كېيىن يەنە شۇ شاۋقۇنلار، گويا ئېغىردىكى توسۇقلارنى يېرىپ ئۆتكەن ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بولدى.

ـ تىڭشا، شەرىپە، ـ دېگەن ئانامنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى.

ـ نېمە دېدىڭ، چولپانخان؟

ـ سېنىڭدىن بىر نەرسىنى سورايلا دەيمەن...

ـ سورا ـ جاۋاپ بېرىمەن.

ـ سىلەردە، كاۋكازدا قانداق؟

ـ نېمىنى دەۋاتىسەن؟..

ـ ئېيتايلى، يېرىچۇ؟..

ـ بەلكى، ھەممە يەردىكىگە ئوخشاشتۇر.

ـ تاغلىرىما شۇنداقما؟

ـ قانداق پولاتتى ـ تاغ دېگەن ھەممە يەردە تاغ، ئورمان دېگەن ھەممە يەردە ئورمان، ئادەملىرىمۇ شۇنداقلا... نېمىگە خورسىنىسەن، چولپانخان؟

ـ ئېھتىمال، ھەممە يەردە ئوخشاش دېسەڭچۇ؟ يەر يۈزىدە ھەيران قالارلىق ئىشلار كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزۈمنىڭ قىرى بىلەن كۆرۈشكە بولسىمىغۇ...

ـ قارا بۇنىڭ ئارمانلىرىنى! ـ دېگەن ئاستا ئاۋاز ئاڭلاندى. ـ ياخشىسى، مەن ساڭا بوغدايىنى تازىلاشقا ياردەم بېرەي.

ـ مانا، بۇ يەردە، كۆتەككە ئولتار...

ـ ب ـ نى ـ نى ـ پ؟ ـ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سەل نېرىدا تۇرغان «گازىكنى» كۆردۈم ـ دېمەك، ئېرىق بويىدا ئىككى سائەتچە ئولتىرىپتىمەن.

كېيىن بىز كەلگەن يولۇمىز بىلەن قايتتۇق. راخش كايىشقا باشلىدى:

ـ بىلەمسەن، مەن كىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم؟ نەق شۇنىڭ ئۆزى بىلەن. ـ راخش «نەق» سۆزىنى بىر ئادەم ئورنىدا پايدىلانغان بولسىمۇ، ئۇنى سۆز ئارىلا ئېيتىپ كەتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارىنى نەزەردە تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىردىن چۈشەندىم... ئۇ تاڭ سەھەردىلا بۇ يەردىكى بارلىق ئۇچاستكىنى ئارىلاپ چىقىپتۇ. فېرمىغا بارسام، بىلەمسەن، ئۇ شۇ يەردە ئىكەن. «كەچۈرۈۋەت، ـ دېدى قەھرىمانلارنى مۇزىكا بىلەن قارشى ئېلىش كېرەكتى، بىز ئۇنىڭغا ئۈلگىرەلمىدۇق». «ھە، ئۇ ئەندى تەھدىت سالىدىغان بولدى!» ـ دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ قىلىغى شۇنداق: «بۇقىنى چىمداپ ئولتۇرىدىغان» ئادىتى بار. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. «فېرما قۇرۇلۇشىنى قاچان تاماملاشقا ۋەدە بەرگەن ئېدىڭ؟» ـ دەپ سورىدى ئۇ. ـ «مايدا»، ـ دەپ جاۋاپ بەردىم. «توغرا، ماي ئېيىدا ھە، ھازىر قايسى ئاي؟» ـ «ھازىر ئىيۇلنىڭ ئاخىرى» ـ

دېدىم. «ھە، مانا، ـ دېدى ئۇ، سەن بولساڭ ئىشنى ئەندىلا باشلاۋاتسەن...» ئۆزەمنى ناقلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆردۈم ـ ئەدىكىنى!

ـ ئەندى نېمە بولىدۇ؟

ـ مەسىلە نېمىدە ـ «تىل يەيمىز». ئەتە ئەتىگەندىلا... سەن بولساڭ «شەھەرنىڭ ئىس ـ دۈتى» دەيسەن، ـ راخىش قايغۇرغان ھالدا كۈلدى، ئارىدىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ:

ـ ئېيتقاندەك، سەن ئۆزەڭدىكى بۇ دۈتنى چىقىرىۋېتەلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

رۇسچىدىن مالىك سادىروۋ تەرجىمىسى

# جامالدىن قاسىم

(1935 - 2000)



جامالدىن قاسىم 1935- يىلى ئۇيغۇرستاننىڭ غۇلجا شەھىرىگە يېقىن تورپان يوزى يېزىسىدا، ھونەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپكى بىلىمنى غۇلجىدىكى «مۇزارات» مەكتىپىدە، كېيىن «ئىلى» مەكتىپىدە ئالغان. 1953- يىلى «ئىلى دارىل- مۇئەللىمىنىگە» ئوقۇشقا چۈشۈپ، ئۇنى 1957- يىلى تۈگەتكەن. 1958- يىلدىن باشلاپ غۇلجا شەھەرلىك ياشلار كومىتېتىدا ئىشلىگەن. 1961- يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستاننىڭ فرونزې شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. 1961- يىلدىن 1970- يىلغىچە «قىرغىز ئاۋتوماش»زاۋۇتىدا، 1970- يىلدىن باشلاپ تا پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر قىرغىزستان تۆمۈر يول مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن. 2000- يىلى يۈرەك ئاغرىقى سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

جامالدىن قاسىمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1953- يىلدىن باشلانغان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى ئۇيغۇرستاننىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ياشلار گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»، «تارىم» ۋە باشقا گېزىت ژۇرناللاردا يورۇق كۆرگەن. سوۋېت

ئېلىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى هايات»، «ئىتتىپاق»، «پەرۋاز»، «ئارزۇ» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلغان.

شائىرنىڭ 1971- ژىلى «دىل دەپتىرى»، 1977- ژىلى «يوللار ۋە ئويلار»، 1983- ژىلى «ئىزدىگەنلىرىم»، 1988- ژىلى «كېلەر كۈننى كۈتكەندە...»، 1991- ژىلى «قەشقەر يولى» شېئىرلار توپلاملىرى يورۇق كۆرگەن.

شائىرنىڭ شۇنداقلا بىر قانچە شېئىرلىرى قىرغىز ۋە ئۆزبەك تىللىرىدا تەرجىمە قىلىنغان. جامالدىن قاسىمنىڭ قىرغىز تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشى بىلەن نادىربېك ئالىمبېكوۋنىڭ «گۈل ئۆمۈر» (1993)، مارخاباي ئاماتوۋنىڭ «ئوت بويىدىكى ئويلار» (1993) ناملىق توپلاملىرى نەشىر قىلىنغان.

جامالدىن قاسىم 1991- ژىلى بىشكېك شەھىرىدە قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ يېنىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بۆلۈمىگە رەئىس بولۇپ سايلاندى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە قىرغىزستاندا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى قىرغىز تىلىدا نەشىر قىلىندى.

# مايىمخان

خەلقىمنىڭ مەرتلىكىگە مەرتلىك قوشۇپ،
ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي سۆزلىگەندىڭ.
ئەرەنچە كىيىپ، ئاۋرال ئاشقىنىڭدا،
قەلبىڭدە ئازاتلىقنى كۆزلىگەندىڭ.

گۈلدەك پاك زىلۋا تېنىڭ كۆمۈلگەندە،
مايىمخان، ئىلى ئۆكسۈپ ئاققان ئېدى.
ئەزىزلەپ سېنى خەلقىڭ شۇندىن بېرى،
«قىزىم!»دەپ باغرىغا چىڭ ياققان ئېدى.

1972ـ يىل ئاپرېل

# گۈلەمخان

مۇھەببەت دەرياسىنىڭ نۇركىشى سەن،
گۈلەمخان، ئىشىق سەندىن تارالدىغۇ.
سۆيگۈنىڭ دېڭىزىدا كاراپ بولۇش،
سېنىڭ پاك ئىرادەڭدىن يارالدىغۇ.
گۈزەللىك قاراقچىسى – ئەڭگە چۇلاق،
ياۋ بولۇپ تا مەڭگۈگە قامالدىغۇ.
بۇ كۈنكى بەختى كۈلگەن گۈلەمخانلار،
ئەزىز ھەم ئەتىۋارلىق سانالدىغۇ.

1972ـ ژىل ئاپرېل

# تەبىئەت

نېمە دېگەن زېبا تەبىئەت،
گۈل ھۆسنىدىن بۇلبۇللىرى مەس.
تاڭ ۋەسلىگە تويماس دىل پەقەت،
قوياش يايسا نۇرلاردىن ئەتلەس.
مەن ئۆزەمنى خوش تەبىئەتلىك،
ھوسنى دىلدار دېمەكلىگىم تەس.
بىراق ئەشۇ تەبىئەتكە خاس،
ھىسلىرىم بار دېسەم بولدى بەس!
شۇ ھىسلارغا ۋۇجۇدۇم بىلەن،
پۈركىنىمەن لىرىك تونلارغا.
بەزەن شېخى سۇنغان دەرە قىتەك،
مۈگلىنىمەن قاراپ يوللارغا...
ئىھتەبىئەت سەھەر خۇشلىغى،
ئۆمۈرلەرنىڭ تەمى بار سەندە.
بىر مىنۇتلۇق كۆڭلۈم بوشلىغى،
پۈتمەس بەخىت قالدۇرار مەندە.

1976- ژىل ماي

# بولمىسۇن

چىنە چۈشۈپ كەتسە قولۇڭدىن،
كىم ئۇ ساڭا قايناتقان زەردە.
سۇنۇقلىرى ئەشۇ چىنىنىڭ،
پارچە ـ پارچە ياتىدۇ يەردە.
بىرى زەردە قىلدى، بىراقتا،
ئەل زەردىسىن كۆرمىسۇن بەندە.
چىنە سۇندى، ئاڭلىغىن بالام،
كۆڭۈل سۇنىغى بولمىسۇن سەندە...

# سادا

كۆڭۈل ئاسمىنىنى بۈگۈن بىر سادا،
قىلدى غەم ـ تەشۋىش ژۇكىدىن ئادا.
ئۇ ئىشەنچ تېگىنى يورىتىپ تەكشى،
قىلدى ئارىسىدە قەلبىدەك تازا.
بىلىندى تارىخنىڭ تارىن چەككەندەك،
بىلىندى مەرتلەر بويۇن ئەككەندەك.
بىلىندى بۇ ئۇچمەس ئوت هارارىتى،
ماڭا ئۆلمەسلىكنى بەخش ئەتكەندەك.
دېدىكى ئۇ ياڭراپ؛
قەلىپ تىلىمەن،
مەن يېرىڭ،
ئەۋلادىڭ بولۇپ كېلىمەن.
ئۈمۈتلەر ئاسمىنى مەن بىلەن ئويغاق،
ئىلهاملار چۆلىدە كۆرگەن سېنى مەن.
مەن مايىمخانىنىڭ تۆكۈلگەن قېنى،
مەن نازۇگۇمنىڭ چېپىلغان تېنى.
سادىرنىڭ ياڭراتقان قوشىغى بولۇپ،
غېنى ئىرادىسى بىلەن ئىزدىدىم سېنى.
ئاسماندەك كۆڭۈلگە يارىشىپ شەپقەت،
بىرىنى يېتەكلەپ كەتتى ھەقىقەت،
ئەل ئۈچۈن ئايىماي بىرى بەردى جان.
ئانا يەرگە بۇ كۈچلۈك مۇھەببەت!

بويۇكلۈك كۆكىدىن قالغان سادا مەن،
دۈشمەنگە ئوق بولۇپ كەلگەن قازا مەن.
نامەرتلەر كۆكسىگە قادالغان خەنجەر،
ئادالەت سوتىمەن،
شۇمغا جازا مەن!...
ئاناڭ مەن،
يارىڭ مەن،
ۋۇتمەس ئەسلىگمەن.
دېدى سادا: باھار پەسلىڭ مەن.
غەپلەت قوچىغىدىن سېنى قۇتقۇزار،
تېنىڭدە بارىڭ مەن،
قەلبىڭ، ۋەسلىگمەن،
مەن ۋەسلىمگە شۇئان قېتىلدىم،
سادا بىلەن كۆككە بىردىن ئېتىلدىم.
مېنى ئىزدىگەنلەر تەشۋىش چەكمىدى،
سادالار يېنىدىن مەنمۇ تېپىلدىم.

1981- يىلى ئاۋگوست

## گۈلدەستە

بىر دەستىخان،
بىر جوزىدا ئولتۇرۇپ،
ئىناقلىقنىڭ ئاپقۇرىنى تولتۇرۇپ،
بەھرى ئۇلۇق،
مېھىرلىك بۇ سەيناداا
ئاسىرىلۇق دوست گۈلىن ئالماي سولدۇرۇپ،
مەن شۇ سېخى گۈللەرنى سەيلىتىپ،
ژۇر گىنىم راس،
شاتلىغىمنى ياڭرىتىپ.
دوست قەلبىدىن تەرگەن چېچەكلىرىمنى،
دوست ئۈزىگە تۇتتۇم دەستە گۈل ئېتىپ...

1981- ژىلى نويابىر

# ياش ھاكىم

(باللادا)

زەنجىرلىنىپ ئۈمۈت قامىتى،
كېرىلگەندى تۆھمەت قانىتى.
دىلغا تەككەن تاشلار دەستىدىن،
كەلمەي قالغان مەرتلەر نامىتى.
ئەل بۇ ھېلە تورىنى ژىتىپ،
پاك نىيەتنىڭ تېگىغا پېتىپ،
ئوراۋالغان ھاكىم ئوردىسىن،
رەنجىشلىرىن كۆڭۈلنىڭ ئېيتىپ:
- سورىغىڭدىن دىل سۆز ئىچمىدى،
(سوراق شۇنداق ئاددىي ئىشمىدى؟!)
چۈشكىن ئەلنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن،
ئورۇن ئالغىن نەپرەت گۆرىدىن!
قۇۋ ھاكىمنى ئەجەل تىترىتىپ،
ئەقىل - ھوشىنى ئۇتتى پىتىرتىپ.
دەرۋازىنى ئۇرىۋەتتى ئەل،
غەزىۋىگە پاتماي ئىشتىرىشىپ.
ئاقساقال سۆز ئالدى تەۋرىنىپ:
ھاكىم - دېدى قالدى يەرلىنىپ.
چىقسۇن مونۇ ئىگىز سۇپىغا،
مەرتلەر ئەقىل بىلەن زارلىنىپ.
قىيىن سوراقلارنى سورىسۇن،

دىل بۇزارنىڭ ئالدىن تورىسۇن.
كۆڭۈل كۆزىنى يورۇتالىسا،
ھاكىم ـ دەپ ژۇت ئۇنى تۇتسۇن.
ژۇتنىڭ چوقانلىرى بېسىلىپ،
قالدى خىياللارغا ئېسىلىپ.
كىم چىقاركىن، دېدى ئورنىغا،
ئۈمۈت ئارقانلىرى كېسىلىپ.
نەل قەلبىدىن چىقماي قېلىپ ئۈن،
خېجىللىققا تولدى، بۇ نە كۈن؟!
زەنجىر ئۈزەر قەيسەرلەرمۇ جىم،
كۆزى باغلاپ ئالدىمۇ يە تۈن؟!
ئاي چۈشكەندەك توپىنىڭ ئىچىگە،
توپ ئايرىلدى بىردىن ئىككىگە.
كېلەر ئېدى ئاددىي بىر ژىگىت،
مەغرور بېشىن تۇتۇپ تىككىگە.
كۆڭلى ئوخشاش بولىسىمۇ كۆككە،
تازىم قىلىپ ئېگىلىپ كۆپكە:
ـ كەچۈرىڭلار،ـ دېدى،نەقلىمنى ـ
سېلىپ باقاي بۇ ئېغىر ژۈككە.
كۆتۈرىلىگەن ئېدى سۆپىغا،
قاراپ نەلنىڭ قايناق توپىغا.
كۆڭۈل كۆزى چۈشتى، نە قىلاي،
چىگىشلەنگەن سانسىز بوپىغا...
ژۇت ئۈنىڭغا باقتى ھەيرانە،
دوست قەلبى خوش، دۈشمەن ۋەيرانە.

گۇمانخورلار تارتىپ مىش - مىش،
ئىشەنچسىزلەر چاپتى ھەريانە.
- كۆرەيلى ياش ژىگىت تەدبىرىن،
چېلىپ كۆرسۈن ھەقنىڭ تەمبىرىن .
يېشەلىسە كىرگەن چىگىشنى،
دېدى خەلق: دەيمىز ئاپىرىن.
كۆپ ئىچىدىن بىرى دېدى: دات!
ئەل قارىسا، ئېكەن بىر خەتتات.
مىسكىنلىكتە بېلى پۈكۈلۈپ،
ئۆزى بولۇپ كېتىپتۇ قات - قات.
دېدى: مونۇ قانۇنلۇق جۇپتىم،
ئېدى مېنىڭ ئايالىم كۆپتىن.
مۆككىندەك كۆكتىن گۈزەل ئاي،
تۆگۈچلىرى بىلەن ژۈتكەندى توپتىن.
ئاياللارغا كېرەكمىدى زەر،
.ئۆز ئايالىم -
تونىمايمەن دەر.
خەتتات بولۇپ يارىلىپتىمەن،
قاتتىق ئېكەن كىرەي دېسەم يەر.
ھەممە ھەيران بولۇشتى بېقىپ،
خىيال قاناتلىرىنى قېقىپ.
ھاكىم بولسا دەل موشۇ چاغدا،
ئەقىل كۆلىدە ژۈرەتتى ئېقىپ.
ژۈت شامالسىز كۆلدەك تىپ تىنىق،
تۈرار سوراقنى ئاڭلاشقا ئېنىق.

ـ راست خەتتاتنىڭ ئايالىمۇ سەن؟
ـ ياق، سودىگەر ئېرىم كوپ ژىلىلىق.
ـ ئالغانمىدىڭ سەن قىز چېغىڭدىن؟
ـ ئوزەم ئوزگەن ئېدىم بېغىمدىن.
ـ ئېچۇن خەتتات دەيدۇ ئايالىم؟
ـ قۇتۇلدۇرۇڭ توھمەت دېغىدىن...
ھاكىم ئويلار قېتىغا ئورالدى،
مىڭ بىر تۇساق كېلىپ تورالدى.
بىر نەرسىنى تاپقاندەك ئاخىر،
كوزى ئايال ياققا بۇرالدى.
ـ سىيا توكەپ قالدى دۇگەنتە،
بىر سۇ قويۇڭ ـ دېدى دۇگەتكە.
بىر چىنە سۇ ئېپ چىقتى ئايال،
ھاكىم قاراپ تۇرىدۇ چەتتە.
ئاۋال قويۇپ ئازىراق ئالقانغا،
قالغان سىياغا سۇنى قاتقاندا،
بار زېھنىنى سېپ تۇردى ھاكىم،
ئىلىندىڭ،ـ دەپ ئەمدى قاپقانغا.
يېشىلگەندەك سىرلىق بىر توگۇن،
خوشال بولۇپ ئۇمرىدىن بۇگۇن:
ـ ئايالسەن خەتتاتنىڭ ـ دېدى،
سودىگەرنى قىلىمەن سۇرگۇن!
سىيادانىنى ژۇرگەچكە سۇلاپ،
كەلتۇردۇگۇ، تۇرماستىن ئويلاپ.
سودىگەرنىڭ بولساڭ ئايالى،

قويماس ئېدىڭ سۆزنى ئۇچۇملاپ.
سودىگەرنى نەپرەت دارىغا ...
ئاسسام، خەلق كىرمەك ئارىغا.
قولاق سالماڭ دېدى مەككارنىڭ،
مىڭ يۆكلىنىپ قىلغان زارىغا.
ئەلدە چوقان ئاسمان ئارلىدى،
ياش ھاكىمنىڭ مېھرى پارلىدى.
دىل ئالقىنى بىلەن كۆتۈرۈپ،
ئۇنى يارلىق بىلەن يارلىدى.
ژىگىت ئېدى ئەل بىلەن دىلداش،
ژۆرىگىدىن، مېھرىدىن تىلداش.
شۇندىن بېرى ياش ھاكىم قەلبى،
ئۆز ژۇتىغا بوپ قالدى سىرداش.

1981- ژىلى، سېنتەبر.

# شەبنەم

گۈل لېۋىگە تاڭنىڭ شەرۋىتى --
شەبنەم چۈشۈپ ئۈزاردى ئۆمۈر.
تاڭدا تۇرۇش ئىنسان ئىززىتى،
ئىززىتىڭنىڭ شاراۋىتى سۈمۈر.
تاڭ،ساپ هاۋا تۇزاڭدىن خالى،
شەبەم ئوخشار تازا قەلبكە،
چاقناپ تۇرار ئۈنىڭدا پاكلىق،
لايىق شۇڭا ياخشى تەرىپكە.
شەبنەم بولۇپ تاڭدا تۇغۇلۇش،
نادەمگىمۇ بىلسەڭلار خاستۇر،
لەززىتىنى بىلگەنلەرگىلا
ئەشۇ شەبنەم شەرۋىتى خاستۇر.

# قۇتلۇق سەپەر

(داستاندىن پارچە)

تاۋاپ قىلىپ ئۆتتۈم غۇلجىنى
غۇلجا،
غۇلجا،
ئەي تەۋەررۈك گۈل شەھەر،
كىرىپ كەلدىم ساڭا بۈگۈن تاڭ سەھەر.
تاۋاپ قىلدىم تۇپرىغىڭغا، ساۋاپ دەپ
ساۋاپ ئىكەن ژۇتقا قىلغان ھەر سەپەر.
ئارام بەردى تاۋاپلىرىم دەردىمگە.
مەدەت بەردى ئەر - ژىگىتلىك قەرزىمگە،
باردىم مانا بوسۇغاڭدىن ئۆتۈپلا،
نەسلىم پەخرى سادىر پالۋان قەبرىگە.
ئالدىم ئۇنىڭ تۇپرىغىدىن بىر چىمدىم،
ئالغان كەبى ئۇنىڭ ئىللىق مېھرىدىن.
ھەيۋەتلىك بىر قەبرە بولمىسىمۇ،
بۈيۈكلۈكنى كۆردۈم موشۇ قەبرىدىن.
ئۇلۇق لوتۇن ئوتى يالقۇنلاپ،
كۆيمەكتە ئەي غۇلجا پۈتكۈل ۋۇجۇتتا.
تىزىم پۈكۈپ مايىمخاننى مەن يوقلاپ.
ئۆتتۈم ئىچى - تېشىم كۆيۈپ چوغ - ئوتتا.

* * *

ئىلى بويى،
ئاق ئۆستەڭنى مەن كەزدىم،

ئەلنىڭ ئۇلۇق سۆدەك مېھرىنى مەن سەزدىم.
يادقا چۈشتى سېپىل سوققان دەرتلىك يۇرت.
رىزۋانگۈلچۇ ـ يۇرتى ئۈچۈن كۆيگەن قىز،
غۇلجا،
غۇلجا،
ئەر يەتكەندە مەن كەلدىم،
چېلىشلاردا تۇتۇشقىدەك بوپ بەلدىن.
ئۆز ئانىسى ئېچۈك خوشال بولمىسۇن،
ئوغۇللىرى قۇرامىغا يەتكەندە...

* * *

ئېھ ئۈرۈمچى،
ساڭا كەلدى بۇ بالاڭ،
قىزىل بېنا،
كىملەر بىلىم ئالمىغان؟
كىملەر كېلىپ ساڭا، ئۆيگە يانمىغان،
كىملەر تېنى تۈرمىلەردە قالمىغان!
مانا شۇنداق ئەسلەپ ئۆتتۈم مەن سېنى،
كۆرۈپ تۇرغان بولسامۇ كۆپ يېڭىنى،
مۆجىزىلەر تاڭ قالدۇرغان بولسىمۇ،
ئۇنتۇمىدىم قارا بۇلۇت، چېكىنى...
سەن ئېجاتنىڭ، ھۈر سەنئەتنىڭ بۆشۈگى،
سەن مەرتلەرنىڭ، گۈزەللىكنىڭ تاجىدەك،
سەن سەيياھنىڭ مەپتۇنكارى يولىگى،
ياڭرار سادا سەندە مۇقام سازىدەك...،

# قەشقەر يولى

ئاتا،

ئاتا،

پەرزەندىڭدە بار ئامەت،

دىيارىنى قىلىپ ژۇرەر زىيارەت.

ۋەتىنىنى تاۋاپ قىلىپ يانغاندا،

پاك دېيىلەر، ئاق دېيىلەر دىيانەت.

قەشقەر يولى نەسىپ بولدى ماڭىمۇ،

بۇ ـ شەرىقنىڭ بىلسەڭ قىبلە گاھىغۇ.

ئىپپەك يولى، كارۋانلاردىن قاپتۇ ئىز،

ئۆتكەن بۇندىن تالاي ژىگىت، تالاي قىز.

قەشقەر يولى ـ بۇ ئەزىز يول، مۇقەددەس،

ئىلە بۇ يوللار سىرلىق شۇنچە، سۈسىز دەشت.

بىرلىرىگە بۇ يوللار چىن مەدەتكار،

بىرلىرىگە بەكمۇ قىيىن، تەس.

ئۆتتۇم تۇرپان ئۈزۈمىدىن تېتىپ تەم،

كورلا نەشپۈتىدىن لەززەت ئېلىپ ھەم.

ئەينە كۆچار قىزلىرىنى كۆرگەندە،

يوقالدى يول ئازاۋى ھەم قايغۇ ـ غەم،

سۈغا ئەمەس تەشنالىغىم دىلدىكى،

تاشنالىغىم يۈرتقا بىلسەڭ مېنىڭكى.

مۇزداۋاندىن ياڭلىغداق ئۆتسەممۇ،

تاغلار مېھرى قىزىق تۇرار دىلدىكى.

ئۆتتۇم ئىپپەك يولى بىلەن ياقىلاپ،

تۇرار قەشقەر پېشانىسى پاقىراپ،

بەرگۈم كەلمەس ئۆنى يېرىم ئالەمگە،
تومەن دەريا ئاقار ھەيۋەت شاقىراپ.

* * *

سەپەردە كۆردۈم ئۇلۇق دىيانەت،
ئېھ دىيانەت، ئادەمدىكى بىر ئامەت.
ئادىتى بار شۇڭا يۇرتىنىڭ ئەزەلدىن،
مېھمان كۈتۈش ناخشا بىلەن غەزەلدىن.
ناخشا بىلەن مېھمىنىغا نان تۇتۇپ،
ئانار تۇتۇپ ئالدى مېنى شات كۈتۈپ.
ھال سورىدى مەندىن قەشقەر دىيارى،
شۇنچە ئىسسىق، ئىللىق ئېدى چىرايى.
ھال سورىدى مېھرىدىن گۈل ئۈزىتىپ،
بۇلۇنمەستىن پەرزەنتىدىن خىيالى.
چۈنەكلىكتە قوغۇن بىلەن نان يېدىم،
بېشىمغا ئاق بادام دوپپىنى كىيدىم.
مانا ئۈزۈم،
مانا شاپتۇل،
قايماق يەڭ.
دەپ ئۈيىنىڭ كۆرپە سالدى تۆرىگە،
ئەزىز قەشقەر نەسلىمدىن بۇ چوڭ مىراس،
قەدىناسلىق ئۈنتۇلماس بىر ئۆمۈرگە...

1992- ژىل مارت

# مانناپ قاسىم



مانناپ قاسىم 1932- يىلى ئۇيغۇرستاننىڭ شىخو شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شىخو تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، 1949- 50- يىللىرى ئىلى ئەرلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. 1950- يىلى ئۈرۈمچى دارىلفۇنۇنىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1951- يىلىنىڭ ئاخىرىدا م. قاسىم دارىلفۇنۇن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن قوچار، تۇخسۇن، شايار ۋە قەشقەر شەھەرلىرىگە ئەۋەتىلىپ، ئۇ يەرلەردە «ئىجارى كەمەيتىش»، «يەر ئىسلاھاتى ئۆزگۈرۈش» خىزمەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. 1954- يىلى ماي ئېيىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، «شىنجاڭ گېزىتىدە» تەھرىر، مۇخبىر بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1956- يىلى بېيجىڭ رادىئوستانسىيەسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە دىكتور، 1957- يىلى بېيجىڭ «مىللەتلەر نەشرىياتىدا» كوررېكتور، تەھرىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1958- 1963- يىللىرى ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەردە بولغان.

مانناپ قاسىم 1963- يىلى قازاقستانغا، كېيىنەرەك قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەنت رايونى ئۇۋۇ - پوكروۋكا يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، سودا ساھاسىدا ئىشلەيدۇ.

ئۇ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ 1956- يىلى يازغان بىر قانچە شېئىرلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. قىرغىزستانغا چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «ئىتتىپاق»، «ۋىژدان ئاۋازى» گېزىت سەھىپىلىرىدە بېسىلىپ تۇردى.

1994- يىلى قىرغىزستان ئەدەبىيات - نەشرىيات بىيۇروسى تەرىپىدىن

قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئۇمۇتۇم مېنىڭ ئاتا يۇرت» ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بېرىلگەن. مانناپ قاسىمنىڭ تۇنجى شېئىرى «سېنى كۈيلەيمەن» ئىشقى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان.

ئەجەپ بىر ھىس ئويغاندى مەندە،
سېنى كۆرۈپ ساھىپجامال قىز.
مۇھەببىتىم ئۇلغايدى مەندە،
يۈرىگىمدە قالدۇردىڭ بىر ئىز.

مانناپ قاسىم ئانا ۋەتىنى ئۇيغۇرستاندىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىجادىدا ۋەتەننى سېغىنىش ئاساس تېما بولۇپ، ۋە ئۇيغۇرستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە تەييار تۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە يازىدۇ. ئۇنىڭ «شائىرغا» ناملىق شېئىرى ئەنە شۇ كۈرەش ئازاتلىقغا ئىنتىلىش غايىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

تۇر شائىر، ئۇرنۇڭدىن ياتما غەپلەتتە،
ئىلىنىڭ سۇلىرى تاشاي دەپ قالدى.
لىۋىڭنى چىشلەپ قالما ھەسرەتتە،
ئۇمۇتىنىڭ ئۇچقۇنى ياناي دەپ قالدى.

مانناپ قاسىم ئەسىرلەر مابايىندە مۇستەملىكە ھالىتىدە ئازاپ چېكىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە «خەلقىمگە» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

ئەي، مېنىڭ ئەسىرلەر دوزاقتا كۆيۈپ،
جەننەت ئېمىلىگىن بىلمىگەن خەلقىم.
ھەسرىتى ژۇرەكتە قان بولۇپ ئۇيۇپ،
بۇ يوروق ئالەمدە كۆمۈلگەن خەلقىم.

شائىر ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن داۋاغا چىققانلىقىنى شۇ شېئىرىدا مۇنداق ئىزھالايدۇ:

ئەۋلادىم ئالدىدا داۋاغا تۇردۇم،
داۋايىم ھە، مېنىڭ ئۇيغۇرستاندۇر.
ئەجدادىمغۇ ئۇ ئۆتكەن شۇ داۋا بىلەن،
ئەركسىز زېمىن ئۇ ـ بىر گۈلىستاندۇر.

مائاپ قاسىم كەلگۈسىدە ئۇيغۇرستاننىڭ ئازات بولۇشىغا ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭ «رىزۋانگۈل» ناملىق شېئىرىدا بۇ پىكىر ئوچۇق كۆرسىتىلـ گەن:

سەن كۆرسەڭ، بىز يوقلايمىز قەۋرەڭنى،
قەۋرەڭ ئۈزرە گۈل كۆتەرگەن نەۋرەڭنى.
ۋەتىنىڭدە بەختى كۈلگەن ئەۋرەڭنى،
شۇندا روھىڭ كۈلەر ئەزىز رىزۋانگۈل.

شائىرنىڭ «قەرزىم بار» شېئىرىدا ۋەتەن، خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۈرەشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ژۇرىگىنىڭ قىساس ئوتى بىلەن يېنىپ تۇرغانلىقىنى يازىدۇ.

ۋۇجۇدۇم جۇش ئۇرۇپ قاينايدۇ قېنىم،
كۈرەشكە ئۈندەيدۇ بىر ئالىي ئىستەك.
قەھرىنىڭ ئىچىدە تىترەيدۇ تېنىم،
قىساس ئوتى بىلەن يانىدۇ ژۈرەك!

مائاپ قاسىمنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭ تالانتلىق، ھەر تەرەپتىن يېتىلگەن، پىشقان شائىر ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئۇ قىرغىزستان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقان شائىردۇر.

# سىنى كۆيلەيمەن

ئەجەپ بىر ھىس ئويغاندى مەندە،
سىنى كۆرۈپ ساھىپجامال قىز.
مۇھەببىتىڭ ئۇلغايدى مەندە،
يۈرىگىمدە قالدۇردىڭ بىر ئىز.

ئۆچەرمۇ بۇ ئىز؟ ئۆچمەس مەڭگۈ،
ئۆچمەس بولۇپ قالغان مېنىڭدە.
ئۆچەرمەسمەن مەڭگۈ تا ئابەد،
بۇ ياش جېنىم بولسا تېنىمدە.

مەن كۆيلەيمەن ناخشامدا سىنى،
كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن قىلچىلىك گۇمان.
كۆيلىگىنىمنى كۆرگىن سەن، قېنى؟
بۇ جاھاندا بولسام مەن ئامان.

سىنى كۆيلەيمەن، سىنى كۆيلەيمەن،
سىنى كۆيلەيمەن كۆڭلۈم قانغىچە.
كېچىلىرى كىرپىك قاقماسمەن،
ھەققىڭدە قوشاق يېزىپ تاڭغىچە.

1956- ژىلى، بېيجىن.

# جۇدالىق

كۆزۈمگە بىر ئىسسىق كۆرۈنۈپ،
ئالدىمدا جىلۋە قىپ تۇراتتىڭ.
كەل دەپ قۇچىقىمنى ئاچقاندا،
ئوزەڭنى پەرۋاندەك ئۇراتتىڭ.

قېشىڭدا بىر مىنۇت بولمىسام،
كەينىمدىن قالمايتتىڭ، ئۇلەتتىڭ.
يىغلىسام يىغلايتتىڭ، كۈلگەندە،
قوشۇلۇپ سەنمۇ تەڭ كۈلەتتىڭ.

«راستىنلا مېنى سەن سۆيەمسەن؟
مەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈيەمسەن؟
مەن ئۆلسەم ئۆلەمسەن؟» دېگەندە،
«ھەممىگە رازى مەن» دېگەندىڭ.

ئېيتقىنا، شۇ سۆيگۈ راستمىدى،
«راست» بولسا، نېمىشكە جۇدالىق؟
جۇدالىق بىزگىلا خاسمىدى،
بولمىسا، نېمىشكە جۇدالىق؟

1956ـ ژىل، بېيجىن.

# ئىلتىجا

رەنجىدىڭ، قېيدىدىڭ سەۋەپسىز،
قاراڭنى كۆرسەتمەي، يوقالدىڭ.
تۆرت تامنىڭ ئىچىدە مەن قالدىم،
كۆڭلىرىم ئۆتمەكتە كۆڭۈلسىز.

ھىجراننىڭ نازاۋى قىينايدۇ،
تىترەيمەن ياپراقتەك تىنىمسىز.
ژۈرىكىم تېپىرلاپ تىنمايدۇ،
ھاياتىم مەناسىز سېنىڭسىز.

ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمىگىن،
كۆڭۈلنىڭ كۆپىسى ساناقسىز.
غازاڭنىڭ ئىچىدە يۈرمىگىن،
قالمىسۇن ياپىراق ياماقسىز.

كەل، جېنىم ئۆيۈمگە ـ ئۆيۈڭگە،
ئېيتمىغان ئورغۇن سۆزۈم بار.
قىزىم بار قولۇڭدا ـ قىزىڭ بار،
كەينىڭدە «ئانا» دېگەن ئىزىڭ بار.

1966ـ ژىلى، چىمكەنت ـ تېمىرلان.

# كۈز تەسىراتى

كۈز، شامال سارغايغان يېشىل ياپراقلار،
بۇ ئېدى كۆكلەمنىڭ ھىجران بەلگۈسى.
خىيالىم ھېمىشەم ئانا تۇپراقتا،
دىلىمنى ئېزدەتتى ئۇنىڭ كەلگۈسى.

ئۇ يەردە كەچ ـ كۈزنىڭ مەسۇم شامىلى،
ياپ يېشىل باغلارنى ئەيلىدى غازاڭ.
ئېرىقتا ئاقماقتا يېتىم ياپراقلار،
«قويۇنتاز» دەستىدىن يۇرتۇم چاڭ ـ توزاڭ.

قۇترىغان بورانىنىڭ دەھشەتلىرىدىن،
توزىدى توزغاقتەك مىللىئونلىغان جان.
ۋەھشىلەر كۆتەرگەن قىلىچ بىسىدىن،
ئاخماقتا يوللاردا لەختە ـ لەختە قان.

دەرەختە يېتىم ياپراق تىترەيدۇ،
ئانا قۇچىغىدا بوۋاق ئىڭرايدۇ.
كۆكنى قاپلىغان نالە ـ پەريياتنى،
بىلمىدىم ئالەمدە كىملەر تىڭلايدۇ؟

كۈز شامال، سارغايغان يېشىل ياپراقلار،
دىلىمدا نە شاتلىق، نە بىر تەنتەنە!
خىيالىمدا نەشۇ ئەزىز تۇپراقلار،
ھىجراننىڭ ئازاۋى باشلاندى يەنە.

1967ـ ژىلى، تاشكەنت.

# شائىرغا

تور شائىر، نۇرنۇگدىن ياتما غەپلەتتە،
ئىلىنىڭ سۆلىرى تاشاي دەپ قالدى.
لېۋىگنى چىشلەپ قالما ھەسرەتتە،
ئۇمۇتىنىڭ ئۇچقۇنى ياناي دەپ قالدى.

ئىلىنى «تېچ ئاقار دەريا» دەيدىكەن،
ياق، مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن ھېچ.
قەلبىمدە جاراھەت قانغا بويۇلۇپ،
تەغدىرنىڭ ئىلكىدە ئاقارمەن تېچ.

ئىلىنى «تېچ ئاقار دەريا» دېگەن كىم؟
ئۇ دولقۇن ئىچىدە ئۆزمىگەن بەلكى.
غەزەپلىك تاشقىنلار تاشقان چېغىدا،
باغرىدا ئېسيانىنى سەزمىگەن بەلكى.

تور شائىر، سادىرنىڭ روھى، ھۆرمىتى،
بۇۋىلار شەنىگە كەلمىسۇن ئىسنات.
دولقۇنلار چارلايلو بىزنى قىرغاقتا،
بەلكى ئۇ يەردە باردۇر بىر نىجات.

1969ـ ژىلى، تاشكەنت.

## قەرزىم بار
(ئا. ئۇتكۇرگە)

سەن يۈرسەن ئۆز يۇرتىڭدا تەنتىرەپ،
مەن يۈرىمەن ئۆزگە يۇرتتا تەنتىرەپ.
ھەر ئىككىمىز بىر قوساقتىن ئېدىققۇ!
تەغدىر ئەجەپ ئايرىۋەتتى ھەر تەرەپ.

ساقى، قۇيغۇن شارابىڭنى دەردىم بار؟
ئەسىرلەرگە داۋايىم بار، دەستىم بار.
بىزنى شۇنچە ۋەيران قىلغان، خار قىلغان،
زامانلارنىڭ قانۇنىدا قەستىم بار.

شاراپ ئىچەي ژۈرەك تولۇپ قانغىچە،
ئىچىم تولغان پۇغان، ھەسرەت ئەرزىم بار.
مېنى بېقىپ، تەربىيەلەپ چوڭ قىلغان،
ئەل ئالدىدا ئۆتەلمىگەن قەرزىم بار.

ۋۇجۇدىم جوش ئۇرۇپ قاينايدۇ قېنىم،
كۆرەشكە ئۈندەيدۇ بىر ئالىي ئىستەك.
قەپەزنىڭ ئىچىدە تىترەيدۇ تېنىم،
قىساس ئوتى بىلەن يانىدۇ ژۈرەك!!!

1986ـ ژىلى، بىشكېك.

# خەلقىمگە

ئەي، مېنىڭ ئەسىرلەر دوزاقتا كۆيۈپ،
جەننەت نېمىلىكىن بىلمىگەن خەلقىم.
ھەسرەتنى ژۈرەكتە قان بولۇپ ئۇيۇپ،
بۇ يورۇق ئالەمدە كۆمۈلگەن خەلقىم.
ھۇنلارنىڭ شانلىق ژۈرۈشلىرىدە،
مويۇنچۇر بوۋام چىققاندا تەختكە.
غەرپنى پەسەنت قىلمىغان خەلقىم،
خىتاينى كۆزىگە ئىلمىگەن خەلقىم.
ئەرەپلەر چىقارغان قۇرئاننى كۆرۈپ،
مۇقەددەس جىھتنى يوقاتقان خەلقىم.
چىڭگىزخان دۇنيانى ئىگەللىگەندە،
ساۋاتسىز قالماقنى ئوقۇتقان خەلقىم.
مىڭ ژىللىق تارىخقا قايرىلدىم بۈگۈن،
مىڭ ژىللىق تەختىڭدىن ئايرىلغان خەلقىم.
تارىختا يول قويغان خاتايىڭ ئۈچۈن،
مىڭ ژىللىق بەختىڭدىن ئايرىلغان خەلقىم.
خىيالىم مۇقەددەس يۇرتۇمنى كەسسە،
ژۈرىگىم ئۆرتۈنۈپ ۋەيران بولىمەن.
مەھمۇتنىڭ دىۋانى ئالدىمدا تۇرسا،
ياقامنى تۇتۇپ مىڭ ھەيران بولىمەن.

كىم ئېيدۇق ئەسلى بىز، كىم بولۇپ قالدۇق،
كىملەرنىڭ قولىغا ئاھ قاراپ قالدۇق؟
كىملەر ئۇ شۇ كويغا بىزلەرنى سالغان،
ئەي قاتىل، ئالدامچى، جەننىتى يالغان!
ياراتتىڭ خۇدا، راست، ياراتتىڭ مېنى،
يارىتىپ قويدۇڭدە ئۇنۇتتىڭ مېنى.
بىلمەيمەن، ئالدىڭدا گۇنايىم نېمە؟
بۇ ئالەم ئالدىدا سارغايتتىڭ مېنى.
ئەۋلادىم ئالدىدا داۋاغا تۇردۇم،
داۋايىم ھە، مېنىڭ ئۇيغۇرستاندۇر.
ئەجدادىمىز ئۇ ئۆتكەن شۇ داۋا بىلەن،
ئەركىسىز زېمىن ئۇ ـ بىر گۇلىستاندۇر.

1991ـ ژىلى، دېكابىر.

# ۋەتىنىم سەن ئامان بول

## (لىرىكىلىق مونولوگ)

ئۇيغۇرىستان، ـ ئەسلى بوستان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول،
خەلقىم قەلبى گۈل ـ گۈلىستان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول،
قېدىمدىن نامى داستان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول،
مېنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ماكان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
موزىيۇنچۇر دەپ بوۋام ئۆتتى تاش ئۈستىگە خەت يېزىپ،
كۆل تېكىنىنىڭ ئىزىن بېسىپ، ئۇيغۇر دېگەن ئات سىزىپ.
ئەقلى كۆلدەك بولسىمۇ گەر ئۆتكەنلىگە بەك ئېزىپ،
قوچىغىدا قانچە خاقان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
گۈزەل قەشقەر شەھىرى ئىدى خاقانلارنىڭ ماكانى،
ئۇندا ئۆتكەن ئافراسىياپ قاراخانلار خاقانى.
چەكسىمۇ بۇ ئۇيغۇر خەلقى قانچە قايغۇ ـ جاپانى،
باش ئەگمىگەن ياتقان ھامان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
خوتەن دېگەن يۇرتۇم مەشھۇر ئىككى دەريا قېشىدا،
بەك شىپالىق خىسلىتى بار دەريالارنىڭ تېشىدا.
خەلقى باتۇر، مەردان ھامان سەپنىڭ ئالدى، بېشىدا،
خوتەن ماڭا بەك قەدىردان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
ئامانىسا مۇقامچىنىڭ يۇرتى ئىرۇر يەركىنىم،
ئۇندا ئۆتكەن رەشىدخاندەك شائىرلىرىم، ئەركىنىم،
باياشايات ئۆتكەن ئىدى خوشال ـ خورام ھەر كۈنۈم،
شۇ كۈنلەرنى سېغىنىدۇرغان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
ئىدىقۇت دەپ تۇرپاننىڭ شانلىق ئاتالمىشى نامى بار،
ئاستانىسى قېدىمدۇر، مۇنارىلاردا شامى بار.
ئۈزۈمىدىن شاراپ ئىچسەڭ قولدا سوققان جامى بار،
شاھلار تەختى گۈزەل تۇرپان ـ ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
قومۇلۇمنىڭ تاغلىرىغا تۆمۈر خەلپە ئىز سالغان،
خوجانىياز بايرىغىمۇ شۇ تاغلارغا قادالغان،
بايرىغىم مەرت قۇربانلارنىڭ قانلىرىغا بويالغان.
ماڭا روھى مەدەت بولغان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
بەشبالىقتا تەخت قۇرغان بىز، تەختىم يەنە ئۈرۈمچى،
تەقۋادادۇر خەلقى ئۇنىڭ ھەم ھۈنىرى ئۈرۈمچى.
چىڭگىز كېلىپ ئات قويغانتى ئۇيغۇر ئەسلى تېرىمچى،

قالغان ھەيران ياۋۇز خاقان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
ئەگرى تېغى ئېتەكلىرى بوك ـ باراقسان باغ ئېدى،
يەر، ھاۋاسى، سۈيى بىلەن خەلقىم كۆڭلى چاغ ئېدى.
يېشىل ئورمان، تاغلىرىمدا يەيدىغىنىم ياغ ئېدى،
يات قولىدا بولماي غازاڭ، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
مەن ئاداشتىم ئەگىر يولدا ئەگرىم مېنى كەچۈرگىن،
ۋەتەن دېگەن ئوغلانلارغا چىن قەسىمىم ئېچىلسۇن.
ۋەتەن ساتقان خائىنلارنىڭ ئۆلۈم تونى پىچىلسۇن.
ئەندى ھەرگىز ئالدانماسمەن، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
مەن ژۇرىمەن باشقا يۇرتتا، ۋەتەن ساڭا زار بولۇپ،
«قاچاق» دېگەن ئاسىم كەتتى يەر جاھانغا جار بولۇپ.
ئۆمرۈم ئۆتەر ھەر قەيەردە ژىتىمسىراپ، خار بولۇپ،
مۇساپىرلىق قىينايدۇ جان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
ئۇيغۇر دېگەن بۇ خەلقنىڭ پېشانىسى شور ئېكەن،
قېنى بىر چاغ ئېچىلغان ئۇ بەختى بۈگۈن خور ئېكەن.
تۇرت ئەتراپى يات، رەقىپلەر ئورىغان چوڭ تور ئېكەن،
ئېسىلەر بوپ كەتتى زامان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
يېرىم ئوتاش، ئېغىم ئوتاش، بىر دەرىيادىن سۇ ئىچكەن،
تىلىم ئوخشاش، قېنىم ـ قانداش بىر كىچىكتىن سۇ ئىچكەن،
راھەتنى تەڭ كۆرۈپ، جاپا ـ مۇشاقەتنى تەڭ چەككەن.
دوست ـ قېرىنداش كەتتى قايان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول،
ئايرىۋەتكەن «پانتۈركىست» دەپ جامائىتىم، جەمىدىن.
كىم ئۇ باشقا ئېغىر كۈنلەر سالغان ئايرىپ شەنىمدىن،
ئۇ يات دۈشمەن، يامان كوردۇم شەيتىنىمدىن، جىنىمدىن.
قارغىشىمدىن قالماس ئامان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
ئاڭلا جاھان يەتسۇن ساڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ نىداسى،
قارغىشىمدىن قالماس ئامان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.
ئۆز ئېلىگە ئۆزى خوجا بولۇشتۇر مۇددىئاسى،
يۇغانىم شۇ مېنىڭ ھامان، ۋەتىنىم سەن ئامان بول.

1992ـ ژىلى، ئاپرېل.

# رىزۋانگۈل

تويلىرىڭدا توگا ـ دۇردۇن پېچىلماي،
ئۆلەن ئېيتىپ، چاچقىلىرىڭ چېچىلماي.
ئۇن گۈلىڭنىڭ تېخى بىرسى ئېچىلماي،
ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولدۇڭ رىزۋانگۈل.
جەڭ مەيدانىغا دوستلىرىڭنى باشلىدىڭ،
شىنېل كىيىپ، ئالغا قەدەم تاشلىدىڭ.
جەسۇر ئىدىڭ، ئۆلۈمدىن ھېچ قاچمىدىڭ،
خەلقىمىزنىڭ باتۇر قىزى رىزۋانگۈل.
ئوكوپلاردا دۈشمىنىڭنى پايلىدىڭ،
دۈشمەنلەرنى ھەر قەدەمدە چەيلىدىڭ.
خەلقىڭ ئۈچۈن جانىنى پىدا ئەيلىدىڭ،
سەن زويادىن كام ئەمەسسەن رىزۋانگۈل.
كۆزلىرىدىن مۆنچاق ـ مۆنچاق ياش تۆكۈپ،
ھەر كۈن قەۋرەڭ قۇچاغلاپ، ھەم تىز پۈكۈپ،
دەرتلىرىنى ژۈرىگىگە چىڭ پۈكۈپ،
ئاناڭ ئۆتتى بۇ ئالەمدىن رىزۋانگۈل.
تارىخلاردا ئىپپارخانىنىڭ نامى بار،
نازۇگۇمنىڭ قەۋرىسىدە شامى بار.
مايىمخانىنىڭ «بويىنى كېسىك» جايى بار،
سېنى خەلقىڭ ئۇنتۇمايدۇ، رىزۋانگۈل.
بايراقتا سەن تۆككەن قانىنىڭ ئىزى بار،
ئەجداتلارنىڭ يېزىپ كەتكەن سۆزى بار.
ئۇيغۇرستان دېگەن مۆنچاق كۆزى بار،
ئۇندا سېنىڭ ئارمانلىرىڭ رىزۋانگۈل.
سەن كۆرسەن، بىز يوقلايمىز قەۋرەڭنى،
قەۋرەڭ ئۈزرە گۈل كۆتەرگەن نەۋرەڭنى.
ۋەتىنىڭدە بەختى كۈلگەن نەۋرەڭنى،
شۇندا روھىڭ كۈلەر ئەزىز رىزۋانگۈل.

1991ـ ژىلى، دېكابىر.

# ئۇستازىم

(ئابلىز ئېھىم ئۆتكۈرگە)

سەن كۆلمىدىڭ،
ئۇمرۇڭ ئۆتتى ئەلەمدە،
ئەجەب بىر مۇڭ ئاڭلىغاندىم نالەڭدە.
باغرىم تىلىپ كەتكەن ئەشۇمۇ،
داۋاسىنى تاپالمىدىم ئالەمدە.

ئۇستازىمسەن،
مۇرەببىمسەن، باشلامچىم،
گۈل ئىشقىدا ناۋا قىلغان سازچىمسەن.
ئەجداتلاردىن قالغان مىراس، بايلىقنى،
ئەۋلادىمغا يەتكۈزگۈچى ئەلچىمسەن.

تەبىئەتنىڭ ئىنئامىدىڭ شائىرىم،
سەن بىر ئۆلۈپ، ئۆلمەس بولۇپ تۇغۇلدۇڭ.
خەلقىم ئۈچۈن يار - يۆلەكسەن، تىرىكسەن،
ئەپسۇس، كۆپ ژىل بۆشۈگىدە بوغۇلدۇڭ.

ئىلھاملىرىڭ قايىنىغاندا جۇش ئۇرۇپ،
ياشلىق ئوتۇڭ لاۋۇلىغاندا خوش بولۇپ.

«قەلەم سۆندى، ئەلەم ئەزدى دىلىڭنى،
شامال دارىپ كېكەچ قىلدى تىلىڭنى».

خەلقىڭ سەندىن رازى ئەبەت، ئۇستازىم،
قەلەم بىلەن كورسەتتىڭ بار كۈچىڭنى.
ژىقىلساڭمۇ، گاڭ ئىرادەڭ تۆپەيلى،
دۈشمىنىڭدىن ئالدىڭ بىر ئاز ئۆچۈڭنى.

باشقا چۈشكەن ئېغىر كۈندە سېغىندىم،
يالغۇز قالغان غېرىپ تۈندە سېغىندىم.
مۇڭداشقىدەك دەرتمەنلىرىم تېپىلماي،
سېنى يادلاپ كۈندە - كۈندە سېغىندىم.

مېھمان ئۆزەم، مىزبان ئۆزەم ئۆيۈمدە،
ساقى بولۇپ تولدۇردۇم لىق جاملارنى.
سېنىڭ بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ تۈنلىرى،
تاڭ ئاتقۇزدۇم ئۆچەرمەستىن شاملارنى...

1995- ژىلى، ئوكتەبىر.

# ئۇيغۇرستانىم

ۋەتەن دېگەن سۆز ئەلگە يېقىملىق،
مىللەت دېگەن سۆز دىلغا يېقىملىق.
«ئۇيغۇرستان» دەپ ئېيتساق ۋەتەننى.
ئېيتقىلار ئاڭلانماس كىمگە يېقىملىق؟

جانجان ۋەتىنىم، ئۇيغۇرستانىم،
ئەۋلاتلار ئۇنۇتتى ئوغۇز خېنىڭنى.
نامىڭنى ئۆزگەرتكەن تارىخ خاتاسى،
ئاجرىتىپ تاشلاپ تەندىن جېنىڭنى.

تارىخنى ئۇنتۇپ خاتالاشماڭلار!
كۆپۈكتەك لەيلەپ يۈرگەن ئەپەندى.
ۋەتەننىڭ نامىنى كۆپ تالاشماڭلار،
سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئەپەندى.

تېنىمدە جېنىمسەن ئۇيغۇرستانىم،
سېنىڭدىن ئايرىلسام، ھالسىز بۇ جېنىم.
تومۇردا قېنىمسەن گۈلىستان ۋەتەن،
قېنىمدىن ئايرىلسام جانسىز بۇ تېنىم.

كىندىگىم كېسىلگەن ئەي ئانا يۇرتۇم!
ئەجدادىم خاكلىرى مۇجەسسەم سەندە.
مۇقەددەس تۇپرىغىڭ كۆزگە توتىيا،
ئۆمرۈمنىڭ كىتاۋى مۇقەررەم سەندە.

1996ـ ژىل.

# ئاتوم يېرىلدى

لوپنۇر بويىدا بىخسىدى تۈتۈن،
سۆپسۈزۈك ئاسمانغا تارالدى زەھەر.
مۇھىتنى بۇلغىدى قان ئىچەر مەلئۇن.
ئۆلۈكلەر مازارى زېمىن شۇ مەھەل.

جەننەتنىڭ كۆلىدە ئاتوم يېرىلدى،
زېمىنلار قاغجىراپ ياتىدۇ سۇسىز.
ئادەملەر، جانىۋارلار بىردەك قىرىلدى،
سايلاردا جەرەنلەر يوقالدى ئىزسىز.

بۇلاقلار مۇلدۈرلەپ كۆز تارتماس ئەندى،
ئاققۇلار سەيلى قىپ ئوينىماس ئەندى.
چىمەنلىك باغلاردىن بۇلبۇل ئۈركىگەن،
قالغاچلار ۋىچىرلاپ سايرىماس ئەندى.

باغراشنىڭ بويىدا قۇلان كۆرۈنمەس،
يۇلتۇزنىڭ ئاتلىرى كىشنىمەس ئەندى.
ئېتىزدا مۈكچەيگەن دېخان كۆرۈنمەس،
چۆللەرنى باغ قىلىپ ئىشلىمەس ئەندى.

قېنى، كىم كەلتۈرەر «قىزىل كىتاپنى»،
ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كىم ئاچار سەھىپە!
شۇم قىلمىش ئۈچۈن كىم بېرەر جاۋاپنى،
دەھشەتتىن ئىڭرايدۇ بۇ ئۇيغۇرىيە.

1995- ژىل، ئۆكتەبىر.

# خائىن

خائىننىڭ دەستىدىن ئىڭرايدۇ ۋەتەن،
خائىننىڭ دەستىدىن ژىغلايدۇ مىللەت.
خائىننىڭ دەستىدىن تىترەيدۇ بۇ تەن،
خائىنلار ۋەتەنگە پاجىئە، ئاپەت.

بۇ دۇنيا خائىنغا ئىززەت كۆرۈنۈپ،
شان ـ شۆھرەت، ئابروي ـ لەززەت كۆرۈنەر.
مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ غەم تەشۋىشلىرى،
پاراغەت ئالدىدا بەك سەت كۆرۈنۈر.

جان تاتلىق قىينالماي ياشىماق كېرەك،
خاتىرجەم ياخشى يەپ ـ ئاشىماق كېرەك.
خائىنغا بۇ كەسپى گۈزەل كۆرۈنەر،
«پايدىسىز غەملەرنى تاشلىماق كېرەك».

ھەس ـ ھەستە بىر ئىلپەت ياتار قىينىلىپ،
تەنلىرى تاياقتىن كەتكەن يېرىلىپ.
نېمە ئىش؟ ئۇ بىلمەس، خائىن ئۆزىچە،
«ساۋاپ ئىش قىلدىم» دەپ ژۈرەر كېرىلىپ.

ئاگاھ بول مىللىتىم، كەينىڭدە خائىن،
جەڭگىۋار سېپىڭدە قويىنۇڭدا خائىن.
تاپىنىڭ ئاستىدا، ئالدىڭدا خائىن،
«تۇمار» دەپ ئېسىلغان بويىنۇڭدا خائىن.

«سىياسەت»، «قانۇندىن» پەتىۋا تېپىپ،
تۇتاشقان ئوتلارغا سالقىن سۇ سېپىپ.
ئالامان توپلارنى ئۈركۈتكەن خائىن،
رۇسلانغان قەددىڭنىڭ بېلىگە تېپىپ.

ۋىژدانىنى مەنسەپكە، ئابرويغا سېتىپ،
جاللاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يېتىپ.

دوستلارنى دۈشمەن دەپ كوچكورتكەن خائىن،
چۇش كۆرۈپ ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كېتىپ.

ئىبلىسنىڭ «مېھرىگە» تويمىغان خائىن،
ئۆگەنگەن ئادىتىن قويمىغان خائىن.
شەرمەندە بولسىمۇ ئاغزى - بۇرنى قان،
ژىقلىپ، چېلىشقا تويمىغان خائىن.

ساقى، سەن كەلتۈرگىن پىيالەڭنى تېز،
خائىنلار زاۋالىغا قوي، ئىچەي شاراپ!
ۋەتەننىڭ دەردىگە كىم بېرەر جاۋاپ،
خائىنلار دەستىدىن مىللىتىم خاراپ...

1995- ژىلى، ئوكتەبىر.

# ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ

(1933 - 1997)



ئىبراھىمجان زاكىر خەلپەت ئوغلى ئىلىيېۋ 1933- ژىلى ئۇيغۇرستاننىڭ قورغاس ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قورغاس ۋە غۇلجا شەھىرىدە ئوقۇپ، 1952- ژىلدىن 1953- ژىلغىچە بېيجىڭدا بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىۋىدە ئوقۇغان.

1954- 1956- ژىللىرى شىنجاڭ - ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونلۇق كومسومول كومىتېتىدا، 1956- ژىلدىن 1960- ژىلغىچە «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1960- ژىلى ياشلار كومىتېتى بويىچە ژۈرگۈزۈلگەن سىتىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە ئوچ ئاي كۆرەشكە ئېلىنىپ «ئوڭچى»، «مىللەتچى»، «ئوڭ ئوپپورتونىست»، «رېۋىزىيونىست» دېگەن قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا - تورپانغا بىر ژىلغا ھايدالغان.

ئى. ئىلىيېۋ 1961- ژىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئالموتا، تاشكەنت، قىرغىزستاننىڭ ئالامېدىن رايونى ۋاسلوۋكا يېزىسىدا ياشاپ، 1997- ژىلى 10- ئوكتەبر كۈنى ۋاپات بولدى.

ئىبراھىمجان مەكتەپتە ئوقۇپ ژۈرگەن چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا قىزىققان. ئۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە ھەر تۈرلۈك تېمىلاردا ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. ئىبراھىمجان ئىلىيېۋ «كوممۇنىزم تۇغى» . «يېڭى ھايات» گېزىت سەھىپىلىرىدىمۇ

«دوستۇڭ قارغا بولسا...»، «مېھىر گىيا»، «سامان تېگىدە سۇ يار ئىكەن»، «سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن كۈنلەر»، «مىڭدىن بىرىنى ئىبىتسام»ۋە باشقا ئۇيغۇرستان مۇنەممامسى بويىچە بىر قانچە تارىخىي، سىياسىي ۋە ئەدەبىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ تۇرغان.

«دوستۇڭ قارغا بولسا...» ھەجۋىي ھېكايىسىدا يازغۇچى ئىش ئورنىنىڭ تايىنى يوق، بىكارچىلىقتا نېمە قىلىشنى بىلمەي، كۆپ ۋاقىتلاردا ھاراق ئىچىپ،غورراز سوقۇشتۇرۇپ، مەسچىلىكتە بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ جىدەل چىقىرىپ ژۈرگەن جەمىيەتكە قىلچە پايدىسى يوق ئەخلاقسىزكىشلەرنى تەنقىت قىلىدۇ.

ئى. ئىلىيېۋ «ئەۋلاتلار قەلبى» ناملىق تارىخىي،سىياسىي ۋە بەدىئىي رومانىنى ئۇمۇرىنىڭ ئاخىرىدا يېزىپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى نەشىردىن چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. مەزكۇر رومان 1944- 1949- ژىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان ھوكۈمىتى دەۋرىنى، 1949- ژىلدىن باشلاپ خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرستانغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىنكى ۋاقىئەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

# ئەۋلاتلار قەلبى

(رومانىدىن پارچە)

26ـ باپ.

## چېگارا بويىدا

ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئۇ جاسۇس قادىرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ھەم قانخور جاللات دۇگجۇي جاڭنىڭ يالاقچىلىقىنى قىلغان. مىللىي ئىنقىلاپ پەيتىدە گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قوشۇلۇپ، مىللىي ئارمىيەگە قارشى جەڭ قىلغان، ئورۇمچىدىكى «25ـ فېۋرال قانلىق ۋاقىئەسى»گە قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىگە قىلىنغان سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىدە بولغان، خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى شىنجاڭغا كېلىشى بىلەن دەرھال تېرىسىنى ئۆزگەرتىپ «ئىنقىلابىي كادىر» بولۇۋالغان. كېيىنكى بىر قاتار سىياسىي ھەرىكەتلەردە «كۆيدۈرگى ئاكتىپ» بولۇۋېلىپ، ئۇرغۇنلىغان ساپ ۋىژدانلىق كادىرلار ئۈستىدىن يالا ـ تۆھمەتلەر ياپقان ئىدى. ئەندى بۇ رەزىل مەخلۇقتا ئۆز «خوجايىن» لىرىنى تاشلاپ قورغاس تەرەپكە كېچىلەپ، ئالدىراش، مېڭىش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدىكىن؟!

«ئىشتانغا چىقارغاننىڭ كۆڭلىگە تايىنلىق». سىدىق ئۆزىنىڭ «يولەكچى»لىرىدىن رەنجىپ، يۈز ئۆرىگەن. «خوجايىن»لىرى ئۇنىڭ خىزمەت دەرىجىسىنى ئۆرلەتـكىنى يوق، بايىقى ئاددىي كادىرلىقىچە قېلىپ قالدى. ئىلگىرى ئۇنى «پارتىيەگە قەلبىنى تاپشۇرغان ئىنقىلابىي كادىر» دەپ ماختاپ، يەلكىسىگە ئۆرۈپ، «ئاكتىپـلىق قانىتى» بىلەن پەرۋاز قىلدۇرغان بولسا، ئەندىلىكتە «تارىخىي قاراڭغۇ» دېگەن گۇمانلىق سۆزلەر بولۇپ قالدى. بۇنى خېلىدىن بېرى سېزىپ ۋۇرەتتى. بۇ ئەھۋاللار سىدىقنىڭ «خوجايىن»لىرىغا بولغان ئىشەنچىنى يوققا چىقىرىپ، ئۆزىنى گويا تار خالتا كوچىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاجرىشىپ كەتـكەنلىكى تېخىمۇ مەيۈسلەندۈرگەن ئىدى. سىدىقنىڭ ئۇچىغا چىققان قارا نىيەت كۆيدۈرگۈلىكىنى بىلگەن ئايالى: «سەندىن ماڭا بەرى ـ بىر ۋاپا كەلمەيدۇ» دەپ

بىر بالىسىنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭكىگە كېتىپ قالغان. چۈنكى سىدىق ئايالـ
نىڭ ئاكىسىنى «ئوڭچى ـ مىللەتچى» دەپ، يالغان ياۋداقلار بىلەن ئەيىپلەپ،
تۈرمىگە قامىتىشقا باشلامچى بولۇپ بەرگەن. قورغاسنىڭ مازار رايونىدىكى
ئانىسى بىلەن ھەدىسى، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنىڭ ھەممىسى بىر ھەپتە ئىلگىرى سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىشكەن. ئۇ خېلە ۋاقىتلاردىن بېرى، كۆڭلىگە پۈكۈپ
قويغان ئويىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، غۇلجا قاتناش بېكىتىگە قورغاسقا بارـ
دىغان ماشىنا بېلىتى ئېلىشقا بارغان. بىراق غۇلجىدىكى «29ـ ماي ۋاقىئەسى»
قاتناشچىلىرى بولمىش، نەچچە مىڭلىغان خەلق توپى ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى
سەزمەي قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ نامايىشچىلار توپى ئارىسىدا ۋۇرگەنلىكىنى
ئىدارىسىدىكى خىتاي كادىرلاردىن بىرسى كۆرۈپ قالغان. سىدىق شۇ كۈنى غۇلجىدا
يۈز بەرگەن نامايىش ۋە قانلىق پاجىئەگە قاتناشمىغان بولسىمۇ، ئامما بەرى ـ بىر
ئۇنىڭ قاتناش بېكىتىدە، شۇ توپنىڭ ئىچىدە ۋۇرگەنلىكى ئۇنى ھەر نېمە دەپ
ئەيىپلەشكە كۇپايە قىلاتتى ـ دە! قانلىق ۋاقىئە يۈز بەرگەن كېچىسى تىنىچلىق
ساقلاش ئورۇنلىرىنىڭ ساقچىلىرى ئۆيمۇ ـ ئۆي ۋۇرۇپ گۇمانلىق كىشىلەرنى تۇتۇپ
قاماۋاتقاندا، سىدىق چاقچانلىق قىلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتكەن ئىدى.
سىدىق سېغىنغان ئۆزىنىڭ تۈرمىگە قامىلىش خەۋپىدىن، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە
چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن، چوڭ يولدىن چەتنەپ ماڭاتتى، چوڭ يولدا كېتىۋاتقانـ
لارنىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. بىراق ئۇ ئارزۇلاپ كېتىـ
ۋاتقان يەردە، ئۆزىنىڭ تەغدىرى قانداق بولۇشىنى ئويلىغىنىدا، كۆڭلى بەكمۇ
غەش بولۇپ، مېڭىشى ئاستىلىشىپ، پۇتلىرى ئالمىشىپ كېتەتتى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇـ
دىنى قورقۇنچ باساتتى. چۈنكى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتەلىسە، ئۇياقتىمۇ
ناھەق ئەيىپلەنگەن مىللىي كادىرلارغا دۇچ كەلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار سىدىقتىن
ئۆچ ئالماي قويارمۇ؟ ئۆز قىلمىش ـ جىنايەتلىرىنى يېپىپ بولمىغاندىن كېيىن،
ۋەھىمە قىلماي خاتىرجەم تۇرالاتتىمۇ؟ ھازىر ئۇنىڭغا ئارقىسىدىن دەھشەت قوغلاپ
كېلىۋاتقاندەك بولسىمۇ، ئالدىدىمۇ يەنە دەھشەت كۈتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەندى
ئارقىغا قايتىش مۇمكىن ئەمەس! باشقا كەلگەننى كۆرۈشكە رازى بولۇپ، تەۋەككۇل
ئالغا ماڭماقتىن ئۆزگە ئىلاجە يوق! «چېگارادىنلا ئۆتۈپ ئالالىسام، ئۇ ياقى بىر گەپ
بولار... بەلكىم ۋۇتتىن ۋىراق، چەت جايلاردا ياشاشقا توغرا كېلەر...» ـ دەپ

ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى سىدىق.

تاڭ سۈزۈلگەندە سىدىق «يانبۇلاق» قا يېتىپ كەلدى. سۈيدۈڭ، كورە تەرەپتىن ساقچىلار چىقىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، يەنە مېڭىشنى داۋام قىلدى. سۈيدۈڭ ناھىيەسىدىن قورغاس تەرەپكە توپ ـ توغرى كېتىدىغان ماشىنا يولىنى بويلاپ ماڭغۇەردى. قۇياش ئىككى ناغامچە بويى ئۆرلىگەندە، سۈيدۈڭنىڭ غەربى ـ جەنۇبىدىكى خارابى شەھەر «خۇڭ تەيجى*»دىكى قېلىن دەرەقلىقلەر ئارىسىغا كىرىـ ۋالدى. ئۇ ئاياقلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ماغدىرى كېتىپ، مېڭىشقا ھالى قالمىغان ئىدى. ئۇ شۇ يەردە قېلىن دەرەقلەر دالدىسىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن، تەشۇىشتىن بىرئاز بولسىمۇ تەرك بولۇپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى ۋە قاتتىق ئۇيقىغا كەتتى...

سىدىق چۆچۈپ ئويغاندى. تاش يول تەرەپتىن ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى كېلەتتى. بۇ ماشىنىلارنىڭ ئۈرۈمچى ياكى قورغاس تەرەپكە كېتىپ بارغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. خېلە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. كۈن چۈشـ تىن ئۆتۈپ، خېلىلا قايرىلىپتۇ. ئەندى بۇ يەردە ئىنىغا كىرىۋالغان بورسۇقتەك يېتىۋېرىشكە بولمايدۇ! سىدىق ياغلىقىغا تۈگۈلگەن پوچاق ئۇندا پىشۇرۇلگەن تارمۇشتەك ناننى قولى بىلەن ئۇشتالماي يېنىغا ئېسىۋالغان پىچىقى بىلەن پارچـ لاپ يېدى. بۇ يەردە ئىچىشكە سۇ بولمىغانلىقتىن، قۇرۇق ـ ژىرىك نان بوغۇزىغا تىقىلىپ قالدى.

سىدىق ماغدىرىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن كۈن پېتىش ياقتىكى ساندىخوزا تەرەپكە يول ئالدى. بۇ جايلاردىكى قومۇچلۇق، ئېگىز ئۆسكەن چىغلىقلار ئارقىلىق، قىزىل كۆرۈككە يېتىۋالسا، ئۇ ياقنى ـ چېگاراغا قايسى تەرەپتىن بېرىشنى ئۆزى بىلىدۇ.

***

شۇ كۈنلەردە ھىممەت ماڭغا ئەجايىپ كورەڭلەپ، چالۋاقاپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى كۈنلەردە چېگارادا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللار تۈپەيلى، ئۇ قەتئىي دادىللىق بىلەن چوڭ «ئىشقا» قەدەم تاشلاۋاتاتتى. قورغاس ساقچى ئىدارىسى چېگارا قوغداش

---

* خۇڭتەيجى ـ موڭغۇل ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ 16ـ ئەسىردە ئۆتكەن خانى.

ئەترىتىنىڭ دۈيجاڭى (ئەترەت باشلىقى) بولۇۋالغان ھەممەت ماڭقا خوجايىنلىرىغا ئېخىمۇ ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن «ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىش» پەيتىنى تاپالماي ژۈرەتتى.

ھەممەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى بارلىق قىلمىشلىرى ئۆز كۆڭلىگە تايىنلىق! ئۇنىڭ ھەرەمباغدا گومىنداڭچىلار بىلەن بىللە ئىنقىلابچىلارغا قارشى جەڭ قىلغانلىقىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى: «گومىنداڭچىلارنىڭ مەجبۇرلىشى ۋە ياشلىق، نادانلىقىدىن...» — دەپ كەچۈرۈم قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ دوڭجۈي جاڭ بىلەن ھەرەمباغدىكى گۇناسىز خىتاي ئائىلىلىرى بىلەن ھەقىقەتكە قايتماق بولغان چېرىكلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن قاتىللىقلىرىنى ھېچ كىم بىلمەيتتى. ھەممەتنىڭ بۇ خىل جىنايەتلىرى يېپىقلىق قازان يېپىقچە قېپ قالدى. بۇنى كېيىن كەلگەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيە خوجايىنلىرى بىلمەيتتى. ئۇلارغا ھەممەت ياخشى كۆرۈنۈپ قالدى: «يەر ئىجارىسىنى كەمەيتىش»، «ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنى بېسىقتۇرۇش»، «ئۈچكە قارشى ھەرىكەت»، «يەر ئىسلاھاتى»، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە باشقىمۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە راسا يارامىلىق «ئۇۋ ئىتى» ئېكەنلىك سالاھىيىتىنى كۆرسىتەلىدى. بۇ ھەرىكەتلەردە گۇناھكارلارنى ئۇرۇش، ھەر خىل جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشتا «خوجايىن»لىرىنى رازى قىلالىدى. بولۇپمۇ ئەيىپلەنگەن كىشىلەرنى ھەممەت قىشنىڭ جاراڭلاپ كىرگەن سوغىدا، سۇغا يالاڭ ئاياق بولۇپ چۈشۈپ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلغان. بۇ كىشىلەرنىڭ تاپانلىرىنىڭ گۆشلىرى مۇزغا چاپلىشىپ ژۇلىنىپ چىققان ئىدى. بۇ قىلمىشلىرى تۈپەيلى خەلق غەزىۋىدىن قورقۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى «خوجايىنلىرى» يۆلەكچى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ماختىنىپ، كېرىلىپ كەتكەن ئىدى. ئامما ھەممەتنىڭ كۆڭلىنى ئۇزۇن ژىللاردىن بۇيان تىنجىتماي كېلىۋاتقان ئەندىشە — بايىقى ھەرەمباغدىكى ئەشەددىي قاتىللىق! بىر قاتار ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەردە ھەممەت ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، پارتىيەگە قەلبىنى تاپشۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن كەلگۈسى ئىستىقبالىنىڭ بىردىن بەربات بولۇشىدىن قورقتى. مانا ئەندى ئۇ بۇ قىلمىشلىرىغا ئۇزۇن ژىللار ئۆتۈپ، كۆمۈلۈپ قالدىغۇ — دەپ ئويلىسىمۇ، لېكىن كۆڭلى ھامان ئىمىن تاپماتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز باشلىقلىرىغا «سادىق»لىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، قولىدىن كەلگىنىچە ئاكتىپلىق قىلىشقا، كېرەك بولسا «بۆكنى ئال دېسە، كاللىسىنى

ئېلىشقا» تەييار ئېدى. ئۇ شۇ ئارقىلىق خوجايىنلىرىنىڭ چەكسىز ئىشەنچىسىگە ئېگە بولۇش بىلەن بەلكى قورغاس ناھىيەسى ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇشتەك مەنسەپكە ئېرىشىشنى كۆزلەتتى. شۇ كۈنلەردە ھەممە ئۇچۇن ئەجايىپ ياخشى پۇرسەت پەيدا بولدى. ئۇ، قول ئاستىدىكى ساقچىلارنى بىر قانچە ئورۇنلارغا بۆلۈپ، ئۆزى بولسا، ئىككى ساقچىنى ئارقىسىغا سېلىپ «باش كۆنچەن»، «قارا ئۆي»، «چازا»، «ئىنتال»، «41- پوست» ھەتتا ئىلى دەرياسى بويىغىچە قاتنايدىغان بولدى. ھەممە بىر نەچچەقېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان ئادەملەرنى تۇتتۇرۇپ، شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىغا قامىدى. بىراق ساقچى ئىدارىسىدىكى «خوجايىنلار» تۇتۇلغانلارنى، ئاددىي كىشىلەر بولغاچقا سولاقتا ئۇزاق تۇتۇشمىدى. يەنە سوۋېت چېگراسىغا قېچىپ كېتىۋاتقان ئىككى ياش ژىگىتنى ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن ئېدى. بۇنى باشلىقلىرى ئاڭلاپ خوشال بولۇپ كەتكىنى يوق، بەلكى ھەممىنى: ئىلاجىنىڭ بارىچە ئاتماسلىقىنى ئېيتىشتى. مەلۇمكى ئۇ خوجايىنلار يەنى يەرلىك ھۆكۈمەت تۇراقلىق - يەرلىك ئاھالىلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە قارشى ئەمەس ئېدى. ئۇلار يەرلىك خەلقنى سوۋېتكە كېتىشكە ئۈندەش - ئۇچۇق دەۋەت قىلالماتتى ۋە بۇ ۋاقىتنىڭ مەملىكەت ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيىتىگە بولىدىغان تەسىرىنى نەزەردە تۇتۇپ خەلققە: «يۇرتىڭلاردىن قوزغالماڭلار!» - دېيىشەتتى. ھەمدە كۆرىنىشتە چېگرانى قوغدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن بۇ ئىشتىكى سىرلىق قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى ھەممە ماڭقىدەك ھولۇقمىلار نەدىن بىلسۇن. ئۇ چاغلاردا يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇچۇن بىر زامانلاردا قايناق ھايات ھۆكۈم سۈرگەن، 50 مىڭغا يېقىن ئاھالىلىك قورغاس يۇرتىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ئېچىنارلىق ئەمەس ئېدى. چۈنكى ئۇلار بۇ جايلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ چىقىلغان «مېھمان»لاربىلەن تولتۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى شۇ، بۈگۈن ھەممە ئەترىتىدىكى ساقچىلارنى ھەممە پوستلارغا جايلاشتۇرۇپ ، ئۆزى بولسا يالغۇز ھالدا ئىنتال چېگراسى بويىدا قارا تورۇق ئىتنى سوكۇلدۇتۇپ ، ئۇياق - بۇياققا قاتىردى.

يېرىم كېچە ، ئەتراپ جىم - جىت ، ھاۋا ئۇچۇق، ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرماقتا ، تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلغان سەلكىن شامال چېگرا بويىدىكى قومۇچلار بىلەن ژۇلغۇنلارنى ئېغاڭلىتىدۇ. ژىراق - يېقىندا ياۋا توڭغۇزلارنىڭ خورتىلداپ چىقىراش-

لىرى، ئارىلاپ بۆرىلەرنىڭ سوزۇلۇق ھوۋلاشلىرى ئاڭلىنىدۇ. بىر توپ چىل بۆرىلەر شۇنداق چۇقۇرىشىشقا باشلىدىكى، ئۇلار ھېمىتنى پايلاپ ژۇرگەندەك، خۇددى يېنىغىلا كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ خىل سوزۇلۇق چۇقىراشلار ھېمىتنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈپ، تىكەنلەشتۈرىۋەتتى. ھېمىت يوغان بىر توپ ژۇلغۇننى پانا قىلىپ، ئەتراپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەتمەكتە... بىر چاغدا ئانچە ژىراق ئەمەس يەردىن بىر جۈپ ئۆردەك پالاقلىشىپ ئۇچۇپ كەتتى. يەنە بىر ئاز ئۆتۈپ بىر جۈپ قىرغاۋۇلنىڭ كۆرۈلداپ ئۇچۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگىنىنى قانات ئاۋازلىرىدىن بايقىدى. «ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتكەن نېمىدۇر؟ بەلكىم تۈلكىنىڭ ئىشىدۇر! ئەگەر ئۇ تۈلكە بولماي، باشقا نەرسە ئادەم بولسىچۇ؟» — دېگەن پىكىر كەلدى ھېمىتقا. ھېمىت تېخىمۇ ھوشيارلاشتى. قومۇچلۇق ئىچىدىن شاللىدۇر - شۇللىدۇر قىلغان ئاۋۇش ئاڭلانغاندەك قىلدى. ئېتىغا قامچە بېسىپ قومۇچلۇق ئىچىگە كىرمەك بولدىيۇ، لېكىن قورقتى. ھېمىت قومۇچلۇقتىن بىر مىنۇتمۇ كۆزىنى بۇلجۇتماي، تىكىلگىنىچە كۈتۈپ تۇردى. قومۇچلۇق بولسا تاغ شامىلىدا ئاستا لىڭشىغىنىچە ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ھالدا شىلدىرلاتتى...

قوتلۇق بىلەن غوپۇر چىمەنگۈلنى ئىككى بالىسى بىلەن ئېلىپ، كەچ سائەت ۋىنلاردا «كۆك دالا» دېخانچىلىق مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار قىزىل كۆرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قومۇچلۇق سازلىقىدىن مىڭ تەسلىكتە ئۆتىشتى ۋە بەيگە قومىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن شەھەرنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ كېتىشتى. بەختكە يارىشا قورغاس دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس ئىكەن. قوتلۇق بىلەن غوپۇر ئىككى بالىنى ھاپاش قىلغىنىچە، چىمەنگۈلنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، سۇدىن ئۆتۈپ ئېلىشتى - دە ئۆزۈملۈك باغقىچە توختىماي مېڭىشتى ۋە شۇ يەردە دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. كۆلىمى بىر نەچچە گېكتار كېلىدىغان ئۆزۈملۈك باغنىڭ ئىچى بوك، قاپقاراڭغۇ، سەل ئۇزاقتىكى نەرسىنى كۆرۈپ بولماتتى. باغنىڭ بىر چېتىدە، تۈن جىم - جىتلىقنى بۇزۇپ «ئىسساق!..» دەپ سايراۋاتقان قۇشنىڭ ئاۋازى سوزۇلۇق ھالەت پەيدا قىلىپ، كىشىلەر كۆڭلىدىكى غەمكىنلىك، قايغۇلۇق، بىچارىلىك ھالىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەندەك تەسىر قىلدۇ. تۈن قاراڭغۇلىقى ئىچىدە كىملەر، بىرلىرىنىڭ گۇدۇڭشىپ پاراڭلىشىۋاتقىنى ئاڭلىنىپ قالدى. بۇنى ئاڭلاش بىلەن

قۇتلۇق، غوپۇر ۋە چىمەنگۈللەر ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. «نارقىمىزدىن نىز قوغلاپ كېلىۋاتامدىكىن؟» ـ دەپ نويلاشتى ئۇلار.
ـ مجىت! ـ دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.ـ جېنىم ئاداش، ماڭغىدەك ھېچ ھالىم قالمىدى! موشۇ باغدا بىر ئاز دەم ئېلىۋالايلىلا!
ـ مەنمۇ چارچاپ، ئولەي دېدىم. ـ دېدى ھېلىقى مجىت ئىسىملىك.
ـ مېنىڭچە، ئۈزۈملۈك باغ دېگىنى شۇ بولسا كېرەك! موشۇ يەردىن چېگاراغا بىردەمدىلا يەتكىلى بولىدۇ.ـ دېيىشكەن ئىدى.
ھېلىقى ئىككى ژىگىت، قۇتلۇقلارنىڭ يېنىدىكىلا بوك چاتقانلىق ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. غولجىدىن چىقىپ، بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىچە يەك ئېھتىياتچانلىق قىلىشقان ژىگىتلەر «كىچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق!» دېگەن خەلق سۆزىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ، قويۇشتى ئەتىمالىم، ھازىر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى كىملەر ئاڭلاۋاتقانلىقى خىيالىغا كىرىپ چىقماتتى.
ـ چېگارادىن ئۆتۈشقۇ، ئۆتۈش! ـ دېدى مجىت ـ بىراق شۇ ياققا ئۆتۈپ كېتىشكە ھېچ ئايغىم تارتمايۋاتىدىغۇ ـ ئاداش!
ـ ھوي، بىردەمدىلا ئايىنغىنىڭ نېمىسى؟!
ـ ئاداش ئەختەم، سەنغۇ شۇنداق دەيسەن، ماڭا كەلگەن دەرت ـ ئەلەملەر ئازمۇ؟!
مجىت ئالدىنقى كۈنى غولجىدا يۈز بەرگەن «29ـ ماي ۋاقىئەسى» دىن كېيىن كېچىسى سائەت ئونلاردا تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن دوستى ئەختەمنىمۇ شۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكەن ئىكەن. يوغان بىر ھويلا ئىچىدىكى بىر ژۈرۈش ئۆيلەرگە كەينى ـ كەينىدىن ئېلىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ سانى يوق، قالايمىقانچىلىق ئىدى. ئەسلىدە بۇ يەر تۈرمە بولماستىن. تۈرمىلەردە ئورۇن قالمىغاچقا، گۇمانلىق ھېساپلانغانلارنى ئېگىز قورغان تاملىق ھويلىغا ژىغىشقان ئىدى. مجىت بىلەن ئەختەم ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىملەر، بىرلىرىنىڭ مۇشلىشىپ، توپىلاڭ چىقىرىۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، تامدىن ئاتلاپ قېچىپ كېتىشكەن ئىدى. تۈن بويى يول ژۈرۈپ، كۈندۈزى ساندىخوزا ئەتراپىدىكى قىلىن قومۇچلىقلاردا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ھازىرلا بۇ يەرگە ھېرىپ ـ ئېچىپ، ئاران يېتىپ كېلىشكەن ئىدى.
ـ شۇنچە مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، موشۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئەندى ئارقـ

مىزغا قايتىپ نەگە بارىمىز؟- دېدى ئەختەم مىجىتقا.
- ئۇغۇ شۇنداق، بىراق چۈغلۇق...- بۇ سۆزلەرنى بىر نەچچە چامدام ژىراقلىق-تىكى دەرەقلىك ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرغان قۇتلۇق ئاڭلاپ، كۆڭلىدە قىلچە گۇمانى قالمىدى. بىر نەچچە كۈن ئىلگىرىلا سىڭلىسى چۈغلۇق مىجىتنى ئېلىپ، قورغاسقا كەلمەك بولغان ئىدى. مىجىت بولسا بۇ يەردە ژۈرۈپتۇ. قۇت-لۇق قېلىن ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەندە، مىجىت بىلەن ئەختەم ناھايىتى قورقۇپ كېتىشتى.
- مىجىت، - دەپ ئىككى ژىگىتكە يېقىنلاپ كەلدى قۇتلۇق، - سىلەرمۇ بۇ يەرگە كەلگەنمىدىڭلار؟
مىجىت بىلەن ئەختەم قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك پەيدا بولغان ئادەمنى كۆرۈش بىلەن نېمە دېيىشنى بىلمەي، قېتىپلا قېلىشقان ئىدى.
- قورقماڭلا! - دېدى قۇتلۇق، - مەن چۈغلۇقنىڭ ئاكىسى قۇتلۇق مەن!
- هوي، قۇتلۇق ئاكاممۇسىز؟ - دېدى ھەيرانلىقتا قالغان مىجىتنىڭ تىلى ئارانلا گەپكە كېلىپ، - ئورنىدىن سەكرەپ تورغىنىچە، قۇتلۇق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ۋە يېنىدىكى دوستى ئەختەمنى تونۇشتۇردى.
مىجىت بىلەن قۇتلۇق ئىلگىرى بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، بېكىن سىڭلىسى چۈغلۇق ئارقىلىق غايىبانە تونۇشاتتى. ئۈگىنچە غوپۇر بىلەن چىمەنگۈلمۇ بالىلارنى ئېلىپ، مىجىتلارنىڭ يېنىغا كېلىشتى.
چۈغلۇق قېنى؟- دەپ تاقەتسىزلىنىپ سورىدى قۇتلۇق،- ئۇنى نېمىشكە بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭلا؟ ئۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەتكەن ئىدىغۇ؟!
- مىجىت بىلەن ئەختەم نېمە دېيىشنى بىلمەي تەڭلىكتە قېلىشتى.
قۇتلۇق ئاكا!- دېدى ئاۋازى تىترىگەن ھالدا مىجىت، - سىزگە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىمنى بىلمەيمەن... مەن چۈغلۇقنى ساقلاپ قالالمىدىم...- شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ، مىجىت ژىغلاۋەتتى. قۇتلۇقنىڭ كۆڭلى ئەجايىپ بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سېزىپ، ئەنسىرەشكە باشلىدى.ئۇ چوڭقۇر ئەندىشىدە مىجىتتىن سورىدى:
- نېمە بولدى، نېمە ۋاقىئە؟ بىرەر ئەھۋال يۈز بەردىمۇ؟!
- ئالدىنقى كۈنى غۇلجىدا چوڭ خەلق نامايىشى بولدى. چۈغلۇق بىلەن ئىك-

كىمىز ئامايىشچىلار توپى ئىچىدىلىق. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئامايىشچىلارغا پولېمىوت ئارقىلىق ئوق ئاتتى. شۇ چاغدا چۇغلۇققا ئوق تېگىپ...— مىجىت سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي، بۇقۇلداپ ژىغلاپ كەتتى.

— ئوق تېگىپ؟!— قۇتلۇق ۋاقىراۋەتتى. — ئۇ ھازىر قەيەردە؟

مىجىت بىلەن ئەختەم ئەھۋالنى تولۇق سۆزلەپ بېرىشتى. بۇ چاغدا قۇتلۇق ئۆزىنى تۇتالماي، پاگەندا يېرىلىپ ژىغلاپ كەتتى.

— ئىھ، جېنىم قېرىنداشىم! — قۇتلۇق يەنە ئېھتىياتتىن ئاۋازىنى قويۇۋەتمەي پەس ئاھاڭدا، ژۈرەك باغرى قان بولغان ھالدا ژىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەتتى، — ئىسىت، ئىھ، كويۇمچان سىڭلىم! ئەندى سېنىڭدىنمۇ ئايرىلغان ئېكەنىمىزغۇ! ئەي، شۇم پەلەك، ئەشۇ بىرتاللا سىڭلىمنىڭ ھايات قېلىشىنى ئارتۇق كۆردۈڭمۇ؟! تېخى ئۇن گۈلىنىڭ بىر گۈلى ئېچىلمىغان ئېدىغۇ؟! ئەي، ئارماندا كەتكەن پالۋان دادام! غەم — قايغۇلاردا ئۆلۈپ كەتكەن كويۇمچان، مېھرىبان ئانام! ئۇزاق يەرلەردە تۈرمە — لاگېرلارنىڭ ئازاۋىنى چېكىپ ژۈرگەن خىيالچان، ئەقىللىق، بىچارە ئىنىم توغلۇق، قەيەردە سەن؟ بىز جېنىمىزدىن ئەزىز، ئوماق، مېھرىبان قېرىنداشىمىز چۇغلۇقتىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قاپتىمىزغۇ؟! مەن بولسام، ئۆز بېشىمنىڭ ئامانلىغىنى ئويلاپ، چېگارادىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتىمەنە؟! ياق، مەن سىلەرنى تاشلاپ ھېچ ياققا كەتمەيمەن! ئىھ، قېرىنداشىم، ۋاي جان — جىگەرىم...

قۇتلۇق قېرىنداشى ئۈچۈن ئوت — كاۋاپ بولۇپ ياندى. ئۇنىڭ قايغۇسى بارغانسېرى زور كۈچكە ئايلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى پۈتمەس — تۈگىمەس غەزەپ — نەپرەت چۇلغاۋالدى. غوپۇر، چىمەنگۈللەرمۇ ئۆزلىرىنى باسالماي ژىغلاشتى...

— قېنى ئەمىسە، بۇ يەردىن قوزغىلايلى! — دېدى قۇتلۇق ئۆزىنى ژىغىدىن توختىتىپ. — بىز سىلەرنى چېگارادىن ئۆتكۈزۈپ قويىمىز!

— قۇتلۇق ئاكا، — دېدى مىجىت، — مېنىڭمۇ ئۇياققا ئۆتۈپ كېتىشكە ھېچ كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ...

— ئەختەم ئىككىڭلارنىڭ سۆۋەت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، باش پانا تاپقىنىڭلار تۈزۈك! بۇ يەردە قالغىنىڭلار بىلەن تۈرمىدىن نېرى كېتەلمەيسىلەر. ئامىتىڭلار

كېلىپ، ئوقۇۋالساڭلار، بىلىملىك ئادەملەر بولۇپ قالىسىلەر، ئەڭ بولمىغاندا جېنىڭلارنى ئامان ساقلاپ قالىسىلەر، قېنى بولۇڭلار، كەتتۇق!..

***

ھەمىت قومۇچلۇق تەرەپنى كۆزىتىۋېرىپ زېرىكتى. ئاخىرى ئۇنى ئۇگىدەك بېسىپ، كۆزى ئۇيقىغا كەتتى. لېكىن، ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قاراش بىلەن قومۇچلۇق تەرەپتىن چىقىپ، سوۋېت چېگراسى تەرەپكە قاراپ ئۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەم قارىسىنى كۆرۈپ قالدى.

توختا، كىم سەن؟! - ھەمىت ئېتىنى يورۇتۇپ، كېيىن چاپتۇرۇپ، ھېلىقى ئادەم ئارقىسىدىن قوغلىدى. ھەيۋە قىلىپ ئېتىلغان ئوقتىن چۆچۈگەن ئادەم توختاشقا مەجبۇر بولدى.

- قايت ئارقاڭغا. قولۇڭنى كۆتەر! - سىدىق سېغىزغان نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەمىت ماڭغىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ھازىر سىدىقنىڭ كۆڭلىنى ئېيتىپ بولماس دەرىجىدە دەھشەتلىك ۋەھىمە باسقان ئېدى. قىلغان بارلىق ئەجرى، چەككەن جاپالىرى بىر تىيىن بولىدىغان بولدى. ئەندى تۈرمىگە قامىلىشى ئېنىق! بۇنداق پەيتتە ئەشۇ بىرلا قوراللىق كىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، ئۆزىنى - ئۆزى تۈرمىگە ئاپارسۇنمۇ؟ ياكى باشقا ئىلاجىنى قىلىش كېرەكمۇ؟ سىدىقنىڭ ئېسىغا خەنجەردەك ئۆتكۈر پىچىغى كەلدى. قوراللىق كىشىنى پىچاق بىلەن بىر ياقلىق قىلىشنىڭ يولىنى قانداق تېپىش كېرەك؟ بىراق، سىدىق ئۇزاقتىن پىچاق ئېتىپ زەربە بېرىشنى بىلمەيتتى.

- توختا، ئورنىڭدىن قىمىرلىماي تۇر! - دېدى ھەمىت چېگارا لىنىيەسىدىن نېرىغاراق ئۆتكەندىن كېيىن، ۋە ئاتتىن چۈشۈپ مىلتىغىنى تەڭلىگەن ھالدا سورىدى:

- كىم سەن؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئۇرۇگەن ئادەم سەن؟

- مەن... بۇ يەردە... ئادىشىپ... - دېدى سىدىق دۇدۇقلاپ، تۇزۇككىنە جاۋاپ بېرەلمەي.

- ھوي، قاچاق! كىمگىنى كولدۇرلىتىسەن؟ بۇ گېپىڭگە كىچىك بالىمۇ ئىشەنمەيدۇ!

دېدى ھېمىت بۇرنىدەك خىرىلداپ. ئۇ سىدىقنىڭ يۈزىگە پروژېكتورنىنى ياندۇرۇپ يورۇق چۈشەردى ۋە ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي قالدى.

- ھوي، سەن سىدىقمۇ سەن؟!

- ۋوي، ھېمىتمۇ سەن؟!

كونا دوستلار بىر- بىرىنى تونىغاندا، پەقەت شۇ سۆزلەر بىلەنلا بىر نەچچە دەقىقە ھاياجانلىنىپ قېلىشتى. لېكىن، ھەر ئىككىلىسى دەرھال ئۆز مەۋقەنلىرىگە قايتىشىپ، بىر- بىرىگە سوغ قانلىق بىلەن قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

- ساڭا نېمە بالا تەگدى؟ سەنمۇ ئاينىپ، ئۇ ياققا قويرىقىڭنى تىكمەكچى بولىۋاتامسەن؟! - دېدى ھېمىت دوق قىلىپ تۇرۇپ.

- بېشىڭغا كەلسە، سەنمۇ مېنىڭ نەۋالىمغا چۈشۈپ قالىسەن! - دېدى سىدىق.

- چۈشۈنۈشلۈك! - دېدى ھېمىت زەردى قايناپ، - دېمەك سەن بىزدىن يۈز ئۆرۈپ، ھۆكۈمىتىمىزگە خايىنلىق قىلىش يولىغا ئۆتۈپسەندە؟!

- خايىنلىق ئەمەس، پانا تىلەپ كېتىۋاتىمەن! سەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاتتىم! بۇ يەردە سىياسەت تالىشىپ ئولتۇرمايلى. كونا دوستلىقىمىزنى قەدىرلىسەڭ، مېنى قويىۋەتكىن، چېگرادىن ئۆتۈۋالاي! ئۆتۈنۈپ سورايمەن!

- كونا دوستلۇقمىش تېخى! - ھېمىت زەھەر خەندىلىك بىلەن كۈلدى ۋە غەزىپى ئۆرلەپ ۋاقىراپ چۈشتى. - سېنىڭدەك قوش ۋۇرەك ساتقۇننى ئۆتۈۋېرىش ئەمەس، ئەگەر خالىساڭ، موشۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلايمەن!

- ئەگەر مەن ساتقۇن بولسام، ساتقۇنلۇقتا مېنىڭدىن ئېشىپ چۈشىسەنكى، كام ئەمەس سەن.

- مەن سېنىڭدەك ساتقۇنلۇق قىلغىنىم يوق، خايىن! - ھېمىت سىدىقنىڭ سۆزىگە چىداش بېرەلمەي قالدى.

- ئەشەددىي خايىن سەن! - دېدى سىدىق ئۆز نۆۋىتىدە ھېمىتنى ئىنچىكە يەردىن تۇتماق بولۇپ، - سېنىڭ ئەڭ رەزىل قىلمىشلىرىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ھەرەمباغدا سانسىز بىگۇنا ئاھالىنى دۈڭ جۇجاڭ بىلەن ئۆلتۈرگىنىڭنى ھېچ قاچان يوشۇرالمايسەن!

- سەن ئۇنى نەدىن بىلدىڭ؟! - بۇ قورقۇنۇچلۇق سۆزنى ئاڭلىغان ھېمىتنىڭ

پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى...

- بۇنى پەقەت بىر كىشى بىلەتتى. لېكىن ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ شۇ قاتىللىقتا قولى قان بولغاچقا قىلمىشىنى يوشۇرۇپ كەلگەن. ئۇ، بۇ سىرنى ماڭا ئۆزۈمچىدە ئېيتقان. مەن سېنىڭ بىلەن قەدىناس دوستلىقىمىزنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، ھېچ كىمگە ئېغىز ئاچمىغان ئىدىم. ئەگەر سەن مېنى ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ بارساڭ، ئەلۋەتتە چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن! ياخشىسى، ھەر ئىككىمىزنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن، مېنى قويىۋەت!

ھىممەت قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، جىددىي ئويغا پېتىپ قالدى. گويا ئۈستىدىن بىر قاپاق سوغ سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. «دېمەك، ھازىر سىدىقنى شەھەرگە ئېلىپ بارسا بارلىق كارامىتى ئاشكارە بولىدۇ... بۇ ھىممەت ئۈچۈن ئەجايىپ دەھشەت!.. ئەگەر سىدىقنى چېگارادىن ئۆتكۈزىۋەتكەندە، بۇ دەھشەتلىك خەۋپتىن قۇتۇلۇشقا بولامدۇ. سىدىق سىرتقا چىقىپ، مېنىڭ قىلمىشلىرىمنى باشقىلارغا ئېيتماي تۇرالامدۇ؟ ئاخىرى بۇ سىر چېگارا ئاتلاپ ئۆتۈپ، پاش بول-ماي قالامدۇ، نېمە قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى...»

- ياق، سېنى قويۇپ بەرمەيمەن! - دېدى ھىممەت دىلى دۈشمەنلىك ئوتىدا يېنىپ كۆزلىرى قانغا تولۇپ، - قېنى ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ! - ھىممەت مىلتىقىنى تەڭ-لەپ سىدىقنى ئېلىپ ماڭدى.

سىدىق ھىممەتنىڭ پەيلىنى سەزدى، ئۇزىنى شەھەرگە ئاپارماسلىقى ئېنىق. بەلكىم ئۇ سىدىقتىن تامامەن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلىۋاتقاندۇر! سىدىق ئۆزىنى قىل كۆرۈكنىڭ ئۈستىدە كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلماقتا. سىدىقمۇ قاپاق باش ئەمەس. ئۇ ھىممەتنىڭ ئېتىپ تاشلىماقچى بولغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. «قۇتۇلۇش چارىسىنى قىلمىسا، ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىشى چوقۇم! پەيتىنى قولىدىن بەرمەسلىك كېرەك! ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئۇ سېنى ئۆلتۈر-دۇ!...» ھىممەتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كېتىپ بارغان سىدىق، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يېنىدىكى پىچاقنى ئېلىپ، ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە ھىممەتكە مولجەلدەك ئېتىلىپ، نوڭ تەرەپ كۆكرىكىگە پىچاق ئۇردى. لېكىن ھىممەتمۇ ئۇنىڭدىن چاققانراق چىقىپ، ئۆزىنى سول چەتكە ئالغان بولسىمۇ، پىچاق بەرى - بىر ئۇنىڭ ئوڭ قول بىلىكىگە ئۇرۇلدى. شۇ پەيتتە ھىممەت مىلتىق تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. «گوپ...»

قىلغان ئاۋاز سىدىقنى ئارقىغا سەنتۈرۈلگۈزىۋەتتى. ۋە ئاخىرى ئالدىغا ئېڭىشىپ دۈم چۈشتى. ئوق ئۇنىڭ دۈمبىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ھىمىت مىلتىغىنى يەلكىسىگە ئېسىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقان سىدىقنى پروژېكتور يورۇقىدا قاراپ، پۈتى بىلەن ئىتتىرىپ، ئۆڭدىسىغا قىلىپ قاراۋاتقىنىدا ئارقىدىن كەلگەن كۈچلۈك بارماقلار ئۇنىڭ بوينىنى شۇنداق بوغدىكى، «غىق» قىلىپ قالدى. ھىمىت جان تەھلىكىسىدە تېپىرلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غوپۇرنىڭ زەرب بىلەن ئۇرغان مۇشى ھىمىتنى ھوشسىزلاندۇرۇپ قويدى. ھىمىت ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئاچقىنىدا، ئۆزىگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرغان قۇتلۇق، غوپۇر ۋە باشقىلارنى كۆرۈپ ژۈرىگى يېرىلغىدەك بولۇپ قورقۇپ كەتتى.

— ھوي، ئىپلاس ماڭقا! — دېدى قۇتلۇق، چەكسىز غەزەپكە كېلىپ، — تۆر نۇرنىڭدىن! بىر قاچىدا قان ئىچكەن قاتىللارنىڭ بىر- بىرىنى ئۆلتۈرۈشى ئەزەلدىنلا بولۇپ كەلگەن. سەن قاتىل ھەرەمباغدىكى قىلمىشلىرىڭنى يەنە يېپىپ قويۇش ئۈچۈن سەندىنمۇ قېلىشمايدىغان قاتىلنى ئۆلتەردىڭ! ئەندى بىز سېنى جازالايمىز! مېنىڭ ئۆمرۈم كۆپۈنچە تۈرمە — لاگېرلاردا ئۆتكەچكە، سەندىن ئىنتىقام ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغاندىم. بەختىمىز بار ئىكەن، دەل پەيتىدە سېنى تاپتۇق! ئەندى سېنى ئەڭ ئەشەددىي قاتىل ھېساۋىدا ئۆلتۈرۈپ تاشلايمىز.

— ۋاي، جېنىم برادەرلەر! قۇتلۇق بىر ژۇتلۇق، بىر مەللىكقۇ بىز! رەھىم قىللار! بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار!

— قانچىلىگەن ئادەملەرنى ئۆلتەرگىنىڭدە، ئۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئويلىغانمىدىڭ؟! بىز سەندىن ئىنتىقام ئالىمىز، مۇناپىق ماڭقا! قانغا — قان! جانغا — جان! غوپۇر بىلەن مىجىت قارا تورۇق ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى سىرتماق قىلىپ ھىمىتنىڭ بوينىغا سالدى. ھىمىت ۋاقىراپ — جاقىراپ، كۆكەملىك قىلىشقا باشلىدى. بىراق غوپۇرنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇرغان مۇشى خاينىنىڭ ئاۋازىنى ئۆچەردى. سىرتماق قىلىنغان قىل ئارقاننىڭ بىر ئۇچى ئاتنىڭ بوينىغا مەھكەم باغلاندى، ئاتنىڭ قۇيرىقىغا باغلانغان بىر قۇچاق قوراي — چۆپلەر لاۋۇلداپ يېنىشى بىلەن قارا تورۇق خارتىلداپ ئۈركۈپ، ۋەھىملىك كىشنىگەن ھالدا ئۇلەر — تىرىگىگە باقماي، جېنىنىڭ بارىچە چېپىپ كەتتى. ئاتنىڭ ئارقىسىدا سۆرۈلۈپ كېتىپ بارغان ھىمىتنىڭ ئۇلۇم ھەققىدە داتلاپ ۋاقىرىشى، كۆككە ياڭراپ ئاخىرى تىنجىپ قالدى...

# ئابدۇرېھىم راخمان



ئابدۇرېھىم راخمان 1938- يىلى ئۇيغۇرستاننىڭ ئاتۇش مەشھەتتە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1954-1957- يىللىرى ئۈرۈمچى تىببىي مەكتەپنى تۈگىتىپ شىنجاڭ - ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونلۇق ساقلىقنى ساقلاش نازارىتىدە خىزمەت قىلغان. 1963- يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستاننىڭ سوقۇلۇق رايونى مالاۋۇدىنى يېزىسىغا كۆچۈپ چىقىپ سودا ساھاسىدا ئىشلەش بىلەن بىر قاتاردا ۋە 1976- يىللىرىدىن 1982- يىللارغىچە «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ قىرغىزستان بويىچە مۇخبىرى ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان.

ئا. راخمان مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئەدەبىياتقا قىزىققان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى «تىببىي مەكتەپ»، «ئەدەبىي ئىجاد» قاتارلىق گېزىتلاردا ئېلان قىلىنغان. 70- يىللاردىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە بېسىلىپ تۇرماقتا. 1994- يىلى قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى بەدىئىي ئەدەبىيات تەشۋىقات بيروسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇمۇتىم مېنىڭ - ئاتا يۇرت» ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بېرىلگەن. 2000- يىلى ئا.راخماننىڭ ئۇمۇمىي «روبائىيلار» ناملىق توپلىمى نەشردىن چىقتى.

# غەزەللەر

نە بالالىق كۆندە كۆردۈم، ئەي، پەرى، ئاي يۈز گۈزەل،
ئادىتىم بوپ قالدى شۇندىن، ياد ئېتىپ، ئېيتماق غەزەل.

بۇ كۆڭۈل شەيدالىقىنى مەن تۇتۇپ كەلدىم نىھان،
يوشۇرۇپ كۆيگەن كۆيۈكنىڭ لەززىتى ھەسەل.

گايىدا قىلساڭ ساخا ۋەت بۇگا داغا نىم نىگلەھ ،
كىرپىگىڭ سانچىپ ژۈرەككە بولىمەن دەرھال كېسەل.

ھەر سابا ئېپ كەلسە سۇمبۇل چاچلىرىڭدىن خوش پۇراق،
كەتكۈسى دەرتتىن خالاس بۇ تەنلىرىم ئەشۇ مەھەل.

كۆرمىسەم، كۆرگۈم كېلۇر، كۆرگەندە تىترەيدۇ تېنىم،
مەن ئەمەستىمغۇ ئاۋالدا، شۇنچىلىك بىر لايىغەزەل.

مېنى تىترەتكەن نېمە كۈچ، دەپ سوراپ ئالدىم جاۋاپ،
ئىشقى ـ سۆيگۈ قۇدرىتىدۇر تەگدىشى يوق لەمىيەزەل.

ھېجرىيۇ ـ پۇرقەت ئوتۇڭ بۇ تەننى گۈلخان ئەيلىسە،
كۆرۈنەر باشىمدە قۇشتەك ئەگىشىپ ژۈرگەن ئەجەل .

ناگىھان ئۆتسەڭ قېشىمدىن، تىنىغىڭنىڭ شەپىسى،
جان بەخش مەسھ كەبى دەيدۇ ماڭا«ئەندى تۈزەل!».

دەرت ـ ئەلەمنىڭ ئەۋجىسىدىن يۇشۇرۇن لەززەت ئىلىپ،
بۇ ئۆمۈرنىڭ يوللىرىغا سالدى ئىزنى تۆرت مۇچەل.

مەيلى ئىشقىڭنىڭ ئوتىدا تولغىشەي پەرۋانىدەك،
چىن ۋاپا ـ ئاشىق ئېلىنىڭ قىسمىتى شۇنداق ئە زەل.

مەن كۆڭلىنى ساڭا بەردىم، قايتۇرۇپ ئالمام ئۇنى،
بىلكى، رەخمانىي ئەبەتكە لەۋزىگە قىلغاي ئەمەل.

* * *

ئىشق ئوتۇڭنىڭ گۈلخانىدا بولدى بۇ باغرىم كاۋاپ،
بىر كېلىپ، دەرتتىن خالاس قىپ، دىلبىرىم، ئالغىن ساۋاپ.

قاپ ـ قارا چېچىڭنى يېيىپ، كۈندۈزىن ئەيلەپ كېچە،
بۇ زەيىپ مىسكىن دىلىمنى يەنىمۇ قىلما خاراپ.

ئاچ، يۈزىڭنىڭ شولىسىدىن كېچىلەر بولسۇن ناھار.
ئوخشىتىپ شەمئىي ـ قوياشقا مەجنۇنىڭ قىلسۇن تاۋاپ.

ھېچ ئۇشۇق بولماس كۆتۈشتە بۇ ئۆمۈر ئوتتى دېسەم،
ژىلمۇ ـ ئايلار، ھەپتە ـ كۈنلەر، ئاخىرى سائەت ساناپ.

بىر سېنى قىلماق خىيالدىن ھېچ كېتەلمەيمەن نېرى،
ئارىمىزدا باشتا مەھكەم باغلىنىپ قالغاچ تاناپ.

كەلگىنە ، ـ گۈل ـ گۈل يېنىپ، بۇ خەلق ـ ئالەم ئالدىدا،
بۇلبۇلۇڭ قونسۇن شېخىڭغا، ژىغلىسۇن قۇزغۇن ماراپ.

دەشتى ـ ھىجرانىڭدا چاڭقاپ، بولدى قاقشال تىللىرىم،
تولتۇرۇپ غۇنچە لېۋىڭ پەيمانىسىدا بەر شاراپ.

ئامتىمنىڭ ئالدىدا بەختى ـ سۇلايمان سەللا گەپ،
سەن يېتىپ كەلسەڭ، سوراپ ھال، ئالىشىم ئىشقا ياراپ.

كۆز يېشىمنى ئېرتالماي، تاش دىلىڭنى، كەلمىسەڭ،
بەرى بىر راخمانىي يولغا بىر ئۆمۈر تۇرغاي قاراپ.

# ئاي دېسەم

ئاي دېسەم قىزغاندى شۇ ئاي دىلبىرىم رۇخسارىدىن،
گۈل دېسەم كۆركەم ئېكەن گۈل كانى ئۇ گۈلزارىدىن.
ئالمىدىن رەڭلىك يۈزىدە قوش زىناغىنى كۆرۈپ،
ھۆرلىقا دەپ قاپتىمەن چىققان پەرىلەر غارىدىن.
قاچۇرار شەھلا كۆزىنى بىر نەزەر سالغان ھامان،
مەڭزى چوغدەك رەڭ ئېلىپ ئىپپەت، نومۇس ـ ئارىدىن.
ھۆرنى جەننەتتە دېگەنلەر مىڭ پۇشايمان ئەيلىشەر،
كۆزنى لال قىلغان لاتاپەت نازىنىن رەپتارىدىن.
مەيلى دەپ تۇردۇم تېشىلسۇن كۆكرىكىم ئۆتكەمىرەك،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ ئاتسا قېشىنىڭ ياسىدىن.
بىلكى رەخمانى جاھاننىڭ ھۈسنىگە قوشقاي ھۆسۈن،
دىلبىرىم ھۆرلۈك كۆيىن ياڭراتسا ئۈز دۇتتارىدىن.

# بۈگۈن

كەلگىنە دوستۇم، ئىچەيلى بىر پىيالە مەي بۈگۈن،
توي  نەۋجىگە چۈمدى ئالەم بولمىغاي ئىچمەي بۈگۈن.
ھەر تەرەپتىن ياڭرىسا تەڭلىك، ئادالەت ناخشىسى،
كىممۇ ئېيتمايدۇ كۆڭلىدىن تويغا - توي دېمەي بۈگۈن.
مۇستەبىتلەر كېتىۋاتسا تا ئەبەتكە خوشلىشىپ،
ئەركىپەرۋەرلەر تۇرامدۇ تۈينىماي، كۈلمەي بۈگۈن.
ئويلىنىپ تۇرما بۇرادەر چەتتە بوينىڭنى قىسىپ،
بىز قالارمىز يەنە دەپ دەردىمىز پۈتمەي بۈگۈن.
بۇ ئۈمۈتنىڭ باغلىرىدا  ياشنىدى گۈل قايتىدىن،
ئازاتلىق ناخشىسىنى يېيتايلى غەم يېمەي بۈگۈن.
چىن سائادەت، مۇستەقىللىق ھەم ساداقەتنىڭ ئۆزى،
كە لىمگەي ئىشخالىيەتچى تەل - توكۇس ژۈتمەي بۈگۈن.
ئەمدى ئاخىرقى كۆرەشلەر بولغۇسى راخمانى، راست،
ھۆررىيەت كەلمەس ئۆزىدىن ئاڭا جان تىكمەي بۈگۈن.

# جۇدا

ئىلھ، پەلەك، قىلدىڭ دىيارىم ـ توتىيالىقتىن جۇدا،
كۆز يېپىشىپ كۆرگەن مۇھەببەت ـ ئاشنالىقتىن جۇدا.
ئۆزلىرى نۇر، مېھرى دەريا، باغرى كەڭ مىسلىدىڭىز،
قوللىرى گۈل، لەۋزى قايماق ئەل ـ خالايىقتىن جۇدا.
كەڭ دىيارىم بىر پەرى، دەريالىرى ـ سۇمبۇل چېچى،
كۆل، بۇلاقلار ـ كۆزلىرى، تۈزەك جۇلالىقتىن جۇدا.
مېۋىسىنىڭ تۈرلىرىنى يازسا چوڭ قامۇس تولار،
بولدۇم شەربىتى بالدەك ئەنجۈر، ئانارلىقتىن جۇدا.
پاكلىقىنى ئۆلچىمەككە دەۋرىدە يوقتۇر مىزان،
قانچە دۆلەت غەزنىسىنى ھاڭ ـ تاڭ قالارلىقتىن جۇدا.
كەتسىمۇ چاچقان يامانلاپ پارچە كۆلبەمدىن مېنىڭ،
روھى غەزنەمگە يېتەلمەس پادىشالىقتىن جۇدا.
ئىلھ، جۇدالىق، كۆپ ئىلىشما، مەن سىنى ئات قىپ مىنىپ،
يولغا چىققايمەن ۋىسالغا بوپ جەلالىقتىن جۇدا.
قەدىمىدە مىڭ ئەلەمگە كەلدى راخمانى چىداپ،
ئاقىبەت بىر كۈن بولار دەپ جۇدالىقتىن جۇدا.

# يارىڭ سېنىڭ

ئەي، نىگار، كەتمەس قۇلاقىمدىن پىغان زارىڭ سېنىڭ،
ھەر سەھەر ئىڭرايدۇ مۇڭلۇق كۆي بىلەن تارىڭ سېنىڭ.
شۇم رەقىپلەر سېنى مەندىن، جاننى تەندىن ئايرىدى،
بۇ رەشقىلەرگە سەۋەپتۇر ھوسنى گۈلزارىڭ سېنىڭ.
ئېچىلىپ باغلاردا گۈل، گۈنچىغا بۇلبۇل قونغۇسى،
ئايۋان ـ سارايىنى پۈتتىرەر شۇ باغدا مېمارىڭ سېنىڭ.
جارچى دوستۇڭ چىقسا شۇندا ئايىنى ئۇ ناغرا قىلىپ،
يەتتە ئىقلىمدىن كېلەرمىھمانۇ،دوست، يارىڭ سېنىڭ.
ماڭا ئايان سېنىمۇ جاندىن بېزار قىلدى پىراق،
بۇ ستەمگە جاۋاپ بېرەر بىر كۈن ئەغيارىڭ سېنىڭ.
قەلبىمىز قوشماق مېغىزدۇر، دېمىگىن يولنى ژىراق،
بۇ رەھمانى تا ئابەتكە ۋاپادار يارىڭ سېنىڭ.

# مۇۋەششەھ

گادايىڭ مەن، غەزەل شاھى، مىراسىڭ قىبلە گاھىمدۇر،
يولىڭنىڭ سەن بىسىپ ئۆتكەن توپاسى سەجدىگاھىمدۇر.
ئۇچقۇنى سېنىڭ ياققان ئوتۇڭنىڭ كېيىپ تۇتاشقاچقا،
ئىشق ئەھلى كۆيەر گۈلخان مېنىڭ ئارامى گاھىمدۇر.

مۇھەببەت كۆكىدە قۇياش، سېنىڭدەك قىلدى كىم جەۋلان،
سامادا مىڭ تومەن يۇلتۇز ـ ماڭا ياققان نىگاھىمدۇر.

نامىڭنى مەن قىلىپ ھەمرا، قازانىڭ ئىلكىدە قالسام،
تورارمەن دىل ـ پۈتۈن مەغرۇر، ئۇلۇغ نامىڭ پاناھىمدۇر.

نازاۋى سۆيگۈ دەشتىدىن تاپار لەززەتنى چىن ئاشىق،
ساداقەت مۈلكىن ئاسراشقا سېنىڭ زىكرىڭ سىپاھىمدۇر.

مېنىڭ پىكرۇ ـ خىيالىمدىن مىنۇت يادىڭ ژىراق بولسا،
ئۇلاق ئاستىدا سۈرەتسۈن، ئەيتارمەن: ئۆز گۇناھىمدۇر.

غەزەلنىڭ ئەۋجىدە سەندەك ۋەتەننى كۈيلىگەن كىم بار،
تۇغۇلغانغا ئىدىم رازى، دىسە خەلقىم: گاداھىمدۇر.

ئاداشىپ ژۇرسىمۇ ھەريان، ئۆزەڭ ياتقان قۇتلۇق دىيار،
بۇ راھمانى ئىيتار، ئاخىر تاپار قارارى گاھىمدۇر.

# بىر چىققىن

(پېشقەدەم شائىر ئىبراھىم قۇربان غە زىلىگە مۇخەممەس)

غېنىمەت دەپ بىلىپ كەلگەن باھار پەسلىڭنى، بىر چىققىن.
ئەرىك بېغىدا تاپماققا دىدار ـ ۋەسلىڭنى، بىر چىققىن.
ئەزەل خۇرلۇقكە تەشنا دەپ بىلىپ نەسلىڭنى، بىر چىققىن،
قۇياش بالقىپ كۈلەر جاھان، ئېچىپ ھۆسنۈڭنى، بىر چىققىن،
ئۈمۈت تاغىدا ئاھۇدەك بولۇپ سە يىيارە، بىرچىققىن.

زاۋاللىقتا ھامان مەھكۇم رىيا سۆيگۈ ـ ساداقەتسىز،
زىبۇ ـ زىنەتلىرى ۋەيران تۇرار ھەر يەردە ھاجەتسىز.
ئۈمۈتلۈك قەلب گۈيا ئۇيقۇن، تاشار ھەريان ئىنتائەتسىز،
قۇياشتىن نۇر ئېمىپ گويا قىلار جەۋلانە تاقەتسىز.
بوتايۇ، قوزا، تايچاقلار قۇرۇپتۇ بەزمە، بىرچىققىن.

بېغىمىزدىن قاچار ئەندى بورە، ياۋايى تۈگۈزلار،
كېلىپتۇ دەپ تېتىشقا پەيت قازان سۇغا قوشۇق تۇزلا،
گويا تويىدا كۈلۈشكەندەك خۇمار كۆز، قېشى قۇندۇزلار،
ھايات ئاسمىنىدا مەغرۇر كۈلەر شاتلىقتا يۇلتۇزلار،
كۈتەر شېرىنلىرىڭ سەن ھەم ژۇرۇپ پەرھاتچە بىر چىققىن.

گۈلنىڭ قېشىدا قوزغۇن، كېتىشتى بۇلبۇلى چەتلەپ،
چېچەك، غۇنچە غازاڭ بولدى پۇراق چاچماي تۇرۇپ گۈللەپ،
ھوكۇمران بولدى ھوقۇشلار زەھەرلىك تومشۇغىن تەڭلەپ.

گۈلىستانىڭغا قونۇپ ئالغان ئۇ شۇم قۇش باغرىنى چەللەپ،
ساداغىڭغا سىلىپ يانى، ھالاك ئەتمەككە بىر چىققىن.

ئەرىك دەۋرانى بۇ بىلسەڭ، دىلىڭنى باسمىسۇن تەشۋىش،
رەقىپ پەيت تاپسا قويماقچى ئاياغىڭ ئاستىغا ھول خش،
راخمانىي تۇرمىساڭ مەزمۇت، تومۇزدىمۇ سىبزەرسەن قىش،
ھايات مەناسىنى بىلسەڭ، كۈرەش بىلەن پۈتەر ھەر ئىش،
تەسەددۇق شوھرىتى سەنچۈن قوياشتەك بالقىپ بىر چىققىن.

*1993- يىل، 6- فېۋرال*

# قەمبەرنسا
## (داستاندىن پارچە)

ئاتۇش ئاسمىنىدىن ساقىدى يۇلتۇز،
ھەسسۇلتان مازىرىغا چۈشتى بىر كەتمەن.
قىش بولۇپ يازلاردا، تۈن بولۇپ كۈندۈز
بۇ يەرگە كۆمۈلگەن قانچە مىڭ دەرتمەن.
دېيىشەر «ھەسسۇلتان پانا ژىتىمغا»،
ئۇ ھېچ بىر ژىتىمغا بولمىغان پانا.
پاناسىز قالغان بىر ئاجىز مىسكىنگە،
پەقەت ئۇ ئاخىرقى بولغان مەنزىلگا.
بۈگۈن شۇ تۇپراقنىڭ ئاستىغا كىرەر،
شۇ ژۇتنىڭ چولپانىدەك يورۇق ئۈز قىزى.
نومۇسقا چىدىماي، قويۇن ئاچتى يەر،
ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا قالغۇسى ئىزى.
مەن بايان ئەيلىمەك بولغان مەرھۇمە،
قۇۋ ماۋ سولالسى شەنىگە تالىق.
ئېھ، ئۈزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدە،
ئۇنىڭغا كەڭ ژۇتى قىلغاندى تارلىق.

### 1ـ باپ

...ئاي نۇرىدىن لىباس كىيگەن ئاق تېرەك،
تۈۋىدىن چىقاتتى يېقىملىق ئاۋاز.
بۇ يەردە سىردىشىپ تۇرغان جۈپ ژۈرەك
كۈلكىسى كوكلەرگە قىلاتتى پەرۋاز.
قەمبەرنىسا ئىدى ئۇلارنىڭ بىرى،

گوزەللىكتە ئاينى قىلىپ قويغان لال.
تەگدىشى شېرىندۇر ـ مەشۇقلار پىرى،
تىلىلىنىڭ قىياسى تامچىپ تۇرغان بال.
يەنە بىرسى ـ قىزنىڭ سۆيگىنى ئالماس،
ئورتا بوي، قامىتى ياراشقان ئۆزىگە.
ژىگىتتى ھېچ كىمدىن ھېچ ئىشتا قالماس،
ھەر دايىم ۋاپادار قىلغان سۆزىگە.
ئىككى ياش شۇ تونۇش تېرەك تۈۋىدە،
قانچا يول ئۆتكۈزگەن شېرىن سۆھبەتنى.
گويا بىر تامچا سۇ پاكلىق دىلىدا،
چىن سۆيگۈ ۋەيران قىلار تۆھمەتنى.

* * *

يامغۇردىن كېيىنكى سۆيۈق پاتقاقتا،
كوچىدا ئادەم ئاز،مېگىش ھەم قىيىن.
بىر ئاتلىق ماگماق، ئاگا شۇ تاپتا،
پاتقاقمۇ يە سۇمۇ بەرى بىر تىيىن.
ئاتلىقنىڭ خىزمىتى ساقچىدا بولۇپ،
بىر بولۇم باشلىغى ئېدى نامى جاڭ.
شورلۇق نامىغا مەنسەپ قوشۇلۇپ،
ئاتىشاتتى ئۇنى ھەممە جاگكوجاڭ.
جاگكوجاڭ بۇ ژۇتقا مېھمان، ئەلۋەتتە،
تۇرت ـ بەش ژىل ئىلگىرى كەلگەن كۇلىدىن.
دوست تۇتقان ئۇزىگە، ئۇمۇ كېرەكتە،
دوستىنىڭ نامى ئېدى نۇرىدىن.
پالتا ياغاچنى قانداق كېسەتتى،
ياغاچتىن ئۆزىگە قىلمىسا ساپنى.

«ئەرخاڭغا» قانداقمۇ ئۇسسۇل كېلەتتى،
بىرەرسى تەڭكەش قىپ چالمىسا داپنى؟!
- بىر قىز بار ئىكەن، ئۇققۇن سۆزۈمنى،
قەمبەرنىسا دەپ ئاتاركەن ئۇنى.
ئۇيقا قاچتى تەرك ئەيلەپ ،كۆزۈمنى ،
ئايدەك ئۆزىنى مەن كۆردۈم ئەۋۇ كۈنى...
پوكاندەك قىزىرىپ ئۇنى بىسىلدى،
قەمبەرنىسانىڭ چىققاندا ئىتى.
نۇرىدىنىنىڭ تىترەپ دىمى سىقىلدى،
ئىچىشار ئىدى ژۈرەكىنىڭ قىتى.
سەۋەۋى ئۇمۇ شۇ گۈزەل، هۆر قىزدىن،
يەتمەكچى بولۇپ ژۈرگەن ئارمانغا.
توپراقلار ئىلىپ قىز ماڭغان ئىزدىن،
ئوقۇتۇپ كۆرگەن ئىدى داخانغا.
- بولمايدۇ ياخشىلىق بىلەن بۇ ئىش ھەل،
قىز ئاكىسى - قۇدرەت بۇ ژۇتنىڭ بىشى.
يىزىغا باشلىق قىپ سايلاشقان بۇ ئەل،
قىلىشار چوڭ ھۆرمەت قىرى - يىشى.
ھەرنىككى تەرەپ رازىلاشقان مىش،
ئالماس دىگەن بىر يالاڭ ئاياققا.
شۇڭا قىيىندۇر بۇزۇلۇش بۇ ئىش،
ھەتتا خۇشياقمايدۇ ھىچ بىر قۇلاققا.

## 4- باپ

بۈگۈن قەمبەرنىسا جاڭنىڭ بۇلۇمىدە،
بولغاندى ئاخىرقى قىتىم «سۆھبەتتە».
ھىجرانىنىڭ نوتلىرى كۈيدۈرۈپ ئۇنى،

بېشىنى ئەككەندى قايغۇ ـ ھەسرەتتە...
جاڭ ئېيتتى ئۇزىنى مۇلايىم تۇتۇپ:
ـ كۆڭلىڭنى ھېچ بۇزما، تۇتقۇن ئۇزەڭنى.
سۆز ئاڭلا ، ئەقلىڭنى قويما يوقۇتۇپ،
ئارتۇقچە نەم قىلما قارا كۆزىڭنى.
سەن ياخشى كۆرگەن ھېلىقى ئالماس،
ئاخىرقى كۈننى ياشاپ ئۆتۈپتۇ!
تۈرمىدىن قاچقانلار ھېچ ئامان قالماس،
ئۇ قېچىپ، ئەسكەرلەر ئۇنى ئېتىپتۇ!
ـ يا.. لغان، ـ دېدى قىز ئاچچىق غەزەپتە،
ئۇ ھايات ياشايدۇ دۈشمەن زىتىغا.
مەن ئىشەنمەيمەن بۇ قۇرۇق گەپكە،
ئەجەلنى يولاتما ئۇنىڭ ئېتىغا!...
ـ ئالماسقۇ كەتتى ، ئەمدى كەلمەيدۇ،
ئارتۇقچە كۆيۈپ ـ پۇشمىغىن داغدا.
ئاكاڭنى كۆرەشنىڭ ئىچىدە دەيدۇ،
ياردىمىڭ كېرەكتۇر موشۇنداق.، چاغدا...

* * *

ئېرىقلار ياقىلاپ، كەلدى قىز يېتىپ،
بۇرۇندىن سىرداش شۇ ئاق تېرەككە.
يۇق ئېدى ئىپەكتەك چېچىنى يەلپۈتۈپ،
راھەت بەخش ئەتكەن مەنزىل ژۇرەككە.
ئۇنىڭ ئويلىرى كەتكەن ژىراققا،
تۇراتتى ياش ئېلىپ ئىككى كۆزىگە.
ئاستا ئۇلتاردى كېلىپ قىرغاققا،

قولىغىن دىلى تۇتۇپ ژۇرەك سوزىگە.
ژۇرىگى ئېيتاتتى كوكرەكنى تېپىپ:
«سەن ئۇچۇن جان بەردى سىنىڭ سويگىنىڭ.
سەنمۇ ياتلىمىساڭ باغرىڭنى يېقىپ،
قېنى مەشۇقلىغىڭ، چىندىن كويگىنىڭ؟»
قىز نازۇك بارماقتا چېچىنى تاراپ،
دەس تۇرۇپ، كول تامان سالدى يولىنى.
تويماتتى باغلارغا، ياپراققا قاراپ،
شۇ گوللەر قۇرغانغۇ سويگو ھولىنى.

* * *

بىر توپ كىشىلەر كېلىشتى يېتىپ،
ھەممىسىنىڭ يەرگە ئېگىلگەن بېشى.
ئانا جايىدا قالدى جىم قېتىپ،
گايىسىنىڭ كوزىدە ئاققاندا يېشى.
دېدى بىر بوۋاي قىلالماي چىداش،
ئاپپاق ساقىلىن ژۇيار ئېدى ياش:
«قەمبەرنىساخان تېپىلدى كولدىن!
قانداق قىلىمىز بېرەيلى بەرداش...»
جاڭكوجاڭ ئولتىرىپ خادىك ھارۋىغا،
يېتىپ كەلگەندى مەھەللە ياققا.
تۇرۇپ قالدى ئۇ ئىشىك ئالدىدا،
قانداق كېتىشنى بىلمەي، قاياققا.
ئانا پەريادي ئۇرلىدى كوككە،
چاچلىرىن چۇگۇپ يەرگە ژىقىلدى،

چىداپ تۇرالماي قۇدرەت بۇ دەرتكە،
قىساس ئالىمەن!-دەپ جاڭغا ئېتىلدى.
شۇ پەيت ھاسراپ كەلدى يېتىشىپ،
قوللىرىدا قورال ئون نەچچە چېرىك.
قۇدرەتكە ھەيۋە قىلىپ، ئوقلار ئېتىشىپ،
باغلاپ ئېلىشتى، جاڭ قالدى تىرىك.
دېگەندەك «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك»،
قۇدرەتنى زىندانغا ھايداپ مېڭىشتى.
بىر توپ قىز جەسەتكە يېقىشىپ كۆكرەك،
كۆلدىن جەسەتنى ئېلىپ يېنىشتى.

## خاتىمە

ھاۋادا بۇلۇتلار ھالقىسىن يېرىپ،
قۇياش گويا ئالتۇن نۇرىنى چاچقاندەك،
ئالەمگە ئادالەت غۇلىچىن كېرىپ،
يېڭىچە بىر ھايات يولىنى ئاچقاندەك.
ئانا زۇلمەتتىن مادارى ئۇچۇپ،
بولسىمۇ بۇ تەڭسىز جاھاندىن بىزار،
ئوغلىنىڭ سابانى قانات قىلىپ ئۇچۇپ،
تاڭ بىلەن كېلىشىپ كۈتەر ئىنتىزار.

# رۇبائىيلار

قوشۇپ ھۇرلۇق شارابىنى سۇمەرسەم، تاڭ ساباسىغا،
يېتە رمىسكىن بۇ كۆڭلۈم دەل يۇلتۇزلار ساماسىغا.
ئەركىن ئىشقىدا كۆيمەكلىك ئۆزى يېرىم ئازاتلىققۇ،
ئۈمۈتنى ئۈزمىگەن ئاخىر يېتەر دىل مۇددىئاسىغا.

* * *

سايرا، بۇلبۇلۇم سايرا، نىگار ئويىقىدا تولغانسۇن،
تولغىنىپ يېتىۋەرمەي، شىرىن ئويقىدىن ئويغانسۇن.
ئىشىك ـ تۈڭلۈكنى ئىچىپ چىقسۇندە تالا ـ تۈزگە،
تاڭنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن خۇش نەپەس ئېلىپ قانسۇن.

* * *

قەدىرلە ئەھلى ئىرپاننى، تۇغۇلماس كۈندە بىر دانا،
ئىرىشقىن ھەر سۆزىدىن سەن چۈشىنىشكە چوڭقۇر مەنا .
ئاۋايلاپ كۆتمىسە باغۋەن بېھىش مىسالى باغلاردا،
ئۈسەمتى خۇش پۇراق چېچىپ ئەتىر گۈللەر بىلەن رەنا .

* * *

كۆڭلۈم پاتقاندا كۆڭۈللەرگە ئوتۇم ئاتۇشقا ـ مەشقەتكە،
سۆزلۈك بۇغرا ماكان تۇتقان بۇ جاي مەن ئۈچۈن مەككە.
ۋەتەن سۆيگۈسىدە بولدۇم مۇساپىر، ئەرك گادايى،
تېنىم تۇپرىقىغا قانسۇن كىرىپ پاتقاندا لەھەتكە ...

* * *

مۇساپىر ھالىمغا كۈلمە، مېنىڭمۇ ئۆز دىيارىم بار،
ئىرەم باغىنى لال قىلغان ھوسۇندار لالىزارىم بار.
«ئېگىلمەس بىر پەقەت بىر ئاللا» گۆھەرنى ئاڭلا، ئۇردۇم تاشقا،
خاتانى دەپنە قىلماققا ھېممەتمەن ئىختىيارىم بار.

* * *

نېمىشكە مۇڭلىنىپ زۇرمەي ئۆمۈر نەپسىز ئۆتىۋاتسا،
كېمەم قىرغاققا يەتمەستىن قايىنامدا چۆكۈۋاتسا.
بىلمەيمەن ،نېمىشكە شام تۆكۈپ يېشىنى زىغلايدۇ،
ئۆنىڭ جىسمى قارا تۈننى روشەن ئەيلەپ پۈتۈۋاتسە.

* * *

ئەمەلدارلار ئارا گاللۋاك، كوڭلى قارىسى كوپتۇر،
بېمەنا ئىشىدىن بەزگەن خەلق دىل يارىسى كوپتۇر.
يوق ھارۇن رەشىد، يوقتۇر بۇ كۈندە نوشىرۋان ئادىل،
شۇڭا بۇدەۋرنىڭ دەرۋىش، غېرىپ، بىچارىسى كوپتۇر.

* * *

يەتمەك بوپ دانالىقتا كىتاپتىن باش ئالالمايسەن،
بىلىمنىڭ بارىنى ئىزدەپ كىتاپتىنلا تاپالمايسەن.
ھاياتنىڭ ئۆزىدە مىڭلاپ تومىلاردىكى مەنا بار،
ئۇنى بىلمەي تۇرۇپ ئىدىرەك ئىشىكىنى ئاچالمايسەن.

* * *

ئايىغىڭ ئاستى غىنچ غەزنە، ئۆزەڭنى قۇل ھېساپلايسەن،
سائادەت قامۇسى قولدا، دىلىڭ قارغۇ ئوقالمايسەن.
ئەرىكنى ئۆزگىدىن كۈتمەك ـ ئۆزەڭنى تىرىك ئۆلتۈرمەك،
شىجائەت بولمىسا ھەتتا نىگارغا گۈل تۇتالمايسەن.

* * *

يېتەلمەس ھۆرلۈ ـ غىلمانلار ساڭا گۈل قەددى ـ قامەتتە،
نېمىشكە ئارقىدا قالدىڭ سائادەت بىلەن ئامەتتە.
جېمى ئالەم تېپىپ ھۆرلۈك، سېنىڭلا كۈلمىسە بەختىنىڭ،
جاھاننى سورىغانلارغا سوراق يوقمۇ قىيامەتتە؟

* * *

ئۆز ژۇتۇڭدىكى كورگەن جاپا ـ جەبرەڭمۇ راھەتتۇر،
ئۆزگە ژۇتتا پايۇردەك شاھلىقمۇ مەلامەتتۇر.
بەختىنى ھەر كىشى ھەر خىل چۈشۈنەر، بىز مۇساپىرغا
ۋەتەن يادى بىلەن ژۇرمەك بىردىن ـ بىر سائادەتتۇر.

* * *

بېشىمغا دەرت ـ ئەلەم كەلسە، كوزۇمدىن ئىزدىمە ياشنى،
ئېرىتمەك خام خىيالىم يوق كوزۇم ياشى بىلەن تاشنى.
دىلىم گۈلخانى تەپتىدىن يېشىم دەرياسى ھو بولۇپ،
ياساپ قات ـ قات بۇلۇتلارنى ئوراپ ئالغۇسى قۇياشنى.

* * *

ئازاپىنىڭ بەرىن ئۇستىمگە قاتارلاپ ژۇكلىدى دەۋران،
پراقىنىڭ لەشكىرى قىلدى دىلىمنىڭ مۇلكىنى ۋەيران.
زېۋىسىنگمۇ ئازاۋىغا پىسەن قىلماس پرومېتىي
كورۇپ بەرداشلىغىمنى، تىك تۇرۇپ قالدى بولۇپ ھەيران.

* * *

جېمى ياخشى كۈنۈم ئوتكەن تۇرۇڭلار سەپ بولۇپ بىر پەس،
ئەلەملەر دەرغەزەپ قىلدى، كى شەيتان سالمىسۇن ۋەس ـ ۋەس
ئاداشقان يولچىدەك يالغۇز خىيالىنىڭ دەشتىدە قالدىم،
ئۇمۇتنىڭ ئېتىغا مىنمەي بۇ چولدىن چىقمىغىملىۇر تەس.

* * *

مۇھەببەت كەر بالاسىدا يېگەندىم باشتا پەشۋا مەن،
شۇڭا مېھرىڭ بۇلىغىدىن قېنىشقا شۇنچە تەشنامەن،
ئىچىپ ھىجرىڭ شارابىدىن يېشىلمەي، مەس ژۇرەي دېسەم،
ۋىسالىنىڭ پەيزىنى ھوشيار سۇرۇشكە بەكمۇ ئاشنامەن.

* * *

ئۆمۈرنىڭ يولىدا دەشتە ـ داۋانلار ئۇچرىسا پات ـ پات،
ئىشەنچىنى پوتا قىپ باغلاپ بىلىگنى، چەكمىسەڭ پەريات.
مۇشەققەت ئىچىدىن سەنمۇ تاپارسەن بىر ھالاۋەتنى،
جاپادىن تاپمىسا لەززەت كىيىنمۇ ھاياتنى تاغلىنى پەرھات.

* * *

مۇسىبەت كۆڭلۈمنى قاچقىن، كىچىككىنە قالمىغىن تويغا،
ھايات كورسەتكىنىنى ئېيتتىم، كىلىپ قالما بولەك ئويغا.
جاپادا يوق غۇدۇر بەگلەر ئېگىلەپ توي كۈنى تورنى،
ئۈگەنگەچ، بىزلەر پەگاغا چۈشۈپ ـ قالغان مۇشۇ كويغا.

# سولغان غۇنچە

## (ھېكايە)

ئىيۇل ئېيىنىڭ ئاخىرى تومۇز ئاپتىۋىغا قاخلانغان غۇلجا شەھىرى خۇددى تونۇردەك قىزىپ كەتكەچكە، دەم ئېلىش ئۈچۈن سەرادىكى تۇققانلىرىمىزنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتكەن ئىدىم. جىلغىنىزنىڭ سۈلۈق ئاق ئۆرىگىنى يەپ، سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناپ ژۈرۈپ، ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قاپتىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوينىمغا تۇتىۋالغان قارغۇجىنى سېلىپ، شەھەرگە قايتتىم. ئۇ ئىسسىققا چىدىمىدىمۇ ياكى قارنى ئاچتىمۇ تېپىرلاشقا باشلىدى.

قاتار ـ قاتار سۆۋادان تېرەكلىرى تازىمۇ سۆلەت بېرىپ تۇرغان بىر كوچىغا كەلگەندە، دەرەقلەرنىڭ تاپىنىنى يالاپ ئېقىۋاتقان سۈپ ـ سۈزۈك سۇنىڭ بويىدا ئولتىرىپ، قارىغۇجىغا سۇ ئىچكۈزمەك بولغاندا ئۇ بىر سىلكىنىپ پالاخلاپ، قولۇمدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى قوغلاپ ژۈرۈپ، دەرۋازىسى قىيىا ئېچىلـ غان بىر ھويلىغا كىردىم. ئۇ چاغلاردا «ھويلىدا ئىشىت بارمىكىن؟» دېگەن تەشۋىش تۇگىگەن ئىدى. «كانايغا ياغ يوق، سۇنەيگە نەدە» دېگەندەك، كىشلەر ئۆزلىرى ئاچ ـ يالىڭاچ ياشاۋاتقاندا ئىشتقا بىر بۇردا نەرسە ئاشۇرۇپ بېرىش مۇشكۈل ئىدى.بەلكى كىشلەر قولىدا ئات ـ ئۇلاق، مال ـ مۈلۈك قالمىغاچقا، ئوغرىدىن خاۋاتىر بولۇپ، ئىشت بېقىشقا ھېچ بىر ھاجەت قالمىغان بولغىدى... مەن قانىتى باغلانغان قارغۇجىنى قوغلاپ ژۈرۈپ بىر توپ ئەتىر گۈلنىڭ تۈۋىدە تۇتىۋالدىم. قورادىن چىقىپ كېتەي دېگەندە:

ـ نېمە ئۇ تۇتىۋالغىنىڭىز، نە كىلىڭگا كۆرۈپ باقاي؟ ـ دېگەن نازۇك بىر ئۈن ئاڭلاندى. بىرەۋنىڭ قوراسىغا ئىجازەتسىز كىرگەن گۇنايىم ئۈچۈنمۇ ياكى تۇيۇقـ سىز ئاڭلانغان نازۇك سادانىڭ سېھىرلىق كۈچىدىنمۇ بىلمەيمەن، ھودۇقۇپ، تىزلىرىم تىترەپ كەتتى. سىنچىلاپ قارىسام، بوككۇدە ئۆزۈم بارىگىنىڭ ئاستىـ دىكى بوگلۈكتە قوشلاپ قويۇلغان ياستۇققا بېشىنى قويغان بىر گۆزەل قىز مەن تەرەپكە قاراپ يېتىپتۇ. ئۇنى كۆرۈشىم بىلەن ئېمىشكىدۇ ژۈرۈگۈم تېز سوقۇشقا باشلىدى. مەن ئۆزەمنى گۇناھكار ھىس قىلىپ، بوگلۈككە ئاستا يېقىنلاشتىم. چۆچەكلەردىكى «سۇ ئىچسە گېلىدىن، ئۆزۈم يېسە بېلىدىن

كۆرنۈپ تۇرىدىغان» بۇ نازۇك بەدەن مېنىڭ كۆز ئالدىمغا غېرىپنى باغداتقا سۈرگۈن قىلغاندا، ھىجران ئوتىدا تولغىنىپ ياتقان سەنەمنىڭ قىياپىتىنى كەلتۈردى.

- سەنەم! سەنەمنىڭ ئۆزىغۇ!- دەۋەتتىم ھاياجىنىمنى باسالماي.

- ياق، مېنىڭ ئىسمىم ساجىدەم، - دېدى ئۇ ئارانلا مېيىغىدا كۈلۈمسىرەپ.

ئاندىن ئۇ ئارىغا چۈشكەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

- قولىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟- دەپ سورىدى.

- قارىغوجا،- دەپ ئۇنىڭغا تەڭلىدىم.

- ياق ماڭا كېرەك ئەمەس، قويۇۋېتىڭ، ئۇگال ئەمەسمۇ؟ بىرەرسى سىزنىڭمۇ پۇت - قولىڭىزنى باغلاپ قويسا، قانداق قىلاتتىڭىز؟- دېدىدە ئېمىشكىدۇ قاپ - قارا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بېشىنى مەندىن چەتكە بۇرىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرىدىن تامغان ياش سۈزۈك مەرۋايىتنى ئۈزۈپ كۆكسىگە تامدى. مەن ئاڭغىچە قارىغوجىنىڭ قاناتلىرىنى يېشىپ قويۇۋەتتىم. شۇندىلا ئۇنىڭ چېھرىسىدە ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ يەرگە قاراپ:

- قۇشلار بولسىمۇ ئەركىن ئۇچۇپ ژۈرسۇن، ئۇلار ئۇچۇشقا يارالغان،- دېدى.

- قۇشلارلا ئەمەس، ئەسلى ئادەملەرمۇ يەردە ئەركىن ژۈرۈشكە، كۆكتە ئازادە ئۇچۇشقا يارالغان. مەنمۇ كۆكتە ئۇچماقچىمەن...

- قانداق ئۇچماقچىسىز، قانىتىڭىز كۆزگە كۆرۈنمەس ژىپتا باغلاقلىق تۇرسا...

- دەپ ئېمىشكىدۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. مەن ئۇنىڭ ئەقلىگە تاڭ قالدىم.

ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنە شۇ قىز بۇزۇپ:

- كىم سىزنى ئوقۇتىدۇ، بۇ يەردە قايسى بىر ئۇيغۇر ئوچقۇچ بوپتۇ؟- دېدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى كىمگىدۇ غەزەپ، ئېمىگىدۇ نەپرەت ئوتى بىلەن ياندى.

- «بۇ يەردە بىزگە ياخشى كۈن بولمايدۇ» دەپ دادام تولا ئېيتىدۇ. خوشنا ئەلگە چىقىپ كەتسەك، شۇ يەردە ئوقۇپ، ئارمىنىمغا يېتىمەن.

- ئارزۇڭىزغا يېتىڭ! - دەپ ئۇلۇق - كىچىك تىندى قىز. مېنىڭمۇ مەخسىتىم بار ئىدى، دادام بولسا تۇرمىدە، ئاكام ئەمگەك لاگېرىدا، بىچارە ئاپام بولسا ئۇچىمىزنىڭ ئارىسىدا سەكپارە بولۇپ ژۈرىدۇ...

- سىزگە نېمە بولغان ؟- دەپ ئاران پېتىنىپ سورىدىم.

- نېمە بولاتتى،- دېدى قىز ئېغىر بىر خورسىنىۋېلىپ، 29- ماي قانلىق ۋەقە-

سىنى ئاگلىغانسىز بەلكىم. ھە، شۇ كۈنى دادام ئىككىمىز سۈيدۈڭدىن غۇلجىغا قاي-تىپ كەلسەك قاتناش ئىدارىسىنىڭ ئالدى ئادەمگە تولۇپ كېتىپتۇ. دادام مېنىڭ قولۇمنى مەككەم تۇتۇۋېلىپ:

- جورۇڭ قىزىم بۇ يەردىن نېرى كېتەيلى، كۆڭلۈم بىر ئەرسىنى سېزىپ تۇرىدۇ، - دەپ ئۆيىگە ماڭغان ئىدى. ھايال قىلماي ئادەملەر توپى خۇددى سەلدەك تۇرۇلۇپ بىزنى ئارىسىغا قوشۇپ ئوبلۇسلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. دەل شۇ يەرگە كەلگەندە پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىناسىدىن بىگۇناھ خەلققە قارىتىپ پۇلىمۇتتىن «تا - تاتلاپ» ئوق ئېتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولدى بىلمەي-مەن، كۆزۈمنى ئاچسام «دوستلۇق» ئاغرىقخانىسىدا يېتىپتىمەن. بىر تال ئوق بىقىنىمنى تېشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئاڭلىسام دادامنى «29- ماي» ۋەقەسىگە قاتناشتى، دەپ ئەيىپلەپ تۈرمىگە تاشلاپتۇ. ھېلىغۇ نامايىشقا قاتناشمىغان ئىدى، قاتناشقان بولسا نېمە بوپتۇ؟! ئۆزلىرىنى كوممۇنىست دەپ ئاتاپ ژۈرگەن ماۋچى باسقۇنچىلار ئوقىدىن مانا موشۇ ھالغا چۈشتۇم.

قىز كۆز ياشلىرىنى مەندىن يوشۇرغىسى كەلدىمۇ تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ ژۈرەك سۆزلىرى كۆڭلۈمنى ئېزىپ تاشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ يەرگە تەيزىدەك قادالغان قويۇق كىرپىكلىرى، ياستۇققا يېيىلىپ ياتقان تۈم قارا چاچلىرى، تۇرۇل-گەن قەلەمدەك قاشلىرى ئاق پىشما نازۇك بەدىنىگە شۇنداق ياراشقانكى، شۇنداق بىر گۈزەلگە ئوق ئاتقان ئەبلەخلەرگە ژۈرۈگۈمدە ئۆچ - قىساس ئوتى پەيدا بولدى. بۇ گۈزەللىككە ئۇنىڭ چېھرىسىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس نەپىس تار-تىنچاقلىقنى قوشقاندا ئۇ مېنىڭ كۆزىمگە دۇنيادا يەككە - يېگانە كۆرۈنەتتى. ئېمىشكىدۇ ئۇنى يوقلىمىسام، كۆڭلۈم ئۇنمايدىغان بولۇپ قالدى. ۋاقىت ئۆت-كەنسىرى مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي، «سەنەم» دەيدىغان بولدۇم. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭدىن:

- سىز نېمىشكە مېنى سەنەم دەيسىز؟ - دەپ سوراپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا:

- دەسلەپ مەن سىزنى كۆرگەندە خۇددى سەنەمنى كۆرگەندەك بولدۇم، سىز ئىسمىم ساجىدەم دېگەندە، ماڭا سەنەم دېگەندەك ئاڭلاندى. رەنجىسىڭىز سەنەم دېمەيمەن دېسەم، ئۇ ماڭا:

- مەيلى، دېسىڭىز - دەۋېرىڭ، - دەپ سەل جىم ئولتارغاندىن كېيىن، - ئەگەر

مەن سەنەم بولسام: سىز ـ دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قىزىرىپ يەرگە قاراۋالدى. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بىرتال قىزىل گۈل غۇنچىسى جەۋلان قىلدى.

* * *

كەچ كىرگەن. يامغۇر ئارىلاش قار يېغىۋاتاتتى. ئۇ كىتاپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرگەچكە، قولۇمغا چۈشكەن ياخشى بىر كىتاپنى قولتۇغۇمغا كىستۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە، ئىشىگى ئالدىغا توپلانغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى. بەلكى دادىسىنىڭ ئۆلگىنى تورمىدىن چىقىرىپ بەرگەنمىدۇ، دەپ ئويلاپ هويلىغا كىردىم. هويلىدا ئاق يۆپۈق يېپىلغان جىنازا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنەمنىڭ قىزىل ياغلىقىنى باغلاپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭغا هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرسام، ئۇنىڭ ئانىسى يېنىمغا كېلىپ، مېنى باغرىغا تىگىپ هۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. شۇ چاغ ئۆپكەم ئۆرلەپ، يۈرىكىم سىقىلىشقا باشلاپ، هەممە ئادەملەر، پۈتۈن مەۋجۇدات يىغلاۋاتقاندەك بىلىندى. بىر هازادىن كېيىن كىمدۇ بىرى مېنى يېتەكلەپ، ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتى. قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي،سەنەم تېخى ئاخىرەتلىككە ئېلىنمىغان ئېكەن. گويا مېنى يەنە بىر كۆرۈشنى ئۈمۈت قىلغاندەك ئۇنىڭ كۆزلىرى قىيا ئوچۇق ئىدى. بەلكى ماڭا تارتىشىۋاتقاندۇ،بەلكى...

ئادەملەر كوچىغا سىغماي لىقىشىپ ماڭاتتى. جىنازىنىڭ ئۈستىدىكى قىزىل ياغلىق كىشلەر قەلبىدىكى قانلىق داغنىڭ سىماسى بولۇپ كۆرىنمەكتە ئىدى. ئۇ تېخى ئېچىلمىغان غۇنچە چېغىدا ماۋچىلارنىڭ ئوقى ئازاۋىدىن ئۆلۈۋاتقانلىغىنى شۇ چاغلاردا ئانچە ئويلاپ يەتمىگەن بولسامۇ، يۈرىگىمگە ئەڭ يېقىن بولغان كىشىدىن ئايرىلغانلىق ئازاۋىنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي، ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپ باراتتىم.

ئۇ ئۆلىمنى ئېسىگىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا مەن سامولىيوت هايداپ بارسام ئۇ گۈل تۇتۇپ ئالدىمغا چىقماقچى ئىدى. شۇم پەلەك گەردىشىمۇ يە ماۋچىلارنىڭ زۇلمى دەستىدىنمۇ بۇ بەختنى يە ماڭا، يە ئۇنىڭغا راۋا كۆرمىدى. ئۇنى هاياتتىن، مېنى بولسا دۇنياغا ئەندىلا كۆز ئېچىپ كۆرگەن گۈزەل قىزدىن ئايرىدى.

# مەھەممەتجان ياسىن

(بوغدا)



مەھەممەتجان ياسىن (بوغدا) 1945- ژىلى ئويغورستاننىڭ ئورۇمچى شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئورۇمچىدە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگۈتۈپ، ئۆلكىلىك ئىككىنچى دارىلمۇئەللىمنىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. ۋە ئۇنى ئالدىنقىلار قاتارىدا پۈتتۈرۈپ، ئىلى تەۋەسىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلىندۇ. لېكىن بۇ يەردە خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تەقىپكە ئۇچرىغانلىقتىن 1969- ژىلى بىر تۈركۈم سەپداشلىرى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە كۆچۈپ چىقىپ، 1985- ژىلىغىچە قازاقىستاننىڭ كۆكچېتاۋ ئوبلوستىدا، ئالمۇتا شەھرىدە ۋە تاشكەنت شەھرىدە ياشايدۇ. 1985- ژىلدىن بۇ يان قىرغىزستاننىڭ قارا - بالتا شەھرىدە ياشاپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ ژۈرگەن چاغلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، 1964- ژىلى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا تۇنجا شېئىرى يورۇق كۆرگەن. ۋە داۋاملىق «شىنجاڭ ياشلىرى»ژۇرنىلى. «ئىلى گېزىتىدە» شېئىرلىرى بېسىلىپ تۇرغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندىن كېيىنمۇ تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىغا قارىماي «يېڭى ھايات»، «ۋىژدان ئاۋازى» گېزىتلىرىدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۈزۈلمەي بېسىلىپ كەلمەكتە.

شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ماۋزۇ دائىرىسى كەڭ. ئۇ تەبىئەت، گۈزەللىك، مۇھەببەت، دوستلۇق، ئانا، تەغدىر ئۇمۇمەن ھاياتنىڭ ھەممە كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىدۇ.

# مىللىتىم

1

ئۇيغۇر ـ دېگەن

تارىخ ياراتقان،
قۇتلۇق ئېدى مىللەت نامىمىز.
جاھان ئەھلىنى رام قىپ قاراتقان،
مۆجىزىكار شۆھرەت،
شانىمىز.
ۋەتەن غېمى بىلەن ئۆتمەكتە،
ھەر دەقىقە،
پۇرسەت
نانىمىز.
يېرى مۇنبەت،
سۇلىرى زىلال،
يۇرتۇڭ ئېدى، گۈزەل بىبباھا.
كۆزى خۇمار،
قاشلىرى ھىلال،
سەنەملەرگە بولسەن شەيدا.
(ئېقلىمدىكى مەۋجۇت سېھىرلىك،
مۆجىزىسىمكەن ساگا.
نەي، ئانا!)
نامىڭ باردۇر قېدىم ـ قېدىمدىن،
شەھەر قورغان،

چارباغ ياسىغان.
ئەي، جاپاكەش خەلقىم،
ئۆزەڭنىڭ
قايسى ئىلىم قالدى قازمىغان؟!
(ئالەم شاھىد،
قانداق تىلسىمات،
قالغان ئىكەن، ئۆزەڭ ئاچمىغان؟!)
قولدىن كېتىپ ئامەت، ساخاۋەت،
بەخىت تەلەي كۆلۈپ باقمىدى.
سانسىزلىغان قۇربانلار بېرىپ،
قانچە قانلار بېكار ئاقمىدى!
ئەمما بىزنىڭ ئىستىقلالىمىز،
كىملەرگىدۇر، ھامان ياقمىدى!...
2
كۆڭلىمىزنىڭ يۇمشاقلىغىدىن،
ياتلارنىمۇ «ئۆز» دەپ ساندۇق.
بىلىسە قانچە كۆكرەك كەرگەننىڭ،
ئەجدادى ۋە ئاتىسى ئېدۇق.
(راپاۋەتلىك قىلغان ۋەجىدىن،
كۆرمىڭ قېتىم بۇرۇنغا يېدۇق).
«پىرلەشكەنلەر» ئالدىدا بۈگۈن،
قېلىپ قالدۇق مىللەت «سانالماي».
ياتلارنىغۇ،
قويىۋەر،
مەيلى،

قېرىنداشلار تۇردى تەن ئالماي.
شۇ تۈپەيلى، باغرىم قان بولدى،
ھەسرەتلىرىم كۆكسۈمگە پاتماي!
ئىمان ئۈچۈن جاننى بېرىمىز،
(دىلىمىزدا ھېچ يوق كىرىمىز).
يىراق دىنداش، يېقىن خىشىدىن،
زەرىب يېگەننىڭ بىردىن - بىرى بىز.
(پاكىستانچۇ ئۈنىڭغا گۇۋا،
تۇتاش ئېدى تاغۇ - يېرىمىز).
ياۋۇزلارنىڭ قولىدا بۈگۈن،
تالاي ژىگىت - قىزلار چېپىلدى.
پانا ئىزلەپ چىققان ئوغلانلار،
دوللار،
يۈەن - كويغا سېتىلدى.
تارتقانلىرىڭ ئازدەك،
مىللىتىم،
دەرت ئۈستىگە دەرتلەر قېتىلدى!
3
ئەجداد بەرگەن دەسمايىنى يەپ،
ئۆزىمىزنى ماختاپ،
كۆكەردۇق.
ژىڭنىدەكنى تاغدەك كۆپتۈرۈپ،
ۋە تاغدەكنى يوق قىپ ئۆچەردۇق.
رەقىپلەرنى بىلمەي،
گايىدا،

دوستىمىزنى كولاپ كۆچەردۇق.

بىراق، خەلقىم،

نومۇس ـــ ئارىگىنى،

يەلكىمىزگە ئارتىپ ـــ كۆتەردۇق!

سۆزلەڭ دېسە، چىقىپ مۇنبەرگە،

ۋاقىرايمىز، دوستلار قانچىلىك...

ئېلىپ قاچتۇق قورقۇق هارۋۇنى،

هازىرغىچە قىلىپ «سەن»، «مەن»لىك.

(شۇ سەۋەپتىن قالدۇق بۇ كۈنگە،

بىزدىن ئۆتۈپ كەتكەچ سەۋە نىلىك!...)

* * *

نوخسانىڭ بار، دەپ، ئەزىز خەلقىم،

يۈزۈم ئۆرۈپ سەندىن كەچمەيمەن.

سېنى سۆيمەك ـ شەرىپىم ئەھدىم،

كېلەچەكتىن ئۈمۈت ئۈزمەيمەن.

سەن ـ غۇرۇرۇم،

داغقىم،

ھۆرمىتىم،

ۋىژدانىمنى تازا ساقلايمەن.

ئۇيغۇر ـ دېگەن نامىڭ ئۇلۇقتۇر،

سۆيمىگەنلەر ـــ تىرىك ئۆلۈكتۇر.

1999ـ ژىل، نويابىر

# غۇلجا

ئۆزى گۈزەل،
مېھرى ئىسسىق،
باغرى كەڭ،
ئالەم ئارا داڭقى باردۇر، غۇلجىنىڭ.
ئازاتلىققا تالاي قېتىم تۇرگەن يەڭ،
مەدھىيەسىن ئالغان قانچە، قانچىنىڭ،

ۋەتىنىمنى ئوخشاتسام زەر ئۈزۈككە،
مەپتۇن قىلار ئېيسىل ياقۇت كۆزى ئۇ،
مەلئۇنلارغا ئوقيا بولۇپ ئېتىلغان،
جاپا چەككەن ئۇيغۇرۇمنىڭ ئۆزى ئۇ.

ئەلمىساقتىن ھېچ كىم كۆرۈپ باقمىغان،
كېچە بولماي،
كۈندۈزى تاڭ ئاتقاننى.
دەريالارمۇ تارقىسىغا ئاقمىغان،
يوقلارمىدى، بەخت ئۇڭدا ياتقاننى؟!
تارىخ گۇۋا،
غۇلجا،
ئەزەل ـ ئەزەلدىن،
بولۇپ كەلدىڭ ئىنقىلاپنىڭ ماكانى.
سەن يارالغان ناخشا ـ كۈيدىن غەزەلدىن،
كۆرەشىسىز ھېچ كەلمەس ئىقبال زامانى!

1999 ـ يىل، نويابىر

# ۋەتىنىم

سۆيۈملۈك، مېھرىۋان، قەھرىمان،
ئانامسەن ـ جانىجان، دىيارىم.
تەڭدىشىڭ بارمىدۇ جاھاندا،
ئېي، ئۇيغۇرستانىم ـ نىگارىم؟!

مېھرىڭدە بەختىنىڭ جىلۋىسى،
چېھرىڭدە قۇياشنىڭ تەپتى بار.
كۆڭۈللەر ئاقىدۇ سەنسىرى،
ئىستىقلال ـ يولۇڭغا دىل خۇمار.

گۈزەلدۇر ـ باغلىرىڭ، تاغلىرىڭ،
ھۆسنىنى قوشاركەن بويۇڭغا.
ئاشىغىڭ ـ مەن سېنىڭ،
سەن ئۈچۈن،
جان بېرىش ـ پەخرىمدۇر يولۇڭدا!

ئېيخ، ۋەتەن، ئۇلۇق سەن، بۈيۈكسەن،
مەڭگۈگە ئىشقىڭمۇ مەن بىلەن.
بەختىم يوق مېنىڭمۇ سېنىڭسىز،
ھاياتىم،
جېنىممۇ سەن بىلەن!

چۈشەرمەي تىلىمدىن تا ئەبەت،
كۈيلەيمەن ئۇمۇر بوي شانىڭنى.
مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ،
بۇلبۇلۇڭ،
كۈيلەيمەن، ۋەتىنىم، نامىڭنى!

1964- يىلى قورغاستا يېزىلغان،
1999- يىلى قارا - بالتىدا رەتلەنگەن

# ۋەتەن ئىشقى

## (مۇخەممەس)

«ئېي، گۈزەل يار نۇرىنىغان قەشقەر، كۇچار، ياركەن، خوتەن،
ئېمىلەر بولدى ئېكەن ئىپلاس ناپاقتا پاك ۋەتەن»1.
ئۇلە، ئۆزەڭ دىلدار ئېدىڭ، گۈليار ئېدىڭ، غۇنچە، لىۋەن،
ھەر يۈرەك قۇچقان ئىشىق ـ سۆيگۈسىنىڭ كۆڭلىگە تەن.
بەر ھايات مېھرىڭ گويا دىللاردا بىر ئالەمگە تەڭ.
كۆن چىقىش ئالتۇن نۇزۇك بولسا، ياقۇت كۆزى ئېدىڭ،
قەشقىرى، يۈسۈپ ھاجىپ پەن بابىدا يۈكسەك تېغىڭ.
نازۇگۇم پۈتكەن غەزەل، باتور ئىپپار ئۆزى ئېدىڭ.
بايلىغىڭ زور بىباھا، مەشھۇر ئېدى سەنئەت بېغىڭ.
بۇ ئالەم تارىخىغا باسقان ئۆزەڭ ھەم تامغا ـ ئەن.
گۈل ئېدىڭ، گۈلشەن ئېدىڭ بىر قاقمىدى بۇلبۇل قانات،
ئاھۇ ـ زار، مۇڭ ـ غەم بىلەن سىرداش بولۇپ ئۆتتى ھايات.
ئۆز بالاڭ سەرسان بۇ دەم، بەزمە قۇرۇپ ئويناپدۇ يات،
سەن تۇگۈل ھالىڭغا ئېي، كۆك ۋە ساما ئېيتماقتا «دات»!.. .
تولغىنىپ ئاقتى ئەنە، ئېرتىش، ئىلى، تارىم، تۈمەن.
ئۆمرىدە قانچە بالاڭ قىلدى كۆرەش ئىقبال ئۈچۈن،
ئارمىنى يۈكسەك ئېدى ھەم بارچا جان بوپ بىر پۈتۈن.
قانچىلاپ ئىسيان ئېلىپ باردى سېيىت، سادىر، لوتۇن.
خەلق ئۈچۈن ياتغان كۆڭۈل سۆيگۈ بىلەن يوقتۇر تۇگۈن،
شۇ ئەزىز توپراق ئۈچۈن تورسا ئۆلۈم قىلماي پىسەن.
دوستلىرىم، قايسى ۋاقىت بۇلبۇل قانار شەيداسىغا،
تاڭ كۈلۈپ باقار كۆرەش سۆيگەن چىۋەر بەرناسىغا.
يار بولۇپ ئۆتكەي ھامان كۆلكە كۇچار رەناسىغا،
بۇغدا ھەم قوشقاي قاچان دىل سۆيگۈسىن زوھراسىغا،
ئېي ۋەتەن ئىشقىڭ بىلەن ياندى كۆڭۈل ياناماقتا تەن.

2000ـ ژىل، ماي

---

1 ئىم شىبەھتىنىن

# بىز سۆيگەن باھار

ھەممە ياقلاردا گۈلباھار كۆركى،
دالانى چېچەك قاپلاپ كېتىپتۇ.
گۈزەل جاھانغا ئوخشايدۇ تۇرقى،
ئۇنتۇپتۇ بىزنى،
تاشلاپ كېتىپتۇ!...
ۋادىلار ئارا ياڭرىسا ناۋا،
كاككۇك مۇڭ بىلەن تىنماي سايرىدى.
ۋۇتكەندە ھوزۇر بېرىدۇ ھاۋا،
باغلار پەيزىدىن كۆڭۈل ياڭرىدى .
ھەر جاندا يالقۇن،
ھەر جاندا كۈلكە،
زوقلىنىپ شادان سۈرمەكتە ھايات.
ئارزۇ - ھەۋەسكە پۈركەندى ئۆلكە،
يېڭىدىن ئامەت ياسىدى قانات.
قىزلار چېكىگە قىسىپ گۈلىنى،
قاقاس چوللەردە ياشنىدى بوستان.
شائىرلار توكۈپ ئەلگە مېھرىنى،
يۈرەك - دىلىدىن ياراتتى داستان.
بىزمۇ ئەزەلدىن كۈيگەن ئۇنىڭغا،
چىن ئاشىق ئىدۇق،
ئاشنا ئىدۇق ھەم.
تەلمۈرۈپ ئۆتتۇق باھاردەك تاڭغا،

مۇشتاق ئىدۇق ھەم،
تەشنا ئىدۇق ھەم.
ژۇرىمىز ھامان ئىشقىدا يېنىپ،
دىلدا يوق داغلار،
دىللار بىغۇبار.
بار ۋۇجۇت بىلەن كېلىمىز سۆيۈپ،
بىز كۈتكەن(جەزمەن)،
كۈلىدۇ باھار!

# ئۆزەم ھەققىدە

ــ نېمە ئېدى «بۇغدا» دېگىنىڭ،
نېتىڭ ئۇنداق ئەمەستى سېنىڭ.
ــ ۋەتىنىمنىڭ سىموۋۇلىدۇر،
ۋە ژۇرەكتە ئورغىغان قېنىم.
تەختىمدۇر ئۇ،
بەختىم، ئىشەنگىن،
ياكى ئۇنى مۇنداق چۈشەنگىن:
شان ــ شۆھرىتىم،
ھاياتىم،
جېنىم!

2001ـ ژىل، يانۋار.

# مۇزەپپەرخان قۇربان



مۇزەپپەرخان قۇربان نەسپەرئوغلى 1944- ژىلى ئۇيغۇرستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق قورغاس ناھىيە مەركىزى قورغاستا، خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1955- ژىلى ئاتا-ئانىسى بىلەن قىرغىزستاننىڭ فرۇنزې (ھازىرقى بىشكېك) شەھىرىگە كۆچۈپ چىقىپ، 1965- ژىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى رۇس تىلىدا تۈگەتكەن. 1981- ژىلى قىرغىزستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژۇرنالىستىكا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ، ئۇنى 1987- ژىلى مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملىغان. 1988- ژىلدىن 1992- ژىلغىچە رېسپۇبلىكىلار ئارا «كوممۇنىزم تۇغى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ قىرغىزستان بويىچە ئۆز مۇخبىرى، 1992-1994- ژىللىرى قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىلىرىنى ئاتقۇرغان.

مۇزەپپەرخان قۇربان ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن تاشقىرى، قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي - سەياسىي ھاياتىنىڭ تەرەققىي تېپىپ گۈللىنىشىگە چوڭ ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە 1988- ژىلى قىرغىزستان دۆلەت تېلېرادىئوسى تەركىۋىدە، قىرغىزستان تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇرچە تېلېكۆرسىتىش پروگراممىسى ئېچىلدى. ئۇيغۇر بالىلىرى كۆپ سانلىق تەشكىل قىلىدىغان فرۇنزې شەھىرىدىكى (بىشكېك) 53- مەكتەپتە، لېبېدىنوۋكا يېزىسىدىكى 2- مەكتەپتە، نوۋوپوكروۋكا يېزىسىدىكى 3- مەكتەپتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن (1988- ژىلى) ئۇيغۇر تىلى رەسمىي مەكتەپ پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلدى. يەنە شۇ ژىللىرى سەياسەتنىڭ ئۆزگۆرۈپ، دېموكراتىيە شامالللىرىنىڭ سوقۇشى بىلەن پەيتنى ئەۋزەل كۆرگەن

مۇزەپپەرخان قۇربان ئۆز ئەتراپىغا ئۇيغۇر زىيالىلىرى ۋە بىلىملىك ياشلارنى توپلاپ، كۆپچىلىكنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن 1989- ژىلى 17- دېكابىر قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئىتتىپاق» جەمىيىتىنى قۇرۇپ، 1994- ژىلى 25- مارت ئۇنىڭ ئورگانى «ئىتتىپاق» گېزىتىنى چىقاردى. ھەم ئۆزى رېداكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. 1997- ژىلى يەنە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە مۇستەقىل گېزىت «ۋىژدان ئاۋازى» يورۇق كۆردى. بۈگۈنكى كۈندە مۇزەپپەرخان قۇربان مەزكۇر گېزىتنىڭ رېداكتورلۇق لاۋازىمىنى ئاتقۇرۇپ كەلمەكتە.

مەكتەپتە ئوقۇپ ژۈرگەن چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا قىزىققان مۇزەپپەرخان قۇربان 70- ژىللاردىن باشلاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ شېئىر يېزىشتىن باشقا ئەدەبىياتنىڭ پىيېسا ژانىرىدىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ، «بۇلۇنگەن ژۈرەك»، «ئەركە بالا» قاتارلىق پىيېسىلارنى يازغان.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر، رۇس، قىرغىز تىللىرىدا گېزىت - ژۇرناللاردا داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرماقتا.

مۇزەپپەرخان قۇرباننىڭ شېئىرلىرى: «باھار ناخشىلىرى» (1984)، «دەقىقىلەر» (1986) ئۇيغۇر تىلىدا؛ «تۇمۇر قانات» (1986) قىرغىز تىلىدا؛ «مەرت كۆكۈل» (1987) رۇس تىلىدا چىققان توپلاملاردا بېسىلدى.

# ئانامغا

ئىشىمدىن يانغاچقا كىچىكىپ،
ئويۇمگە ئالدىراپ كېلەتتىم.
بالامغا كەتكەچكە ئىچىكىپ،
«دادا»، ـ دەپ سۆيۈشىن بىلەتتىم.
ئىشىكنى ئېچىپلا كۆردۈم مەن،
مېھرىبان ئۇ ئەزىز ئانامنى.
قولىنى لېۋىمگە سۈردۈم مەن،
كەپتىكەن كۆرەي دەپ بالامنى...
ئانامنىڭ بىر چاغلار دېگىنى،
بىردىنلا كەلدى ئەس ـ يادىمغا:
«كۆيدۈرسەم ساڭا قەلب ـ باغرىمنى،
كۆيەرسەن، بالام، سەن بالاڭغا».
بىلدىم، ئېھ، ئانامنىڭ ژۇرىگى،
پەرزەنتچۈن يانغان بىر
ئوت ـ گۈلخان.
ئادەملەر ئىچىدە ئانىلار،
ئانىلار تەڭدىشى يوق ئىنسان!..

# سىرلىق ھايات

ھايات شاتلىق، تاتلىق ھەم سىرلىق،
ھەر كىمگە ئۇ ھەر خىل ياقىدۇ.
بىرىنى شات، بەختىيار قىلسا،
بىرىگە ھىجران ئوتىنى ياقىدۇ.

بىراق بولسا ھەر قانچە سىناق،
نائۈمىدتلىك بولمايدۇ، دوستلار.
خوشاللىقنى بۆلۈشۈپ بىللە،
شات يايرىشىپ، كۈلەيلى، دوستلار.

# ئادەملەر مېھمان ھاياتقا

ئادەمزات ئۇمۇ بىر گۈلگە ئوخشاش
باھاردا كۈلگەن يايراپ، ئېچىلىپ.
ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ بار ھەمدە قىشى،
كۈتەر يىراقتىن ئىشىكىن ئېچىپ.

ئادەملەر مېھمان ئۇشبۇ ھاياتقا،
ۋاقىت توختىماي يۈگرەپ ئۆتىدۇ.
قىرغاقتا ئۇرغان دولقۇندەك، يىللار،
كىمنىڭدۇ ئۆمرىن يۇيۇپ كېتىدۇ.

ئالتۇن، گۆھەرنىڭ - بايلىق ھەممىسى،
ئۆزگەرتىدۇ، بىل، ھەر كىم نەگىلىنى.
دىلنى رەنجىتىپ، بەرمىگىن ئازار،
ئالماق قىيىنغۇ ئادەم كۆڭلىنى.

ئۆمۈرنى سۆيەر پۈتكۈل ئادەمزات،
ھايات دەپ تۆكەر تەرى، مېھرىنى.
رەنجىتىشلەردىن نېرى بولايلى،
بولغاچ ھاياتنىڭ بىز بىر مېھمىنى.

# ھۆرمەت

نېمىدىن تاپار ئادەم ھۆرمىتىنى،
زېمىندا ياشاپ، قىلمىشى ئارا.
قۇرۇق گەپ بولۇپ كۆرۈنەر بەلكى،
لېكىن ئۈزۈلگىم دەر ھەر چاغ: «سورا».
بەزىلىرىگە مەن بېرىپ سوئال،
يەنە كۆڭۈلسىز جاۋاپنى ئالدىم.
يانچۇغىڭدا گەر بولسىلا ئاخچاڭ،
ئەشۇ ھۆرمىتىڭ، - دېدى، ئاڭلىدىم.
بەختىڭ گەر ئاخچاڭ بولسا قولۇڭدا،
ئۇ چاغ بولمايدۇ غەم بىلەن كارىڭ.
سەن ئۇلۇق،
بەرى سېنىڭ يولۇڭدا،
ھۆرمىتىڭ ئەشۇ، ئەشۇ باھارىڭ.
باشقا بىرى سەل ئۆزگەرتىپ بۇنى،
ئادەم ھۆرمىتىنى ئابرويغا باغلاپ،
ئابروي بولسا شۇغۇ ھۆرمىتىڭ،
ھۆرمەت ئابرويدا دەپ بەردى جاۋاپ.
ئابرويۇڭ بولسا بارلىقى تەييار،
ئالدىڭغا كېلەر مەسلىھەت سوراپ.
ئابرويدىن ئۈستىن نېمە بار دەيسەن،

ھەممىسى سېنى،
تۇرىدۇ توراپ!
بىراق بەرگەن ھەر نىككىلا جاۋاپ،
بولمىدى توغرا، مەنمۇ كۈنمىدىم.
چىقمىدى لەززەت ئالغىنىدەك ساۋاق،
ئىچىلىپ گۈلدەك، يە شات ژۇرمىدىم.
لېكىن مۇقەددەس بىر دىل سوزى بار،
ھاياتلىقنى ئۇز ئىچىگە ئالغان.
ۋەتەن!
ئۇنىڭسىز ھېچ كىم ھېچ قاچان
ھۆرمىتىنى، بىل،
ئەمەس ساقلىغان.

ۋەتەن،
ھەقىقىي ھۆرمىتىڭ،
جېنىڭ.
ۋەتەن ئۈچۈن باش قويۇپ، پۈككىن تىز.
ۋەتىنىڭ بولسا
ھۆرمىتىڭمۇ بار،
ئەتىكى كۈنگە قالدۇرسەن ئىز!

## ھەقىقەت

ھەقىقەت دېگەن ئۇ قەيەردە،
ئىزدىشىپ قانچە، بېرىشىپ جان.
يەشمەك بولۇشۇپ ئۇنىڭ سىرىنى،
ئەجداتلار ئۆتكەن كۆرىشىپ ھەر يان.

ھەقىقەت دېگەن ۋىژدان ئۆزى،
ئىزدىمە ئۇنى باشقا جايدىن.
ھەقىقەت دېگەن ۋىژدان سۆزى،
ئىنساپ بار يەردە بارغۇ ئۆزى.

ئۇنى كۆرىمەن دېمە ئۆلچەپ،
غۇلىچىڭ كېرىپ يېتەلمەيسەن.
چاپساڭمۇ پالتا، چىقىرىپ كۈچ،
پۇچۇلدۇرۇپمۇ كېتەلمەيسەن.

ھەقىقەت دېگەن ئۇ مەڭگۈلۈك،
كېلىدۇ ۋىژدان بىلەن ياشاپ.
بىراق چىقىدۇ نائىنساپلار،
ئۆتمەك بولۇشۇپ يەنە يانداپ.

بىلمەستىن نېمە بولارىنى،
چالما ئاتىدۇ ھەقىقەتكە.
لېكىن ژۇلۇنۇپ شۇم بۆيىدەك،
ئۆزى قالىدۇ ئاخىر دەرتكە.

# ياشايمەن

ھاياتىمنىڭ نەك ئېسىل كۈنلىرى،
شۇ بىر نەسنادا كەتتىمۇ ئۆتۈپ.
قەدىر ـ قىممىتىن بىلىپ تۇرۇپ مەن،
ئالالىدىمۇ پەيزىنى سۈرۈپ.

ياق. گۈل ئەمەسمەن بىر پەسىل ياشاپ،
ئاندىن تۇيۇقسىز توزۇپ كەتكەندەك.
باھارىم مېنىڭ يازىمغا تارتىپ،
ئۆمرۈممۇ خېلە يەرگە يەتكەندەك.

ئەندىچۇ مانا كەلدى ياز پەسلىم،
كۈز ـ قۇۋىتىممۇ ۋايىغا يەتتى.
بايىقى ئېسىل ژىگىتلىك چېغىم،
بىر داۋان ئېشىپ خوشلاشتى كەتتى.

ئۇنتۇلۇپ قالدى بەگۇۋاشلىقىممۇ،
ھېسسىياتلىرىم باشقا ئۆزەمدە.
بېغەم يېتىشتىن ساقلىغىن، تەغدىر،
ئۆمۈت ئوتلىرى چاقنار كۆزۈمدە.

كېتىپتۇ ئۆتۈپ خېلە ۋاقىتلار،
كىرىپىگىم قېقىپ ئۈلگەرگىچە خەپ!
بىراق ياشايمەن ئۆتكەن كۈن ئەمەس،
پەقەت ئەتىكى تاڭلىرىمنى دەپ...

# سوغا

تۇغۇلغان كۈن بىلەن تەبرىكلەپ،
كەپسەن ماڭا سەن سوغا ئېلىپ.
كىچىككىنە بىر نازۇك قۇشنى،
تار قەپەزنىڭ ئىچىگە سېلىپ.

ماختاپ ئۇنىڭ خوش ئاۋازىنى،
سايرىغاندا ئەجايىپ دېدىڭ.
ئەشۇ چاغدا بۈگۈنكى كۈننى،
ئەسكە ئالغىن، دەپ كۈلگەن ئېدىڭ.

تۇرمىسا قۇش سايراپ خوش چىراي،
باغۇ - بوستان، يە كەڭ دالادا.
قاقسا قانات - ئۇزىنى ئۇرۇپ،
ئۇ ئىنتىلار قاراپ تالاغا.

ئاخىر بۇ قۇش بۇلبۇل ئەمەسقۇ،
گۈل شېخىدا سايرىغان ئەركىن.
دېگەن ئويدا تىكىرقاپ بىر ئاز،
ساڭا قاراپ ئۇلتارغاندىم جىم.

كەل، ياخشىسى - قويۇۋېتەيلى،
كەتسۇن ئۇچۇپ، سايرىسۇن يايراپ.
باغۇ - بوستان، تاغ، سايلار ئارا،
ئاۋازى چاڭ كەلتۈرۈپ، ياڭراپ.

شۇ چاغ، راستى، ھەر ئىككىمىزگە،
ئۇنتۇلماس بوپ بۇ كۈن قالدۇ.
تۇغۇلغان كۈن كەلگەندە دايىم،
كۆڭلىمىز خوش نەپەس ئالدۇ.

# رەنجىتمە

دوستلۇقنى سۆيۈپ قەدىرلە، دوستۇم،
چىن دوستلۇقنىڭ ھېچ بولمايدۇ چېكى.
دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما بىكار،
كەتمىسۇن دىلىنىڭ ئۈزۈلۈپ ژىپى.

بەزەن قىلىغىڭ ئويلاپ باق قايتا،
توغرا قىلدىڭمۇ ئۆزەڭ ھەر قاچان.
ئاچچىق ئۇستىدە بەلكى رەنجىتىپ،
دوست دىلىغا داغ سالدىڭمۇ شۇ ئان.

دوستلۇقنى سۆيۈپ، قەدىرلەپ ئۆتكىن،
ئۇششاق تالاشنى سالما يادىغا.
ھەرگىز كۆڭلىنى ئۇنىڭ رەنجىتمە،
مەغرۇرلۇق قىلىپ دوستۇڭ ئالدىدا.

ئەرزىمەس ئىشقا ژۈرمىگىن رەنجىپ،
مەرتلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ ژاپا.
ئېسىل سېزىمىن كۆتەر تۇغ قىلىپ،
دوستۇڭنى ھەرگىز قىلمىغىن خاپا!

# ئايالل‌ارغا

ئاق چىچەك ئۈيقىدىن ئويغانغاندەك،
سوغ قارنىڭ ئاستىدىن كۆتىرەر باش.
تەبرىكلەپ ئەتىياز گۈلى بىلەن،
چاچىدۇ ئايىماي نۇرىن قۇياش.

ئىپىل باھار پەيزى ھەممىمىزنىڭ،
نازۇكلۇق بەخش ئېتەر قەلبىمىزگە.
نەپىس گۈللەر گويا ئايالل‌ارنىڭ،
گۈزەل چېھرىدەك ياقار بىزگە.

ئۆمۈرنىڭ سىردىشى ھەم يولدىشى،
ئايالل‌ار، سىلەرسىز يوق تىرىكلىك.
شائىرنىڭ ئىلھامى ۋە قولدىشى
سىلەر بىلەن ھايات خوش كۆڭۈللۈك.

ئەزىز ئانا ۋەتەن ـ تەڭدىشى يوق،
ئاتىلىدۇ ئانا ـ دەپ ئەزەلدىن.
ئايال ـ ئانا قىممەت، قەدىرلىك جان،
كۆرگىن ئۇلۇقلىغىن ھەر غەزەلدىن.

تاش ژۇرەك مەن دېگەن ژىگىتلەرمۇ،
سەندىن ئالالمىغان ھېچ كۆزىنى.
سېنىڭ مېھرىڭ يېقىپ ئوت ژۈرىگىگە،
يوقاتمىغاندى قايسى مەرت ئۆزىنى.

سېنىڭسىز بەرىكەت يوق ئۆيدىمۇ،
سوغاقلىشىپ كېتەر ئۆيىنىڭ ئىچى.
سېنىڭ بىلەن ئىنسان شات ـ خوشالدۇر،
سەن بىلەن بەختلىك ھەر بىر كىشى.

دېمەك، سېنىڭسىز ھېچ كىم ئەمەس بىز،
ئەگەر بولمىساڭ سەن كۆڭۈل يارى.
ھاياتنىڭ مەناسى نە ئۇ چاغدا،
تۈگەيدۇ جاھاننىڭ ھەمدە كارى.

تەبەسسۇم ئادەملەر يۈزىدىكى،
خوشاللىق، باھار، گۈل، كۈن ھەم نۇر سەن.
تەشۋىشىم ھەم خوشاللىغىم ئۆزەڭ پەقەت،
سەن بار شۇڭا ياشاپ كېلىمەن مەن.

# بىلال نازىمغا
(قوشاق)

سەن كۆڭلۈمنىڭ ئارامى،
خەلق سۆيگەن شائىرىم.
ئۆتۈپ قانچە ئەسىرلەر،
ئەستە دايىم شېئىرىڭ.

زۇرەك - قەلبىم سەن بىلەن،
پەخىرلىنىپ ياشايمەن.
ئەسلەپ سېنى نازىمى،
بۈگۈن خوشال سايرايمەن.

سېنىڭ ئېيتقان ناخشاڭدا،
بۇلبۇل ئۈنىن ئاڭلىدىم.
ئەشۇ خۇشخوي ناخشاڭغا،
مەن سازىمنى جور قىلدىم.

ئەل قەلبىگە سىڭىپتۇ،
ئوتلۇق ناخشاڭ تا مەڭگۈ.
مەشئەل كەبى يېنىپتۇ
ساڭا بولغان پاك سۆيگۈ.

ناخشامدا سەن ھەر قاچان
ناخشاڭ بىلەن ياشايسەن.
سەن جور بولغان تارىمغا
مەن يېڭى كۈي باشلايمەن.

سەن كۆڭلۈمنىڭ خۇشتارى،
خەلق پەخرى شائىرىم.
ئەسىرلەر ئۆتۈپ سېنى،
ئەسلەر ئەۋلات ھەر دايىم.

# مەجنۇن تال

ساي بويىدىكى بىر تۈپ مەجنۇن تال،
مېنى قىلغاندى ئۆزىگە جەلىپ.
سوراشقىم كېلىپ قالدىمۇ نەھۋال،
ئولتاردىم ئاستا قېشىغا كېلىپ.

نە ئۈچۈن ئۇ ھەر دايىم تۇرىدۇ،
قامىتى مەغرۇر، بېشىنى ئېگىپ.
ئاشىغى كىمكىن شۇ مەجنۇن تالنىڭ،
بەلكى ئۆزىلا بېرىدۇ ئېيتىپ.

— ئاشىقىم لەيلى — تۇغۇلغان يەر دەپ،
تىل قاتتى مەجنۇن تال ماڭا شۇ ئان.
ئەزەلدىن ئىسسىق — سوغنى بۆلۈشۈپ ،
ئۇنى سۆيۈشكە، بىل، مەن يارالغان.

ھېچ قاچان مەجنۇن — لەيلىنى تاشلاپ،
جاپا كەلگەندە كەتمىگەن قېچىپ.
تۇرىمەن باشنى ئېگىپ، تۇغۇلغان،
مۇقەددەس يەرگە، — ئېيتتى سىر ئېچىپ.

مۇشۇ يەردىلا تاپتىم بەختىمنى،
يىلتىزىم ئاڭا چىرمىشىپ كەتكەن.
بەختىمگە ئاخىر ئادەملەرمۇ شۇ
يەتسە، تۇغۇلغان ژۇتىدا يەتكەن!

# ئىلھام كەلگەندە

تالادا شىۋىرلار پەقەت ياپراقلار،
ئاستا چىقىقان شاماللار ئولارنى سىيپار.
تۇرىمەن دېرىزە ئالدىدا يالغۇز،
تۈگىمەس خىيالنى قىلىپ دىلغا يار.

كۆزۈڭ قامىشىدۇ قارىساڭ كۆككە،
يۇلتۇزلار چاقنايدۇ ئېگىز ئاسماندا.
سالقىن ھاۋا، يورۇق ئاينىڭ نۇرىدا،
جىم - جىتلىق چۆكۈپتۇ ھەممە تامانغا.

ئەشۇنداق تالاغا كۆز تىكىپ ئۇزاق،
شېرىن ھىسلار ئىچىدە ئايلىنار بېشىم.
ئۇزەممۇ ھەممىدىن خالى مۇشۇ ۋاق،
پەقەتلا مېنىڭ بىر ئىلھام - يولدىشىم.

ئۇ مېنى ئەركىسىز ئۈستەلگە باشلار،
يەنە مىسرالارغا سىرىم تۆكۈمەن.
ئىلھام - شامال بولۇپ، ۋۇجۇدۇم - ياپراق،
ئەجايىپ تۇيغۇلار ئىچرە چۆكۈمەن.

ئۇزىگە قەلبىمنى تارتقان يۇلتۇزلار،
كۆپ - كۆك مۇھىت ئارا ژۈرىدۇ ئۈزۈپ.
مېنىڭمۇ يۇلتۇزۇم باردۇر بىر يەردە،
مەن ئۇنى تاپىمەن، تۇرىدۇ كۈتۈپ.

# سايرا ئېچىلىپ...

بۈگۈن بۇ كۆڭلۈم بولۇپ بېھارام،
ژۇرەك دۈپۈلدەپ ھەجەپ ئۇرىدۇ.
گويا كى بىر قۇشنى مېنىڭ مەيدەمگە،
يوشۇرۇپ قويغاندەك قىلىپ تۇرىدۇ.

مېنىڭ مەيدەمدە شۇ بېچارە قۇش، –
ئۇنى بېكارلا سولاپ ئالغاندەك.
ئۆزىنى ئۇتقۇن كەبى سېزىدۇ،
تۈرمە – زىنداندا ئۇنتۇپ قالغاندەك.

بىلمىدىم، نېمە بولغانلىقىنى،
يە بىر بېۋاپا قىلدىمۇ تەسىر.
دىل نازۇكلىقىن سەزمىگەن بىرى،
ياكى سالدىمۇ ئازاپ شۇنچە بىر.

بىراقتا ھايات ئۇتتۇۋېرەركەن،
ياخشى، يامانمۇ پۈتەركەن تۈگەپ.
لېكىن كۆپ ئىشلار ھامان پۈتمەسكەن،
ئۆمۈردە ھامان ژۇرسەكمۇ ژۈگرەپ.

بۇ ھايات قانداق سىرلىق ۋە گۈزەل،
تىرىكلەر ئۈچۈن ياق نەمەس ئۇ چۈش.
بېھارامىلىقنى نېرى قىل، كۆڭۈل،
سايرا ئېچىلىپ ژۇرەكتىكى قۇش!

# ئاي

يەنە كۈندىكىدەك قاچتىغۇ ئۇيقۇم،
كۆزلىرىم چىمىقىلىپ، ئۇخلالماي پەقەت.
كۆڭلۈمدە بايىقى شۇ بېھارامىلىق،
ئويلىرىم نەگىدۇ قىلىدۇ دەۋەت.

تۇردۇمدە، تېز چىقىپ كەتتىم تالاغا،
سالقىن ھاۋا كېلىپ سۆيدى كۆكسۈمنى.
تويىماي، ئۆكسۈنۈپ ھەم ۋۇتۇپ ئالدىمدا،
ئاندىن ئاچتىم ۋۇمۇپ ئالغان كۆزۈمنى.

ئاپ - ئايدىڭ سۈزۈلگەن بۇ ئىللىق كېچە،
كۆكتە بىر چىرايلىق كۈلۈپ ئۈزەر ئاي.
ئەتراپىدا چاقناپ كۈرمىڭ يۇلتۇزلار،
قەلبىمنى تارتتى شۇ زامان توختىماي.

ئايدىڭ، سۈپمۇ - سۈزۈك، ئايدىڭ بۇ كېچە،
ئايدىڭلاشقاندەك ھەم بولدى كۆڭلۈممۇ.
ئايغا قاراپ قولۇم سۇندۇم يەتمىدى،
تەۋرەندىمدە تۇرۇپ قالدىم ئۈزەممۇ.

ئاي، كۈن ئەمەسكەن نۇرلىرى ئۆتكۈر،
ئىسسىتىپ كېتەلمەس تەپتى ئادەمنى.
بىر دەقىقە كۆڭۈل ئالغىنى بىلەن،
يورۇتۇشقا ھالى يەتمەس ئالەمنى.

# ئادەم

كەتتى بوگۈن ـ ئالەمدىن ئۆتتى،
بىر ئادەم مەڭگۈگە ژۇمۇپ كۆز.
كەلمەسمىدى ژۆرگۈسى ئۇنىڭ،
يەنە، يەنە يەر دەسسەپ بىر ئاز.

بىراق ئىلاج يوق، ژۇمۇلدى كۆز،
قىيىلدى جېنى،
ئاخىر نە چارە.
كەلمەس بولۇپ كەتتى سەپەرگە،
ژۈرەكلەرنى قىپ پارە ـ پارە...

نەزەر سېلىپ باققىن، ئەي، ئادەم،
قىسقا سېنىڭ قانچىلىك ئۆمرۈڭ.
ئويلا، ئۆتكەن ھاياتىڭنى سەن،
ئاڭا رازى بولامدۇ كۆڭلۈڭ.

خالىسقۇ گۈل تەبىئەت ئۆزى،
قىلسۇن قانچە ئۇ باغرى تاشلىق.
ئۈزۈلگەندە ھاياتنىڭ ژىپى،
كىمگە كېرەك ئۇ چاغ كۆز ياشلىق؟!

بىكار ئۆتكەن بولسا بار ئۆمرۈڭ،
ھېچ بىر قەدرىڭ بولماي ئالەمدە.
ئادەم، بەلكى قىينىلارسەن مىڭ،
تەس چىقىمىغى جاننىڭ شۇ دەمدە.

بولمايدىغۇ قەدىر ــ قىممىتىڭ،
ھېچ ئارمانسىز ھاياتتىن ئۆتسەڭ.
ئۇ چاغ نېمە پەرقىڭ ھايۋاندىن،
يەپ ــ ئىچىپلا، قوسىقىڭ كۆتسەڭ.

نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ ئۇ چاغدا،
ھاياتلىققا، ئويلىغىن قېنى.
گۈزەللىكنى كۆرمىگەن بولساڭ،
ئادەم دېيىش تەسكەن، بىل سېنى!

تاڭ نۇرىغا بېقىپ، قەلبىڭ ئاچ،
ئادەم بولۇپ ياشاش بەكمۇ تەس.
بۇ گۈن كۆرەش، قايناشلار ئىچرە،
تاۋلىنىپ ئۆت، يوقاتما ئەس ــ ھوش.

ئەڭ بولمىسا تامچىدەك سېنىڭ،
ئەجرىڭ قالسۇن ئۆمرۈڭدە ئۆتكەن.
شۇ چاغ بۇ كەڭ جاھاندا، ئادەم،
ئوخشىمايسەن شولىغا ژۈتكەن.

# ئەركە بالا

## ئۈچ پەردىلىك پيېسا

### مەزمۇنى

قاسىم بىلەن پاتەمنىڭ يالغۇز بىر بالىسى بولىدۇ. ئۇنى ھەددىدىن تاشقىرى ئەتىۋالاپ، ئەركىلىتىپ ئۆستۈرىدۇ. ئاخىرىدا بالا تەربىيىسىز بولۇپ ئۆسۈدۇ ۋە ئۆزىگە ئوخشاش بالىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يامان يولغا ماڭىدۇ. ئەھۋالنى ئاتا ـ ئانىسى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئەقىللىق ھېساپلاپ، ئۇنىڭ يامان ئىشلىرىنى كىچىكلىك دەپ بىلىدۇ. نەتىجىدە بالىسى ئاتا ـ ئانىسىغا ناھايىتى قوپال مۇئامىلىدە بولۇپ، ھەتتا ئانىسىنىڭ كۆيىنگىنى تارتىۋېلىپ، ئاچقىپ سېتىۋېتىدۇ. ئاخىرى كەيپچىلىكتە ئوقۇشماي كېچىسى ئىشتىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئانىسىغا بىر تۈركۈم يولداشلىرى بىلەن زورلۇق قىلىدۇ ۋە ئانىسىنىڭ شۇ جىنايەتتىن كېيىن ئۆلۈشىگە سەۋەپ بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرى:
قاسىم ـ بىر زاۋۇدنىڭ دىرېكتورى، 35 ياشلاردا،
پاتەم ـ قاسىمنىڭ ئايالى، 30 ياشلاردا،
نۇرتاي ـ قاسىمنىڭ بالىسى (بوۋاق)؛
بوۋاي ـ قاسىمنىڭ يېزىدا ياشايدىغان دادىسى، 70 ياشلاردا،
نۇرخان ـ قاسىملارنىڭ خوشنىسى، 30 ياشلاردا،

### 1ـ پەردە

## بىرىنچى كۆرۈنۈش

ئۆي ئىچى زامانىۋىي ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا ئۈستەل ۋە بىر نەچچە ئورۇندۇق تۇرىدۇ. ئۆينىڭ بىر چېتىدە بۆشۈك، كرېسلودا قاسىم كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ.

# پائۇزا

**قاسىم:**

-(بېشىنى كۆتۈرۈپ بۆشۈككە قارايدۇ) ھە، ئويغاندىڭمۇ، ساقام (ئورنىدىن تۇرۇپ، بۆشۈككە ئېڭىشىدۇ). - ئۇھ. ئۇھ. ئۇھ (بۆشۈكنىڭ ئىچىدىكى بالىنى ئەركىلىتىپ، قولىغا ئالىدۇ، مېڭىپ) - ھەي، باتۇرەي - ھەي، باتۇرەي، كۆلۈۋەتكىنە قېنى كۆلۈۋەتكىنە، مەن بىر كۆرۈپ باقاي! ئۇھ - ئۇھ - ئۇھ.. (ئۇياقتىن، بۇياققا ماڭىدۇ).

**پاتەم:**

-(بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇۋېتىپ) بىردەم ئۇخلاپ دەم ئالسۇن دېسە، خويما قولىڭىزغا ئېلىۋالدىكەنسىزا، بالىنى سۈيۈۋېرىپ، ئاۋارىمۇ قىلىۋەتتىڭىز.

**قاسىم:**

-(پاتەمگە قاراپ) قارا، كۈلۈپ كەتكىنىنى، قارىساڭ...! ھەي، مېنى تونۇۋال تىدىغۇ دەيمەن، ھە... (بالىسىغا ئامراقلىقى كېلىپ، قىزغانغاندەك پاتەمگە قارايدۇ).

**پاتەم:**

- بولدى دەيمەن، ئىشقا كەچ قالىسىز ئەندى، بەرىبىرەم مەن تۇرغان يەردە سىزگە كۈلۈپ بەرمەيداي. (پاتەم كېلىپ، قاسىمنىڭ قولىدىن بالىنى ئالماقچى بولىدۇ).

**قاسىم:**

- ھوي، توختاپ تۇرساڭ، مېنى ياخشىراق تونۇۋالسۇن. كۈلۈپ بەرمەيدۇ، كۈلۈپ بەرمەيدۇ دەپ، كۆرمەيۋاتامسەن كۈلۈۋاتقىنىنى، مەن بۇنى بېكارغا ئوغۇل دەپ تاپمىدىم، جۇمۇ! ئەنە قارا، بۇنىڭ زادىلا ساڭا بارغىسى يوق (قاسىم بالىسىنى پاتەمگە بەرگىسى كەلمەي، ئۆي ئىچىدە ئەركىلىتىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلايدۇ).

**پاتەم:**

- ۋېيەي تۇۋۇا، دەپ كەتكىنىنى. نېمىشكە ماڭا كەلگىسى يوق ئىكەن؟

قاسىم:

ـ سېنى تونۇمايدۇ-دە!

پاتەم:

ـ ھە ـ ئە شۇنداق. تۇققان ئانىسى مېنى تونۇماي، سىزنى تونۇيدىكەندە؟ ۋاي، قوغام، ئەكىلىك بالىنى! كۈلۈپ، كىچىككىنە سىزنى خوش قىلىپ قويىاي دېسە ئۆزىڭىزچە خوشاللا بولۇپ كېتىپسىزدە؟..

قاسىم:

ـ (داجىپ) سەن تۇققان ئاپىسى بولساڭ، مەنمۇ ئۆزىنىڭ دادىسىدە، لېكىن سېنىڭدىن مېنى ياخشىراق كۆرۈدىغان ئوخشايدۇ...

پاتەم:

ـ (قاقاقلاپ كۈلۈپ) مال ئېگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەن شۇنداق بولۇدىكەندە. بۇ گەپچە، مەن بېكارغىلا تۇققۇز ئاي قوساق كۆتۈرۈپ ۋۇرۇيتىمەندە، ۋاي توۋۋا...

قاسىم:

ـ مانىڭ دەۋاتقىنىنى قارا.

پاتەم:

ـ دېمەيچۇ، كېچىلىرى ئۇخلىماي، جاپاسىنى مەن تارتسام يەنە مېنى ياخشى كۆرمەي، سىزنى ياخشى كۆرەمدىكەن؟ مانا قاراڭلا بۇنى (پاتەم بېشى بىلەن شەرەت قىلىپ، قاسىمنى كۆرسىتىپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كېتىدۇ).

قاسىم:

ـ(ئايالىنىڭ ئارقىسىدىن كۈلۈپ) قارىغىنە بالام، ئاپاڭنىڭ قوۋلىغىنى، ئەشۇنداق دەپ مېنى ساڭا يامان كۆرسىتىۋاتىدا. (قاسىم بالىسىغا قاراپ، ئېرىراقتا تۇرغان ئويۇنچۇقنى ئېلىپ، شاراقلىتىپ ئەركىلىتىدۇ) ـ ئالتۇن، بالام، چوڭ بولسا باتۇر بولىدۇ، ئىنژېنېر بولىدۇ، چوڭ ئالىم بولىدۇ...

پاتەم:

ـ(چېلەك كۆتۈرۈپ كىرىدۇ) ھە، يەنە نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى ئۆگىتىۋاتىسىز؟ (چېلەكنى قويۇپ، ئۇھ دەپ، ئولتۇرىدۇ).

قاسىم:

ـ(كۈلۈمسىرەپ) بالامنى ئۆيلەپ قويايمىكىن دەۋاتىمەن.

پاتەم:

ـ(قاقاقلاپ كۈلۈپ) ـ ئەندى شۇلا قاپتۇدە سىز ئۆگەتمىگەن.

قاسىم:

- ئەتىگەنىرەك ئۆيلەپ قويسام، كېلىنىڭ چاپسانىراق خىزمىتىگىنى قىلالمىدىكىن دەيمەنا.

پاتەم:

قاسىم: - ۋاي خودا... ئانداقلا بولسا خويما ياخشى بولاتتىغۇ.

- بىراق، كېلىنىمىز ساڭا ئوخشاپ قېلىشتىن خودا ساقلىسۇندە...

پاتەم:

- تېخى، خودا ساقلىغىدەك مەن نېمە قىپتىمەن شۇنچىۋالا؟

قاسىم:

- ئەتە - ئۆگۈن، ساڭا ئوخشاپ، ئۆيۈمنى ئايرىپ بېرىسەن دەپ چاتاق سالمىسۇن دەيمەنا.

پاتەم:

- ۋا..ي، قوغامەي، مېنىڭدىن يامانىراق ئۆزىڭىز ئالدىراپ كەتتىڭىزغۇ.

قاسىم:

- مانا ئەمسە، بۇ گەپچە «پولو يېگەن قوتۇلدى، تاۋاق يالىغان تۇتۇلدى» دېگەندەك، قىلغىلىقنى سەن قىلىپ، گۇناھكار مەن بوپتىمەندە؟ (قاسىم سەل قىزىپ) هەي، مەنچۇ، مەن ئوغۇل بالا، بىلىپقوي.

پاتەم:

- بىلىمەناي، بىلىمەن (ئەركىلەپ كېلىپ، قاسىمنىڭ مورىسىگە بېشىنى قويۇپ) سىز دېگەن مېنىڭ پادىشاھىم... سىز...

قاسىم:

- ماڭە نېرى (مورىسىنى سىلكىپ، بالىسى بىلەن نېرى ماڭىدۇ).

پاتەم:

- ها - ها - ها (يەنە كۈلۈپ كېلىپ، قاسىمنىڭ ئارقىسىدىن بويىنىنى قۇچاقلاپ، ئەركىلەپ) - مەن سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن...

قاسىم:

- بولدى دەيمەن.

پاتەم:

-(شۇ تۇرغان پېتىچە يەنە ئەركىلەپ، قولىنى كۆتۈرۈپ، سائەتنى قاسىمغا كۆرسىتىدۇ) - سائەت قانچە بوپتۇ؟..

قاسىم:

- ئون.

پاتەم:

- نېمە دەيسىز؟

قاسىم:

پاتەم: - ئون دەيمەن، ئون.

- بۈگۈن باشقا ئىشىڭىز يوقما؟

قاسىم:

-(چۈچۈپ) ھە، مەن ساڭا دېمىدىممۇ، بۈگۈن زۆرۈر ئىشىم بار دەپ! تۇت بالىنى!

پاتەم:

- ئۈزىڭىزغۇ، ژۆرىسىز ئالدىرماي. (بالىنى ئالىدۇ. قاسىم بالىنى بېرىپ، ھودۇقۇپ يېنىدا تۇرغان چېلەككە پۈتلىشىدۇ).

قاسىم:

- ئەستاخپۇرئاللا... بۇنى نىمە دەپ بۇ يەرگە ئەكىرىپ قويدىڭ؟

پاتەم:

- كورمەمدىكىنە خودايىم يېنىدا تۇرغان چېلەكنىما؟

قاسىم:

- ھوي، چېلەكىڭ قۇرسۇن، گالستۇك، قېنى گالستۇك؟ سۇمكىنى ئەكە، سۇمكىنى (قاسىم ھودۇقۇپ، ئۇي ئىچىدە ئۇنى - بۇنى ئىزدەپ، ئۇياقتىن - بۇ ياققا مېڭىشقا باشلايدۇ).

پاتەم:

-(چېلەكنى نېرى ئېلىپ) ھاي مانا - مانا (بىر قولىدا بالىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر قولىدا گالستۇك، سۇمكىنى ئېلىپ بېرىدۇ. قاسىم ئالدىرىغان پېتى گالستۇكنى يانچۇققا سېلىپ، يەنە بىر قانچە قەغەزلەرنى ژىغىشتۇرۇپ سۇمكىغا سېلىشقا باشلايدۇ).

پاتەم:

- تاماق يەۋالامسىز؟

قاسىم:

- تامىغىڭنى قويۇپتۇر، ئەكە ئۇنىڭدىن كورە بالامنى بىر سويۇۋالاي (قاسىم ژۇگرەپ بېرىپ پاتەمنىڭ قولىدىكى بالىنى سويمەك بولىدۇ).

پاتەم:

- ۋوي، بولدى ئەندى.

قاسىم:

ـ(قاسىم بالىنى سۆيۈپ) ئىشقا ئالغاچ كېتەيمۇ يە؟

پاتەم:

ـ ئوـ ۋاي، نېمە دەيدىغانسىز خۇدايىم.

قاسىم:

ـ ھە، مېنى سۆيمىدى دەپ خاپا بولىۋاتامسەن، كەل سېنىمۇ سۆيۈپ قوياي (قاسىم سۆيمەك بولۇپ تەمشىلىدۇ).

پاتەم:

ـ بولدى دەيمەن (ئۆزىنى قاچۇرىدۇ).

قاسىم:

ـ خالىمىساڭ مەيلى... (تالاغا ژۈگرەيدۇ).

پاتەم:

ـ ھاي ـ ھاي، سۆمكا قالدى، سۆمكا... (ئارقىسىدىن بالا بىلەن سۆمكىنى كۆتۈرۈپ ژۈگرەپ چىقىپ كېتىدۇ).

پائۇزا

پاتەم:

ـ (قايتىپ كىرىدۇ) ئۇخلىغىنا بالام، ئۇخلىغىنا (بالىسىنى ئەللەي ئېتىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭىدۇ).

پائۇزا

بوۋاي:

ـ ھاي، بارمۇ سىلەر؟ (بوۋاي كىرىدۇ).

پاتەم:

ـ (بوزرۇلۇپ قاراپ، بوۋاينى كورۇپ سالام بېرىدۇ) ئەسسالام، ژۇقۇرى ئۆتسىلە، قانداق ئەھۋاللىرى؟ ژۇقۇرى ئۆتسىلە، ژۇقۇرى (ژۇقۇرىدىن ئورۇن كورسىتىدۇ).

بوۋاي:

ـ (ئۆستەل يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ) ياخشى بالام، ياخشى...

نوزەڭلارنىڭ نەھۋالىڭلار قانداق، ياخشى تۇرامسىلەر؟

**پاتەم:**

ـ ياخشى... ئاپاملار كەلمەپتىغۇ؟

**بوۋاي:**

ـ ھە، ئاپىڭىزنىڭ تېزى يوق بولۇپ كېلەلمىدى. قويسىڭىزچۇ بالام، بۇ يول ئازاۋىنى قېرىغاندا ئادەمگە ئېغىر كېلىپ قالىدىكەن. قاسىم يوقمۇ، نېمە؟

**پاتەم:**

ـ ھە، ئىشقا كەتكەن.

**بوۋاي:**

ـ ھە، بالا قانداق، چوڭ بولىۋاتامدۇ؟

**پاتەم:**

ـ ياخشى

**بوۋاي:**

ـ ئەكىلىڭا، مەن بىر كۆرۈپ باقاي بۇ ژىگىتنى، ھېچ نەرسىمىغۇ ئالغاچ كەلمەپتىمەن بۇنىڭغا (بوۋاي قولىنى سۇنىدۇ).

**پاتەم:**

ـ ياق، بىر دەم ھادىقلىرىنى ئېلىۋالسىلا، ژىراق يەردىن كەلدىلا. بالىغا شاما تېگىپ قالىدۇ (پاتەم بالىسىنى ئېلىپ، نېرى ماڭىدۇ).

**بوۋاي:**

ـ (رەنجىگەن ھالدا) پاھ، يامانمۇ ئەتىۋالاپ كېتىپسىلەرغۇ بۇنى. سىلەرنىمۇ بىز بېقىپ چوڭ قىلغانىغۇ! (پاتەم تەتۈر قاراپ جاۋاپ بەرمەيدۇ. بوۋاي خاپا بولۇپ، جىم ئولتۇرۇپ قالىدۇ).

پائۇزا

**بوۋاي:**

ـ قاسىم قاچان كېلىدۇ؟

**پاتەم:**

ـ كېلىدىغان ۋاقتى بوپ قالدى (بوۋاي جەينىكىنى ئۇستەلگە تىرەپ بېشىنى تۇتۇپ جىم ئولتۇرىدۇ. پاتەم بالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ).

(پاتەم بالىنى كۆتۈرۈپ قايتىدىن كىرىدۇ).

**بوۋاي:**

ـ ھە، قاسىم كەلسە مېنى كېلىپ كەتتى دەپ قويارسىز (بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولىدۇ).

**پاتەم:**

ـ توختاپتۇرسىلا. چاي دەملەيمەن، تاماق يەپ قايتامدىلا...

**بوۋاي:**

ـ رەھمەت بالام، رەھمەت. تامغىگىلارنى ئۆزەڭلار ئۇلتۇرۇپ يەسىلە. مەن شامالنى ئاچقىپ كېتەي. (شۇ ئارىدا قاسىم سۆمكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىراش كىرىپ كېلىدۇ. دادىسىنى كۆرىدۇ، بوۋايمۇ بالىسىنى كۆرۈپ كۆرۈشۈشكە تەمشىلىدۇ).

**قاسىم:**

ـ ھوي، قاچان كەلدىڭ. (قاسىم دادىسى بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئورنىغا، سۆمكىسىنى قويۇپ بېرىپ بالىسىنى ئالىدۇ. پاتەم بالىنى بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ. قاسىم بالىسىنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ) بىزنىڭ ژىگىتنى كۆردىڭمۇ؟ قارا قانداق بوپ كەتتى. (قاسىم قولىدىكى زاكىلاقلىق بالىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ).

**بوۋاي:**

ـ كۆردۈم (قايتىپ ئورۇندۇققا ئۇلتۇرىدۇ) شامال تېگىپ كېتىپ ژۆرمىسۇن، ياخشىراق قارىغىن...

**قاسىم:**

ـ ۋىلھ، دادا.ئورتاي توغۇلغاندىن بېرى قولدىن چۈشەرمەيلا بېقىۋاتىمىز. ئۆيگىمۇ باشقىچىلا بىر ئامەت كىرىپ قالدى دېگىنە. شامالمۇ تەگمەيدۇ. دېرىزە ـ پېرىزىلىرىگىنى دۈملۈۋەتتىم.

**بوۋاي:**

ـ ھە، ئىشىككىمۇ بىر خەت يېزىپ قويساڭ ياخشى بوپتىكەن. ئۆزىمىزدىن باشقا ئادەم كىرمەيدۇ دەپ.

**قاسىم:**

ـ ھە ـ ھە، راست. دېمىسەڭمۇ شۇنداقلا قىلىدىغان يەرگە يېتىپمۇ قالدۇق، زادى

بۇ كىچىك بالا دېگەن نەرسەڭ تازىمۇ نازۇك بولۇدىكەنده (زوقلانغاندەك بالىسىغا قارايدۇ) مېنىڭ بالام چوڭ بولسا ئەجايىپ بىر ئادەمنىڭ - ئادىمى بولىدۇ، جۇمۇ.

**بوۋاي:**

- (بېشىنى ئىغىتىپ) ھە، شۇنداق... ئىش قىلىپ سىلەرگە ئوخشىمىسۇن زادى.

**قاسىم:**

-(دادىسىنى ئاڭلىمىغاندەك) كۆردۈڭمۇ بۇنىڭ ئەقىللىقلىغىنى، كۆزىدىنلا چىقىپ تۇرىدا، كۆزىدىنلا. ئۇھ - ئۇھ - ئۇھ، ژىگىت - ژىگىت (يەنە بالىسىغا زوقلىنىپ سۆيۈپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇ ياققا ئايلىنىپ مېڭىشقا باشلايدۇ) ھە، ژىگىت ھە، ئالتۇن، بىر كۆلۈۋەتكىنە، قېنى، بوۋاڭ ھەيرانلا قالسۇن، قېنى - قېنى!..

**پاتەم:**

- (كىرىپ كېلىپ) ئەكىلىڭ بالىنى، قوسىغى ئېچىپ قالدى (ئالماق بولۇپ قولىنى سۇنىدۇ).

**قاسىم:**

- توختاپ تۇرساڭ، مەن ژۈرىگىمنى قاندۇرىۋالاي (ئېرى مېڭىپ) بىلەمسەن مەن بۇنى بۈگۈن كەچكىچە كۆرمىدىم (بالىسىنى سۆيۈپ) ژۇگە سەن بىرىپ دادام بىلەن ئولتۇرۇپتۇرغىن بىردەم ...

**پاتەم:**

- ئانىقارا، دەۋاتقىنىنى... مەن نېمە دەپ ئولتۇرىمەن؟ ئولتۇرۇڭ ئۆزىڭىز.

**قاسىم:**

- (بىر قولىنى كۆتۈرۈپ ) كىچىككىنە ئولتۇرۇپ تۇر دېگەندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟ ھېلىمۇ كەچگىرگىچە بالا سېنىڭ بىلەنغۇ، يە بولمىسا مېنىڭ بالام سېنىڭلا بالاڭمۇ؟ (قاسىم بىلەن پاتەم تالاش - تارتىش قىلىدۇ).

**پاتەم:**

- ھە، مەن توققاندىكى - مېنىڭ بالام بولماي كىمنىڭ بولاتتى؟ كېرەك بولسا سىزمۇ تۇغۇۋېلىڭ ئۆزىڭىزگە.

**قاسىم:**

- نېمە دەپ جىزىلىۋاتىسەنئۇي؟

**بوۋاي:**

- تۇۋۋا... (ياقىسىنى تۇتىدۇ).

**پاتەم:**

- ئەكېلىڭ بالىنى (پاتەم قولىنى سۇنۇپ، قاسىمنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ).

قاسىم:

- توختاپ تۇر دەيمەن (قاسىم نەرى ماڭىدۇ).

پاتەم:

- بولدى ئەندى، ئەكېلىڭ بالىنى (پاتەم يەنە يېقىن كېلىدۇ).

قاسىم:

- ئېلىپ باقىمەنە قېنى، يامان بولساڭ (ئۇي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا قاچىدۇ).

پاتەم:

- ئاللمايدۇ دەمسىز، ئەكېلىڭ بالامنى، ئەكېلىڭ (پاتەم قوغلايدۇ).

قاسىم:

- يامان بولساڭ ئېلىپ باق. (قاسىم بىلەن پاتەم قوغلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ).

بوۋاي:

- ۋاي تۇۋۋا!.. (ياقىسىنى تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرىدۇ) باللا ئەمەس، بالا بوپتۇ بۇ. ئۇيدىكى ئاغرىق ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىماق تۇگۇل، يېنىدا تۇرغان مېنىمۇ كۆزى كۆرمەيدىغۇ بۇ ئەبلەخلەرنىڭ. (بىر - ئىككى چامدايدۇ) بايىقى شۇ «مەن كۆيمەن بالامغا، بالام كۆيىدۇ بالىسىغا» دېگەن راست گەپ ئىكەندە... (بېشىنى چايقاپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغان بولىدۇ) ھەي، زادى كۆزۈم كۆرمىسىنچۇ مۇشۇلارنى. تفۇ! (بوۋاي تۈكۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ).

قاسىم:

- ھە، قاچە بالام، قاچە... (پاتەم بىلەن قاسىم ئىككىسى قوغلىشىپ كىرىپ، ئۈستەلنى بىر ئايلىنىپ، قاسىم دادىسى ئولتارغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرىدۇ).

قاسىم:

- ئۇھ - ۋاي (بالىسىغا قاراپ) بولدى ئەندى، ھېرىپ كەتتۇق ھە بالام!

پاتەم:

- (بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك) ھەي، راسلا، دادام قېنى، بىر ئۇبدانلا ئولتۇرىسىزغۇ؟

قاسىم:

- تالاغا چىقىپ كەتكەندۇ!

پاتەم:

- نەنىڭ تالاسىغا؟..

قاسىم:

- ئەمىسە نېمە، جىن يەپكەتتى دەمسەن؟

پاتەم:

ـ ئەكېلىك بالىنى، ژۇگرەڭ چىقىپ بىقىڭ (پاتەم قولىنى سۇنىدۇ).

قاسىم:

ـ توختا!

پاتەم:

ـ (بالىنى تارتىپ) هوي بولىلى ئەندى، ئەكېلىڭ بالىنى، ژۇگرەڭ چىقىپ بىقىڭ دەيمەن. كېتىپ قالغان بولمىسۇن يەنە.

قاسىم:

ـ (بالىنى بېرىپ) ئەستاخپۇرئاللا... بېكاردىن ـ بېكار نېمە قىلغانغا كېتىدۇ؟ (ئىشىك تەرەپكە قاراپ) دادا! هەي، دادا!..

## قىسقا پائۇزا

قاسىم:

ـ راستىنلا كەتكەنمۇ، نېمە؟

پاتەم:

ـ تالاغا چىقىپ بىقىڭ دەيمەنغۇ.

قاسىم:

ـ ئەستاخپۇرئاللا... جورۇ، ئىككىمىز چىقىپ باقايلۇق.

پاتەم:

ـ نېمە، يالغۇز چىقىشتىن قورقامسىز؟

قاسىم:

ـ جورۇ دەيمەن!

پاتەم:

ـ هە، جورۇڭ!

قاسىم:

ـ دادا، هاي دادا! (قاسىم بىلەن پاتەم ۋاقىرىشىپ، بالىسىنى كۆتۈرۈپ ژۇگرىشىپ چىقىپ كېتىدۇ).

## پەردە

## 2ـ پەردە

**(ئارىدىن 20 يىل ۋاقىت ئۆتىدۇ)**

قاسىم ـ 55 ياشلاردا

پاتەم ـ 50 ياشلاردا

نۇرتاي ـ 20 ياشلاردا

*بىرىنچى كۆرۈنۈش:*

(قاسىمنىڭ ئۆيى. ئۆي ـ ئىچى زامانىۋىي ياسالغان بولۇپ، ئۆينىڭ بىر چېتىگە ئۈستەل قويۇلۇپ، ئۇنىڭ قېشىدا پاتەم ژۇرنىلە ئىش قىلىپ ئولتۇرىدۇ. قاسىم ئېيىراقتا كرېسلودا كۆز ئەينەك تارتىپ گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ).

**قاسىم:**

ـ (ئېسىغا بىر نەرسە كەلگەندەك گېزىت ئوقۇشنى توختىتىپ، پاتەمگە قارايدۇ) هاي، پاتى (كۆز ئەينىكىنى ئالىدۇ) ماڭا قارىغىنا...

**پاتەم:**

ـ (قاسىمغا قارايدۇ) هە، نېمە گەپ؟

**قاسىم:**

ـ مەن بۈگۈن پولتېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئەللىمى ھېلىقى قادىرجانغا ئۇچراپ قالدىم قارا. ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز سۆزلىشىپ، نۇرتاي توغرىلىق ئېيتىۋېدىم، ياردەم قىلىشقا ۋەدە بەردى. بىراق نۇرتاينىڭ مەكتەپنى قانداق تۈگەتكەنلىكى توغرىلىقمۇ سورىدى، ئۇ ياقىنىمۇ يامان ئەمەس دەپ خاتىرجەم قىلدىم.

**پاتەم:**

ـ ئۇ قىلغىنىڭىزغۇ خويما ياخشى بوپتۇ، بىراق يالغۇز بالام ئوقۇيمەن دەپ جاپا تارتىپ قالامدىكىن دەيمەنا...

قاسىم:

ـ ھەي نادان، سەن كۆيگەن بالىغا مېنى كۆيمەيدۇ دەمسەن، بىراق بۈگۈنكى زاماندا ئوقۇمىسا بولمايدۇ‌دە. يەنى كېلىپ، بىزنىڭ ئورتايىدەك ئەقىللىق باللار ئاز ئۇچرايدۇ، جۇمۇ. بۇنى ئوقۇتمىساق زادىلا بولمايدۇ، بۇنىڭ قولىدىن كېلەچەكتە چوڭ ئىشلار كېلىشى مۇمكىن... زادى چوقۇم ئوقۇتۇش كېرەك. بۇنىڭدىن چوڭ ئالىم چىقىدۇ. بولمىسا بۇ موشۇنداق ژۇرنۇپىرىپ، ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. (قاسىم بىر قولىنى كۆتۈرۈپ، بىر ئەرسىنى كۆزلىگەندەك ئويلىنىپ پاتەمگە قارايدۇ).

قاسىم:

ـ بۇنىڭ كېلەچىگىمۇ، كېلەچىگى ئىنتايىن چوڭ، جۇمۇ.

پاتەم:

ـ مېنىڭ بالامدىنغۇ ئەقىل دېگەن نېمە تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ.

قاسىم:

ـ ھە... (ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭىدۇ) ئۇنداق بولغاندىن كېيىن نېمە قىلسەن گەپنى كۆپەيتىپ، ئۇنىڭدىن كۆرە بالاڭنى ستۇدېنت (بىر قولىنى كۆتىرىپ) ئالىم دەپ ھېساپلاۋەرگىن. (شۇ ئارىلىقتا تالادىن كۆزىگە قارا كۆز ئەينەك تاقاپ، كاستۇمى ئىككى قاتلاپ مۈرىسىگە تاشلاپ ئالغان ھالدا قوپال قەدىمى بىلەن ئورتا كىرىپ كېلىدۇ).

قاسىم:

ـ ھە، مانا، ئۆزىمۇ كەلدى (ئىككى قولىنى ئورتايغا سوزۇپ) كۆردىڭمۇ، قەدىمكى ژىگىت بولۇپ قالدى، ژىگىت ـ ژىگىت، غوچچىلا ئەقىلدە بۇ ئۆزى، غوچچىلا ئەقىل.

پاتەم:

ـ كەلدىڭمۇ تايچاق (ئىشىنى تاشلاپ بېرىپ ئورتايىنى سۆيىدۇ).

قاسىم:

ـ توختا بالام، توختا ـ توختا (ژۇگرەپ چىقىپ كېتىدۇ).

پاتەم:

ـ مەيەگە كەل، ئولتارغىن قوزام (ئۇستەل قېشىدىكى ئورۇندۇققا ئولتارغۇزىدۇ).

قوسىغىنىڭ ئىچىپ قالدىمۇ، تاماق يەمسەن؟ مە، مۇنۇنى داداڭ كۆرمىسۇن (يانچۇغىدىن پۇل چىقىرىپ تىقىشتۇرۇپ بېرىدۇ) موشۇنى ئارانلا ئېلىپ قويدۇم (پاتەم نۇرتاينىڭ پېشانىسىگە سۆيىدۇ). ئەندى چاپسان تامىقىنى ياۋالغىن (پاتەم تاماق ئەكېلىش ئۈچۈن نېرىقى بۆلۈمگە ماڭىدۇ. نۇرتاي پۇلنى ئېلىپ ئاز كۆرگەندەك كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۇش يانچۇغىغا سېلىپ قويىدۇ. ئاندىن يېنىدىكى ئورۇندۇققا پۇتىنى ئارتىپ، كېرىلىپ ئولتۇرىدۇ).

**پاتەم:**

- داداڭ ساڭا شۇنداق ياخشى بىر كاستۇم ئەكەپتۇ، هازىر كىيىپ كۆرۈپباقسەن.

**قاسىم:**

- (كاستۇمنى كۆتۈرۈپ ئالدىراش كىرىپ كېلىدۇ) مانا ئوغلۇم، مانا ـ مانا ، جىڭ كېمپلىننىڭ ئۆزىدە بۇ (نۇرتايغا كۆرسىتىدۇ. پاتەممۇ يېقىن كېلىدۇ، نۇرتاينىڭ بېشىنى سىيلايدۇ. نۇرتاي كاستۇمنى قولىغا ئېلىپ خۇش ياقماي، قاراپ ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويىدۇ).

**نۇرتاي:**

- ماڭا پۇل كېرەك، پۇل...

**قاسىم:**

- توختا، سەن ئالدىدا مۇنۇنى كىيىپ كۆرۈپباقمامسەن. پۇل دېگەن تېپىلىدۇ.

**نۇرتاي:**

- تېپىلىدۇ، مېپىلىدۇ... كېرەك ئەمەس. ماڭا پۇل كېرەك، پۇل! ئاڭلاۋاتامسەن؟ (ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ياققا، بۇ ياققا ماڭىدۇ).

**قاسىم:**

- توختىساڭچۇ، نېمە گەپ ئاڭلىمايسەن؟

**نۇرتاي:**

- (قولىنى شىلتىپ) ياق دېدىم ـ ياق.

**قاسىم:**

- ئەستاخپۇرئاللا... (پاتەمگە قاراپ) بۇنىڭ يەنە كەيپىسى بار ئوخشىمامدۇ،

ياتقۇزۇپ قويغىنىغا ئەكىرىپ، بىر ناز سەكسۇن.

**نۇرتاي:**

- (بېشىنى ساڭگىلىتىپ) ماڭا پۇل كېرەك، پۇل...

**پاتەم:**

- ئۇنداق قىلمىغىن بالام، ئۇيات بولىدۇ، جورۇ. يېتىپ بىر ناز سەكۇالغىن (نۇرتاينىڭ مۈرىسىدىن تۇتىدۇ).

**نۇرتاي:**

- تارت قولىڭنى، يوقال دەيمەن! (پاتەمنى ئىتتىرىدۇ).

**قاسىم:**

- ئەستاخپۇرۇللا... (ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا ماڭىدۇ).

**پاتەم:**

- هوي، بالام، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ (يەنە نۇرتاينىڭ بېشىنى سىيلىماق بولىدۇ).

**نۇرتاي:**

- هەي، نېرى تۇر دەيمەن، نېرى (بېشىنى سىلاۋاتقان پاتەمنى نېرى ئىتتىرىدۇ) تولا ئادەمنىڭ غىجىغىنى كەلتۈرمەي، ئەكەل پۇلىڭنى (يانچۇغىدىن تاماكا چىقىرىپ چېكىشكە باشلايدۇ).

**قاسىم:**

- (كاستۇمنى ئۇزى ئېلىپ نېرى قويىدۇ) ئاچ قوساققا ئىچكەن ئوخشايدۇ. قوسىقىغا بىر نەرسە بەرگىن بۇنىڭ!

**پاتەم:**

- ۋاي، جېنىم بالام، بايىلا شۇنداق دېسەڭ بولماملۇ؟ (ۋۇگرەپ چىقىپ كېتىدۇ).

**قاسىم:**

- (قايتىدىن كېلىپ ئولتۇرۇپ) بۈگۈن نەگە باردىڭ؟ (نۇرتاي تاماكىنىڭ ئىسىنى ژۇقۇرىغا پۈدەپ جاۋاپ بەرمەيدۇ. پاتەم پەتنۇستە بىر چەينەك بىلەن چىنە، نان ۋە ۋازىلارنى ئېلىپ كىرىدۇ).

**قاسىم:**

- كەل، ماۋۇنى ئىچىپ تۇرغىن، بۈنىڭدىن كېيىن ئاپاڭ تاماق ئەكىرىدۇ. (نۇرتاي

جەينىگنى ئۈستەلگە تىرەپ تەتۈر قاراپ ئولتۇرىدۇ).

پاتەم:

- بۇ ياققا قارا، بالام! (چىننىگە چاي قۇيۇپ ئالدى بىلەن نۇرتاينىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاندىن قاسىمغا قويىدۇ).

قاسىم:

- مەن بۈگۈن سىڭنىڭ ئوقۇشۇڭ توغرىسىدا سۆزلىشىپ كەلدىم...

نۇرتاي:

- يەنە نەنىڭ ئوقۇشى ئۇ؟ (بېشىنى ئىشتىك كۆتۈرۈپ، قولىدىكى تاماكىنى چەينەك ئاستىدىكى پەتنۇسكە تاشلايدۇ).

قاسىم:

- هوي، ئىنىستىتۇتچۇ، ئوقۇمامسەن؟!

پاتەم:

- سەنىڭۇ تېخى كىچىك ئىدىڭ، شۇنداق بولسىمۇ قادىر ئاكاڭ بىلەن داداڭ ئۆزى سۆزلىشىپ قويۇپتۇ، ياردەممۇ قىلىدىكەن، كىچىك بولساڭمۇ ئوقۇپ، ئەشۇ نۇرخان سىڭىقىنىڭ سودايىلىرىغا ئۆزەڭنى بىر كۆرسىتىپ قويغىنە.

قاسىم:

- (پاتەمگە قاراپ) ئۇنداق دېمە، خوشنىلار ئاڭلاپ قالسا ئۇيات بولىدۇ.

پاتەم:

- ئاڭلىسا - ئاڭلىمامدۇ. يالغانمېدى؟

نۇرتاي:

- بولدى! (قوپال ئاۋازى بىلەن پاتەمنىڭ سۆزىنى بۆلىدۇ) ئوقۇشىڭنى ئۆزەڭ ئوقى، ماڭا خوتۇن كېرەك، خوتۇن. بولمىسا پۇل بېرىش، ئۆزەم تاپىمەن (ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئۇرۇپ، ئاندىن قوللىرىنى سىلكىيدۇ) هاراق كېرەك، هاراق! ئىچىمەن، ئويناپمەن، كۈلىمەن (نۇرتاي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ «تۈست» ئويناشقا باشلايدۇ) - لە - لى - لە - لە - لە... (قاسىم بىلەن پاتەم قارىشىپ، ئولتىرىشىپ قالىدۇ. (نۇرتاي بىر قانچە قىلىقسىز هەرىكەتلەرنى قىلىپ كېلىپ، ئۈستەلنى قاتتىق ئۇرىدۇ) بېرىشەمسەن، يوق؟

قاسىم:

- (جىله بولۇپ) بولدى ئولتار دەيمەن!

پاتەم:

- جەھەننەم بالام. (بالىسىغا يالۋۇرۇپ، نۇرتاينىڭ بېشىنى سىيلىماق بولىدۇ).

نۇرتاي:

- نېرى تۇر! (پاتەمنى قاتتىق ئىتتىرىدۇ).

پاتەم:

- ۋاي جان!.. (سەنتۈرۈلۈپ، ژىقىلغىلى ئاز قالىدۇ).

قاسىم:

- ھوي، ھوي (كېلىپ، نۇرتاينى تۇتماق بولىدۇ).

نۇرتاي:

- ماڭ دەيمەن! (قاسىمنى قاتتىق ئىتتىرىدۇ. قاسىم سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، كوز ئەينىگى چۈشۈپ كېتىدۇ).

پاتەم:

- (ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ ژىغلايدۇ) ۋاي، خۇدايىم،.. بۇ نېمە ئىشتۇ

نۇرتاي:

- پۇل دەيمەن، پۇل! (ئۈستەل ئۈستىگە يەنە ئۇرىدۇ، چىنىلەر جاراڭلاپ كېتىدۇ

قاسىم:

- (ئىككى قولىنى سوزۇپ) ھەي، سەن بالى ئەمەس، بىر بالا بولدىڭمۇ، نېمە؟

نۇرتاي:

- (كوزى نېرىراقتا تۇرغان ئاپىسىنىڭ يېڭى كوينىكىگە چۈشىدۇ) مانە پۇل دېگەن. (ھەجىيىپ بېرىپ، كوينەكنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ ئېلىپ) ئىم - م... (ئۈستۈل ئوينىغاندەك ئۇ ياقتىن بۇ ياققا بىر پىقىرايدۇ، ئاندىن قاسىم بىلەن پاتەمگە ئالىيىپ) ئۈنۈڭنى چىقىرىشما! (قاسىم بىلەن پاتەم چۈچۈپ، سەنتۈرۈلۈشۈپ كېتىدۇ. نۇرتاي كوينەكنى ئاۋايلاپ قاتلاپ يەنە بىر ئالىيىدۇ) - مىدىر قىلىشما! (قاسىم بىلەن پاتەم يەنە چۈچۈشۈپ سەنتۈرلىشىپ كېتىدۇ، نۇرتاي چىقىپ كېتىدۇ).

**پاتەم:**

- ۋاي... (پېشانىسىنى تۇتۇپ، ھوشسىز ۋىقىلىدۇ، قاسىم كېلىپ يۆلەيدۇ).

**قاسىم:**

- پاتى، پاتى، كۆزىڭنى ئاچ، پاتى!..

پەردە

## ئۈچىنچى پەردە

### *1- كۆرۈنۈش*

قاراڭغۇ كېچە. ھاۋا تۇتۇق. ئاسماندا يورۇق يۇلتۇزلار. گىتارنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىپ ئاندىن كۆلكە ئارىلاش قوپال ئاۋازلار بىلەن ئۈچ بالا بىر قىز كۆرۈنىدۇ. بىرىنىڭ قولىدا بوتۇلكا، يەنە بىرى گىتارىنى قاتتىق ئۇرۇپ چالماقتا.

- لە - لە - لە... (بىرىسىنىڭ ئاۋازى چىقىدۇ).
- ئەكەلگىنە، ۋوي، بىر ژۇتتۇۋالاي (يەنە بىرىسى ئۈنىڭغا بوتۇلكىنى بېرىۋېتىپ، ئۆزى قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئالدىغا تارتىپ چاۋاك چېلىپ قوپال سەكرەشكە باشلايدۇ) لەل - لەل - لىلە - لە... (قىزمۇ جاۋابەن شۇنىلا قىلىدۇ، بوتۇلكىنى ئالغان بوتۇلكىنىڭ ئاغزىدىن شوراپ ئىچىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان يالغۇز ئايال كۆرۈنىدۇ. باللار ئۇنى كۆرۈپ توختۇشۇپ ھورپىيىشكەندەك قىلىشىپ، بىرى - بىرىسىگە قارىشىدۇ. باللارنىڭ بىرىسى ئايال تەرەپكە شەرەت قىلىپ) مانى قانداق دەيسىلەر؟
- جايلايمىز (ئايال يانداپ ئۆتۈپ كەتمەك بولىدۇ، باللارنىڭ بىرىسى ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ) توختا! (ئالدىنى توسايدۇ).

ئايال:

ـ (توختاپ) نېمە قىلسەن بالام، قويۇۋەرگىن مېنى، مەن ياش نەمەسقۇ!

ـ ياق، قورقما، مەن سېنى ھېچ نەرسە قىلمايمەن، پىراق مۇڭلۇنى، مۇڭلۇنى...

(قولى بىلەن شەرەت قىلىپ، ئايالنىڭ سۇمكىسىنى كۆرسىتىدۇ) تاشلاپ كېتىسەن.

(يەنە بىر بالا يېقىنلاپ كېلىدۇ).

ئايال:

ـ (قول سۇمكىسىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ) بالىلىرىم، مەن ئىشتىن قايتىپ كېلىۋاتىمەن، مەندە ھېچ نەرسە يوق...

ـ بەر دەيمەن! (بالىلارنىڭ بىرى بىر سىلكىپ، قولىدىن سۇمكىنى تارتىپ ئالىدۇ، يەنە بىرى ئايالغا يېقىنلاپ):

ـ بەرى بىر مەن سېنى مۇنداق قويۇپ بەرمەيمەن! (ئېسىلىدۇ).

ئايال:

ـ ياردە...ە...م! (ۋاقىرايدۇ).

(يەنە بىر بالا گىتارنى قىزغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ژۈگرەپ كېلىپ، ئايالنىڭ ئاغزىنى ئۇتۇپ بوينىنى قىسىدۇ، ئۈچىنچىسىمۇ سۇمكىنى قىزغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، كېلىپ ئېسىلىدۇ).

ئايال:

ـ (بوشۇنۇشقا ئۇرۇنۇپ، تېپىرلاپ، يەنە بىر قېتىم ۋاقىرايدۇ) ياردە...ە...م! (بالىلار قولىنى قايرىپ، ئاغزىنى ژۇمۇپ ئالىدۇ، شۇ چاغدا يەنە بىر بالا پەيدا بولۇپ ۋاقىرايدۇ) بېشىغا ئۇرۇڭلار!

ـ ئورتاي، بول چاپسان! (ئورتاي دېگەن بالا ژۈگرەپ كېلىپ) تۇتۇپ تۇرۇڭلار! (بالىلار ئولۇشۇپ، ئايالنى بېسىپ ئالىدۇ).

## پەردە

## *ئىككىنچى كۆرۈنۈش*

يەنە قىسملارنىڭ نەشۇ ئۆيى. بىر چەتتە كاراۋاتتا پاتەم باشلىرى توراپ باغلانغان ھالدا ھوشسىز ياتىدۇ، خوشنىسى نۇرخان بېشىدا تۇرىدۇ، ئىككى

دوختۇر ئايال ئۇنىڭغا ئۇكول سېلىپ ھوشىغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

**قاسىم:**

ـ (تاقەتسىزلىنىپ، ئۇي ئىچىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ ) يا خۇدا، بۇ شورلىقنى، قانداقمۇ قىلارمەن!.. يا خۇدا... يا خۇدا...

**نۇرخان:**

ـ (قاسىم ياققا بىر ئاز مېڭىپ ) سەۋرى قىلسىلا قاسىم ئاكا، سەۋرى قىلسىلا. قانداق قىلىمىز، بۇ بېشىنى يېگۈر قانخورلارنى!.. ھۆكۈمەت تېپىپ ئەدىپىنى بېرىدۇ!

**قاسىم:**

ـ (قول ياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ ) ھوي، جېنىم نۇرخان، بۇ ژۇرۇگۇم كۆيۈپ كېتىپ بارىدىغۇ، كۆيۈپ ـ كۆيۈپ (ياغلىق تۇتۇپ ژىغلايدۇ) ئەلەم بوپ كەتتىغۇ، ئەلەم، ئەلەم.

**نۇرتاي:**

ـ (چالا مەس سەنتۈرۈلۈپ كىرىپ كېلىدۇ) بۇ نېمە ئادەملەر، نېمە كەلدى بۇ يەرگە؟! (تىلىنى چايناپ گەپ قىلىدۇ).

**قاسىم:**

ـ (بالىسىنى كۆرۈپ ) ۋاي جېنىم بالام، نەدە ژۇرىسەن؟ (بېرىپ، نۇرتايغا ئېسىلىپ ژىغلايدۇ) ئاپاڭ... ئاپاڭ... ئاپاڭ... (نۇرخان بىلەن دوختۇر ئايالنىڭ بىرى چاپسان كېلىپ، قاسىمنى بېسىلدۇرىدۇ).

**نۇرخان:**

ـ سەۋرى قىلسىلا، قاسىم ئاكا. ئۇنداق قىلمىسىلا، پاتەم تېخى ياخشى بوپ كېتىدۇ.

**دوختۇر:**

ـ ئۇنداق قىلماڭلار، تولا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاغرىق كۆتۈرەلمەيدۇ. مۇنداق قىلساڭلار ئاران ھوشىغا كېلىۋاتقان ئادەمنى تېخىمۇ يامان قىلىۋېتىسىلەر. (نۇرخان بىلەن دوختۇر ئايال قاسىمنى نۇرتايدىن ئاجرىتىپ، ئۈستەل قېشىدىكى ئورۇندۇققا ئولتارغۇزىدۇ. نۇرتاي ھوشىنى ژىغالماي، بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالىدۇ).

نۇرخان:

ـ (كېلىپ، نۇرتايىنى جېمىلەيدۇ) سەن نەدە ژۈرسەن؟ قارا ئاپاڭنى! ئاخشام ئىشتىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا لۈكچەكلەر ئۇرۇپ، بۇلاپ كېتىپتۇ...

نۇرتاي:

ـ نېمە؟.. كىم؟.. (ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ، نۇرخاننى بىر چەتكە ئىتتىرىپ، ئاپىسىغا ژۈگرەيدۇ. دوختۇر ئايال ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ).

نۇرتاي:

ـ ئاپا، ئۇ سەنمىدىڭ؟ ياق،.. ياق،.. ئۇنداق ئەمەس!.. (ئاپىسىغا ئېسىلماق بولىدۇ. نۇرخان بىلەن دوختۇر ئايال ئۇلارمۇ كېلىشىپ، نۇرتايىنى تۇتۇپ نېرى تارتىدۇ).

پاتەم:

ـ (ھوشىغا كېلىدۇ. بېشىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ، بىر قولىنى نۇرتايغا سۇنىدۇ) نۇ... نۇ... نۇر..تاي.. (دوختۇر پاتەمنىڭ بېشىنى يۆلەيدۇ، قالغانلارمۇ پاتەمنىڭ قېشىغا ئۇلۇشىدۇ. پاتەمنىڭ بېشى بىلەن قولى ئېغىرلىشىپ كېلىم تېز چۈشۈپ كېتىدۇ. پاتەم ئۆلىدۇ).

دوختۇر:

ـ (ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى چايقاپ) ئەندى ژىغلىساڭلار بولىدۇ. (قاسىم ياغلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ ژىغلاپ كېتىدۇ، نۇرخانمۇ ژىغلايدۇ.

نۇرتاي:

ـ ياق... ياق... (ئاپىسىغا ئېسىلىدۇ، ئاياللار ئۇنى ئاجرىتىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ) ئۇ سەن ئەمەس، سەن ئەمەس!.. (ئاپىسىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ژىغلايدۇ).

قاسىم:

ـ (كېلىپ، نۇرتايىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ) ۋاي بالام... (تېخىمۇ ژىغلاپ كېتىدۇ، ئاياللار بۇلارنى ئاجرىتىپ نېرى تارتىدۇ).

نۇرتاي:

ـ (ئۇلارنى ئىتتىرىپ، بىر ـ ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقىپ، چېچىنى ئىككى قولى بىلەن ژۇلۇپ ۋاقىرايدۇ. كۆينىگىنىڭ ياقىسىنى ئىككى قولى بىلەن تارتىپ تۈگمىلىرىنى ئۈزۈدۇ. كاستۇمىنىڭ ئىچىدىكى يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا

هاراقنى ئېلىپ چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ۋاقىرايدۇ) ھە... سەن، شۇ، سەن
(بۇتولكىنى تاشلاپ تېز كەينىگە بۇرۇلىدۇ، تىزلىنىپ ئىككى قولىنى سوزىدۇ)
ئۆلتۈرۈڭلار مېنى، مەن قىلدىم، مەن!.. (چېچىنى يۇلۇپ، قولى بىلەن پولنى
ئۇرىدۇ) ئۆلتۈرۈڭلار دەيمەن! نېمە تۇرىسىلەر، ئۆلتۈرۈڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار مېنى!
(ھەممىسى ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ).

**دوختۇر:**

- ياق، بىز سېنى ئۆلتۈرمەيمىز، سەن بۇ جىنايىتىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋىژدانىڭ
ئالدىدا جاۋاپ بېرىسەن!

**نۇرخان:**

- (بىر ئاز يېقىن كېلىپ) ئىپلاس، قانخور. ئىسست ئاناڭنىڭ ساڭا بەرگەن ئاق
سوتىگە، تفۇ! (تۈكۈرۈپ، ئارقىسىغا قايتىدۇ).

**قاسىم:**

- ھە خۇدا!.. بۇ نېمە ئىش، پالا ئەمەس بېشىمغا بالا بولۇپ يارىلىپتىـ
كەنسەنغۇ!.. (ئۇرماق بولۇپ ئورۇنلۇققا ئېسىلىدۇ، ئاياللار تۇتىۋالىدۇ).

**دوختۇر:**

- بۇنداق شەرمەندىلەر خەلق سوتى ئالدىدا جاۋاپ بېرىشكە تېگىشلىك! سەۋر
قىلسىلا قاسىم ئاكا.

**نۇرخان:**

- (قولى بىلەن نۇرتايىنى كۆرسىتىپ) بۇنداق ناكەسلەرنى ئۇرۇپ ئۆلتەرگەندىن
كۆرە، تۈرمىدە ئۆلگىنى ياخشى!

**قاسىم:**

- (ئۆزىنى ئۇرۇپ ۋىغلايدۇ) ئۆزەم تاپقان بالا، ئۆزەم تاپقان بالا! بالا!..بالا!.. بالا!..
نۇرتاي پولدا دومىلاپ ياتىدۇ، قالغانلار قاسىمنى يۆلۈشۈپ، غەزەپ بىلەن
نۇرتايغا قارايدۇ...

پەردە

1968ـ يىلى 17ـ سېنتەبىر

# نەسىردىن داۋۇت



نەسىردىن داۋۇت 1941- ژىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1956- ژىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشكەن. 1960- ژىلدىن تارتىپ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئەدەبىيات مۇئەللىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1963- ژىلى قىرغىزستانغا كۆچۈپ كېلىپ كولخوز- سوۋخوزلاردا ئىشلىگەن. 1995- ژىلى ژۈرەك ئاغرىقى بىلەن ۋاپات بولدى.

نەسىردىن داۋۇتنىڭ ئىجادىيىتى شېئىر يېزىش بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «ئىلى گېزىتى»، «ئاممىۋىي كلۇب» گېزىت - ژۇرناللىرىدا يورۇق كۆرگەن. 1981- ژىلدىن باشلاپ ھېكايە يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. نەسىردىن داۋۇتنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «پەرۋاز» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلغان.

1994- ژىلى قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات تەشۋىقات بيۇروسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۈمۈتۈم مېنىڭ - ئاتا يۇرت» ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ «ئەسكەرتىش» ناملىق ھېكايىسى بېرىلگەن.

# ئەسلەش

(ھېكايە)

ئۇ ژىللىرى ئوقۇشنى تاشلاپ، سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە بېرىلىپلا كەتكەن ئېدۇق. مۇمكىن، «ئەندىلا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، كەسپىي بىلىمگە يول ئېلىش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىغا دەرسنى ئوقۇماي، سىياسەت ئۆگىنىشى نېمىسى» دەرسىز. ياق، سىياسەت دېگەن قوماندان! بايقىماي ئېيتىلغان ھەر بىر سۆز، ھەرىكەت پرىنسىپقا كۆتۈرۈلۈپ، ئىدىيەگە تاقالغاندا، سىز «كىچىك» دېگەن ئوقۇغۇچىمۇ چوڭلاردىن قالماي، سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ھارغىچە دەرت تېپىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا تىنىپ تۇرالماسلىغىمدىنمۇ «ئاغمىخان» ئاتالغاندىن كېيىن ژۇگاچلاپ كەتتىم.

مەكتەپتىن قايتىپلا ئاغزى يېپىق قازاندەك قايناۋاتقان ئىچىمنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن دەريا بويىغا ژۈگرەيمەن. دەريا بولسا مەھەللىمىزنىڭ ژۇقۇرى تەرىپتىن ئىلان باغرى ئەگىپ ئۆتىدۇ. تۆرت زىيانداشنى يوقىتىش ژىللىرى ارغا، قوچقاچلارنىڭ ئۆگىسىنى بۇزىمىز دەپ، ئۇنىڭ بويلىرىدىكى ئىپار پۇراقلىق جىگدىلەر، سۇمبۇل چاچلىق تاللار، بۆككىدە توقايلار ۋەيران بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەتراپ قاقاسچىلىققا ئايلىنىشقا باشلىغان ئېدى. ئاندا - ساندا قورۇپ قالغان دەل - دەرەخلەر كومۇنىنىڭ داش قازانلىرىنى قاينىتىش ئۈچۈن ئىشلەندى. پەقەت دولقۇن ژۇيۇپ كېتەلمەي، ئېقىن سۇغا ئۇچى تېگىپ قالغان قىرغاقتىكى چۆپلەرنىڭ نۆۋەت بىلەن ھەرىكەتلىنىشى دۇتارنىڭ مۇڭى يەتمىگەن غەم - قايغۇلارنى ئىزھار قىلىپ، پەدە بېسىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

بوخچامنى بىر تەرەپكە ئىرغىتىپ تاشلاپ، سىقىمىم تولغىچە تاش تەردىم ۋە ئۇلارنى بىر- بىرلەپ غۇلاچ كېرىپ ئاتتىم. ئاتقان تاشلىرىمنىڭ مۇساپىسى بارغانسېرى قىسقىراپ، ئالدىمدىكى ئارال سۈيىگە چولتۇكلاپ چۈشتىدە، تىنىق سۇ بېتىدە ئېچىلىۋاتقان گۈلدەك ئىزنا قالدۇردى.

ـ ۋاي، ئاپا!

قاياقتىنلۇر، تويۇقسىز چىققان ئاچچىق ئاۋازدىن تەنلىرىم شۈركىنىپ، تاش نېتىشتىن توختىدىمدە، ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن باقتىم. مېنىڭ ژۇقۇررۇمـ داراق، سۈنىڭ ئىچىدە بىر باغلام ئوتۇن كۆتىرىۋالغان قىز ۋاقىراۋېتىپتۇ. ئەس ـ ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا ئۆززەمنى سۇغا ئاتتىم. ئاندىن:

ـ چۈشتىن كېيىن سۈنىڭ ئۇلۇغلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەتتىڭىزمۇ؟ ـ دېدىم يىقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن سىنىپدىشىم مەريەمنى تونۇپ. ئۇ ئۇنـ چىقمىدى. چىرايىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكىنى چىقىپ تۇرسىمۇ، بىر باغـ لام ئوتۇنغا چىڭگىدە ئېسىلۋاپتۇ. مەن بىر قولۇمدا ئوتۇننى، بىر قولۇمدا مەريەمنى تۇتۇپ، كەينىگە قايتۇرۇپ كەلدىم. بىز دەريا بويىدا ئۇسكەنـ لىگىمىز ئۈچۈن سۇدا ئۈززۇشكە خېلىلا ئۇستا ئىدۇق. ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ كۈندىزلىرى جاپالىق كۈرەشىدىن، كېچىلىرى ئۆگىنىشتىن ۋاقتى بولمـ غاچقا تەمەش تېرىپ، قىشنىڭ غېمىنى قىلىش بىزگە قالغان.

بۇنىڭ ئۈچۈن قاتمۇ ـ قات ئاراللاردىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، دەريا بويىغىچە بارا تتۇق. مەن قىزلارغا ئۈچمەنلىك بىلەن قاراتتىم. سەۋەبى، بىرەر ئوغۇل قىز لار بىلەن سۆزلىشىپ قالسا، بۇنى كۆرگەن باللار زاڭلىق قىلىدىغان. ھەتتا شۇ يەردىلا سەت لەقەملەرنى چىقىرىشىپ، سىڭدۈرۈۋېتىدىغان. بۈگۈن مەـ ريەمنىڭ ھاياتىنى قىل ئۈستىدە كۆرۈپ، رەھىم كەلگەنلىكتىن، بۇ مىجەـ زىمگە ئىتائەت قىلمىدىم. مەريەم بولسا تېخىچىلا بىلىگە ئوراۋالغان كۆينىكىنىڭ ئېتىكىنى يادىدىن چىقىرىپ، كۆز يېشىنى ئېتىۋاتاتتى.

ـ مەريەم، بولۇڭ، سۇ تېخىمۇ ئۇلغىيىۋاتىدۇ. ئالدىدا سىزنى، ئاندىن ئوتۇنـ لىرىڭىزنى ئۆتكۈزۈۋېتەي.

مەريەم شاپ ـ شۇپلا قىلىپ، ئېتەكلىرىنى چۈشەردىدە، سۈنىڭ ئېقىشىغا قارشى ژۇگرەپ بېرىپ، ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى. شۇ زامان تاپىنىمدىن زىڭـ گىدە قىلىپ كىرگەن ئاغرىق، مېيەمدىن چىقتى. پەۋقۇلاددە بىرەر ھادىسە بولسا، ئۆلگىرىشىم ناتايىن... مەنزىلگە يېتىپ، جېنىم ئارام ئالغاندا، بايقـ

سام، ۋاقىرنىڭ بويىنىدەك سوزۇلۇپ كەتكەن بويىنۇم ئويدانلا تېلىپ قاپتۇ. ئوتتۇننىڭ ئۈستىگىلا چۆكتۈم. مەرىيەمنىڭ چىشىغا تېگىپ:

ـ مەرىيەم توغاچ ـ مايلىق توغاچ،

تالاغا چىقماڭ تىل تېگىدۇ.

قەلەم قاش ـ سۇمبۇل چاچ، ـ دەپ ۋاقىرىغانلىرىم ئېسىمغا چۈشۈپ كەتتى. ئىختىيارسىز ئۇ قاتقا باقتىم. مەرىيەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئوتتۇننى سۆرەپ سۇغا چۈشتۈم. سۇ بايىقىدىنمۇ ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ. ئوتتۇننى سۆرەپ كېتىۋاتقان ئېقىننىڭ كۈچىنى يېڭىش ماڭا ئاسانغا چۈشمەيۋاتاتتى.

ـ غەيرەت، ئوتتۇننى تاشلا!

ئۇ قاتتا تۇرۇپ ۋاقىراۋاتقان مەرىيەمنىڭ ئاۋازى غۇرۇرۇمغا مايدەك ئېقىپ چۈشتى، ئەتىمالىم، ۋۇجۇدىمغا پۈتكەن غەيرى تەبىئىي كۈچ بىلەن قىيپاشلاپ، ئالغا ئىنتىلدىم. مەرىيەم قوللىرىنى بولۇشىچە سوزۇپ، ئالدىمغا كەلمەكتە. ئۇچىسىدىكى كۆينىكىنىڭ ئېتىگى سۇ يۈزىدە لەيلى قازاقتەك يېيىلىپ كېتىپتۇ. بىز يېتىلىشىپ سۇدىن چىقتۇق. مەرىيەمنىڭ ھازىرلا سىقىپ كىيىۋالغان كۆينىكى يەنە تېنىغا چاپلىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمنى قاچۇردۇم. مەرىيەم سەل تارتىنىپ:

ـ غەيرەت، ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كىيىملىرىڭىزنى تاشلاپ بېرىڭ، غۇچچىدا قۇم بولۇپ كېتىپتۇ. چايقىۋېتەي، ـ دېدى.

مەن مەرىيەمنىڭ ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈردۈم. ئاندىن، يالپاق تاش ئۈستىدە سۇغا قاراپ ئولتاردۇق. بىر دەقىقە ئارىمىزدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. كېيىن ئۆزۈم بىرىنچى بولۇپ جىمجىتلىقنى بۇزدۇم.

ـ مەرىيەم، سىز بېلىقلارنى ياخشى كۆرەمسىز؟ـ دېدىم. ئۇنىڭغا سۇپ ـ سۈزۈك سۇ ئاستىدا پىلدىڭشىپ ۋۇرگەن كىچىك بېلىقلارنى كۆرسىتىپ.

ـ ئۇششاق بېلىقلارنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرىمەن.

ـ ئۇنداق بولسا تۇتۇپ بېرەي.

ـ ياق!

- نېمشكە؟

- ئوششاق بىلىقلارغا ئازار بەرگەنلەرنى ئۆلگىدەك يامان كۆرۈمەن.

- بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

- چوڭ بىلىقلارنىڭ ئوششاق بىلىقلارنى يېگىنىنى ئاز دەپ، يەنە ئۇنىڭغا رەھىمسىزلىك قىلىنسا...

- ئۇنى سىز نەدىن بىلىسىز؟

- ئاپام چوڭ بىلىقلارنى تازىلاۋاتقاندا ئىچىدىن تېخى ھەزىم بولمىغان كىچىك بىلىقلار چىققان.

مەن ھېچ نېمە دېيەلمەي، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

- قۇرۇتلارنىمۇ يامان كۆرۈمەن، - دېدى مەريەم دەرھاللا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، - چۈنكى ئۇلار ئالمىنىڭ رەڭگىنى بۇزۇپ، تەمىگە زىيان يەتكۈزىدۇ...

مەن يەنە ئويلىنىپ قالدىم: بۇ قىزنىڭ يامانلىقنى قارىغۇلار، ئادەمنىڭ ئىسىغا كەلمەيدىغان بىر نېمىلەرنى بىلىۋاپتۇ.

- غەيرەت، كۆڭ كەچ كىرىۋاتىدۇ، ماڭايلى، ئاپىلىرىمىز ئەنسىرەيدۇ، - دېدى مەريەم خىيالىمنى بۆلۈپ. مەن گەپ قىلماي ئۇتۇننى كۆتەردىم. مەريەم ئەگەشتى. كوممۇنا بېغىغا يېقىنلاشقاندا، قەدىمىم ئاستىلىششقا باشلىدى. سەۋەۋى، ئۇ يەردىن يولىمىز ئايرىلىدۇ. مېنىڭ بۇ قىزدىن ئايرىلغۇم يوق. باغنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئوتۇننى يەرگە تاشلىدىم. مەريەممۇ توختىدى. بىز سۈكۈت ئىچىدە مېۋىسى ژىغىلىپ بولغان ئالما دەرەخلىرىگە قاراپ ئولتۇردۇق.

- غەيرەت، ئەۋۇ شاختا بىر تال ئالما قاپتۇ، - دېدى مەريەم.

- قېنى، قېنى؟!- مەن بوينىمنى سوزۇپ ئاختۇردۇم.

- ئەنە، كۆردىڭىزمۇ؟- ئۇ كورسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئالمىنى ماڭا كورسەتتى.

- ئوھو، ئۇ بىزگە قاپتۇ.

- قويۇڭ، بالاغا قالىسىز!

ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزەمنى كورسىتىپ، شاپ - شۇيلا قىلىپ، ئېسىلدىمدە، بىر

تال ئالمىنى ئېلىپ چوشتۇم.

ـ قاراڭا، مەي باغلاپ، سوزۇلۇپ كېتىپتۇ.

ـ قورۇت چوشمىگەچكە ۋايىغا يەتتىدە.

ـ تەمىنى تېتىپ كورۇڭ، ئەمسە!

ـ ياق، مەن ئالما يېمەيمەن.

ـ ئەجابا.

ـ ئاچچىق.

ـ ئاچچىق دەمسىز!؟ـ ۋارس ـ ۋۇرس قىلىپ ئالمىغا ئېغىز سالدىم. ئالمىنىڭ ھەسەلدەك شىرىيەتلىرى جاۋغايلىرىمدىن ئېقىپ كەتتى.

ـ تاتلىقمىكەن؟

ـ تاتلىق بولغاندا قانداق!ـ ئاغزىمنى سۈرتتۈپتىپ، جاۋاپ بەردىم.

ـ تاتلىق بولۇش كېرەك.

ـ بايا ئاچچىق، يېمەيمەن، دېدىڭىزغۇ.ـ دېدىم خىجالەت بولۇپ.

ـ مەن سىزنى يېسۇن دېدىم. دادام ھەقىقى دوست مەنپەئەت ئۈستىدە ئۆزىنى ئۇتتۇشنى بىلىش كېرەك دەيتۇ.

يۈزلىرىمدىن ئوت يېنىپ كەتكەندەك بولدى، زوۋانىم تۇتۇلغاندەك بولدى.

ـ غەيرەت، سىزگە رەخمەت. ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز، ئارالنىڭ سۈيى مېنى ئوتۇنلىرىم بىلەن دەرياغا قېتىۋېتەتتى. شوڭلاشقا، ئەشۇ ئالما سىزگە تالىق.

مەريەم ئوتۇننى كوتۇرۇپ، ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. مەن قارىسى ۋۇتكىچە ئۆزىتىپ قالدىم. شۇندىن بېرى ئارىمىز يېقىنلىشىپ، دوستلىقىمىز كوچىيىۋەردى.

بىر كۈنى مەكتەپ بويىچە قىزىل ناخشىلارنى ئۆگىنىۋاتاتتۇق. دالانى ئېگىز-پەس ئورۇلغان جاڭ بىلەن قىقاس قاپلاپ كەتتى. دېمەك، كىمنىڭ سازايى قىلىنۋاتقىنى ئېنىق. ئادەت بويىچە ئۆگىنىۋاتقان «قىزىل ناخشىلىرىمىزنى» ژىغىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدۇق. مەندىن بۇرۇنراق توپقا يېتىپ بارغان مەريەم: ـ جېنىم دادا!ـ دەپ ۋاقىرىماسمۇ، نەزىرىمدە ئالەم لەرزىگە كەلگەندەك تۇيۇلۇپ، ئاياقلىرىم تىترەپ كەتتى.

قارىسام، «شۇجىڭ جۇيى» دېگەن يېزىقى بار ئۇزۇن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، بويىنىغا «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بۇزغۇنچى» دېگەن تاختىنى سىم بىلەن ئېسىپ قويغان ئادەم مەرىيەمنىڭ دادىسى ئىكەن. ئاكتىۋىلار: «باش ئەگسۇن، توۋا قىلسۇن!» دەپ ۋاقىرىدى. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغىچە ئۇنىڭ چىرايىدىكى دەھشەتلىك ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، ژۈرىكىمنىڭ ئاچچىق زەرداپ سۇلىرى كۆزۈمگە تەپتى. مەرىيەم:

- دادامنى قويۇۋېتىڭلار! مېنى ئېتىۋەتساڭلارمۇ مەيلى، دادامنى قويۇۋېتىڭلار!- دەپ زارلاتتى.

- خەلق دۈشمىنىنى دادام دەپ ئاغزىغا پاتۇرۇپ ۋاقىراۋاتقىنىنى قارا! هوي، كاپىتالىزمنىڭ كۈچىگى، كۆكەمە، هايۋان!- دېدى قولىغا قىزىل لاتا باغلىغان بىرسى. مەرىيەمنى سانىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن چۈجىدەك سىلكىپ:

- رەھىم قىلىڭلار، دادامنىڭ گۇناسى يوق!

- بار ئېرى!..

مەرىيەمنى چالمىدەك پېقىرىتىپ تاشلىۋەتكەن ئۇ بىر ھەم توك قارغىدەك چاڭىلداپ، توپنى ئېلىپ ماڭدى. مەن يەر بېغىرلاپ ياتقان مەرىيەمگە ئېيتقىسىز بوزەكلىگىمىزدىن مەسخىرىۋازلارنىڭ توتقىنى بولۇپ كېتىۋاتقان ئۇنىڭ دادىسىغا قاراپ ئامالسىز تۇرغىنىمدا، ئالمىغا چۈشكەن قۇرۇتلارنى ئەسلەپ ئۇلارغا لەنەتلەر ياغدۇردۇم:

- مەرىيەم تۇرۇڭ، كېتەيلى. بۇ يەردىن چاپسانراق كېتىۋالايلىچۇ، - ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ تۇرغۇزدۇم. چاچلىرى چۇگۇك، ياقىلىرى ئايرىق، مەڭزىلىرى ھۆپپىدە ئۇت ئېلىپ، كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كەتكەن مەرىيەم قوللىرىمغا ئېسىلىپ، ئاياقلىرىنى ئارانلا يۆتكىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقىدىغان قورۇقنىڭ ئايىغىغا يەتكەندە، چىپپىدە توختاپ، ئۆزىنى بىر قور جۇندەۋالدىدە:

- غەيرەت، ئىككىمىز بىللە مېڭىپ، خاتا قىلىپتۇق. ھەممە گۇنا مەندە،- دېدى.

- بۇ قانداق گەپ؟

- مېنىڭمۇ ئەندى مەكتەپتىن قوغلايدىغىنى ئېنىق. سىزنىڭ «شۇجىڭ جۇيى»

نىڭ قىزى بىلەن ژۇرگىنىگىزنى كۆرسە نېمە بولىدۇ؟!
- يوق گەپنى قويۇڭا! سىزنى تاشلاپ كەتكىدەك كىم ئېكەنمەن؟
مەريەم مەيۇس، بىلىنەر - بىلىنمەس ئىلجىيىش بىلەن تەبەسسۇم قىلدى. ئاندىن ماڭا قاراپ، يەنە سۆز قاتتى:
- سىز دادامنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى يامان ئادەملەر دەپ ئويلىماڭ. ئۇلارنى كۆلەنگىدەك ئەگەشتۈرۈپ ژۇرگەن سىياسەتنىڭ قوماندان ئېكەنلىگىنى چۈشىنىڭ.
مەن ئېتىراز بىلەن قول سىلكىپ، چىرايىمنى پۈرۈشتۈردۇم.
- ئۇنداق قىلماڭ، غەيرەت، - مەريەمنىڭ چىرايىدا ئاۋايلىغان يېرىنى ئۇرۇۋالغاندەك تۇس ئالدى،- دادام قەھرىمانلىقنىڭ ئورنى بار، رەھىمسىزدىن شەپقەت كۈتۈپ بولمايدۇ دەيدىغان. مۇمكىن، بىز تېخى چۈشىنىپ يەتمەيدىغان بىر يەرلىرى باردۇر. شۇڭا بايا ئۆزەمنى تۇتىۋالمىغىنىمغا ئۆكۈنمەن. دادام بىچارىنى بەكمۇ قىيناۋەتتىم. سىزدىن سورارىم، بىز موشۇ يەردە خوشلىشايلى. ئەگەر مېنى كۆرەشكە سالسا، مەكتەپتىن قوغلانسۇن، دېگەنلەرگە ئەگىشىڭ. بەرى بىر مېنىڭ ئوقۇشۇمغا ئەندى ھېچ كىم ئارا بولالمايدۇ.
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزەمدە چۈشكۈنلۈك پەيدا بولۇپ، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى.
- مەن سىزنى ئۇنتۇمايمەن، مەريەم، - دېيەلىدىم ئاران.
غەمكىن كۆڭلۈمدە راست دېگەندەك، نۆۋەتتىكى ئۇگۇنىشتە مەريەمنى ژە نەق مەيداندا ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى مەكتەپتىن قوغلىۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي، مەريەملەرنىڭ ئائىلىسىنى بىر كېچىدىلا تەكلى ماكانغا سۈرگۈن قىلىۋەتكىنى مەھەللىگە يۈز بولۇپ كەتتى. مەن بولسام ئاتا - ئانام بىلەن چەت ئەلگە كۆچۈپ كەتتۇق. مانا شۇنىڭدىن بېرى مەريەمنى ئەسلەيمەن.

1993- ژىلى، ئىيۇن.

# ھەي، ئانا دېگەن

(ھېكايە)

«مېنىڭ ئاپام ھەممىدىن چىرايلىق، ھەممىدىن مېھرىۋان».
بالا ئاغزىدىن

بالا چاغلىرىم ئىدى. بوخچامنى مورەمگە ئېسىپ، يېزىمىزنىڭ خالى كوچىلىرىدا كېتىۋاتاتتىم. ھاۋشىغان ئىشتىنىڭ ئۈنى دىققىتىمنى بۆلدى. قەدىمىمنى توختىتىپ قارىۋېدىم، ئىشت يوغان قۇلۇپ ئېسىغلىق ئىشىكتىن غورىغىچە كېلىدىغان سىرتىمدا نېرى ـ بېرى ژۈگرەشكە باشلىدى. «ئەندى نېمە قىلارىكىن؟» دەپ ئويلاپ، غورىغا يېقىنلاشتىم. ئىشت بولسا، تىك قۇلاقلىرىنى كەينىگە يوپۇرۇپ، ئىنچىكە ـ ئۇزۇن پۇتلىرىنى يەرگە تىرەپ، چىشلىرىنى كۆرستىپ خېلە ھەيۋە قىلدىدە، ئاخىرى مەندىن بەزگەن بولسا كېرەك. كۆزلىرىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقارغىنىچە، كاتەككە ماڭدى. بۇ ھال مېنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپ، باتۇرلاشتۇرىۋەتتى. يەردىن چالمىلارنى ژىغىپ ـ تېرىپ ئۇنىڭغا ئاتتىم. ئىشت ھەر چالما تەككەندە، بىر تولغۇلۇپ، بىر ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ پىيقىراپ، غەزەپلىك ھاۋشاتتى. ئويۇنىمدىن راھەتلىنىپ، راسا كۈلۋاتقىنىمدا، ئىشت زەنجىرنى ئۈزۈپ، غورۇدىن ئالقىپ چۈشمەسمۇ. جان ئىمانىم چىقىپ:

ـ ۋاي، ئاپا! ـ دەپ ۋاقىرغىنىمنى بىلمەيدە، بىرىنىڭ «ۋاي، بالامەي!» دېگەن ئۈن بىلەن تەڭ باغرىغا باسقانلىغىنى سەزدىم. ئۇنلىرىم ھەشكە كەلگەن بولسا كېرەك. بىر دەمدىلا يېتىپ كەلگەن كىشىلەر ئىتنى ئاجرىتىۋالدى.

ـ ۋايەي، بالام ئامانمۇ؟ ـ دېگەن ئۈن قۇلىغىمغا كىرىپ، ھوشۇمنى ژىغسام، كىشىلەر يۆلەۋاتقان مومايىنىڭ ژۈگدەك تىترىلىپ كەتكەن كىيىملىرى قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ.

ـ بالىڭىز ئامان چوڭنا، ھېچ قانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىماپتۇ. ـ دېيىشەتتى

مېنى ئۇرۇپ - چۇرۇپ قاراۋاتقانلار. مومايغا كېرىگى شۇ بولسا كېرەك، مەلەققىدە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

- بولمىدى، بولمىدى. تىتىپلاۋېتىپتىغۇ، دوختۇرغا ژۈگرەڭلا! - دەپ ئايال-لارنىڭ ژىغا ئارىلاش چىققان ئاۋازى ھەممىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. مەن بىر چەتتە ئۇنتۇلۇپ، غودىيىپلا قېلىۋېدىم، كىملۇ - بىرى يۈزۈمگە مۇزدەك سۇ چېچىۋەتتى. ئەندىككەن تېنىمگە ژىغا يامىشىپ:

- ۋاي، ئاپا!- دەپ ژىغلاۋەتتىم. شۇ چاغدا:

- ۋوي، بۇ بىزنىڭ سېلىمە ھەدەمنىڭ بالىسىغۇ، - دەپ بېشىمنى سىلىدى. ئوتتۇر خوشنىمىز جامىخان ھەدەم ۋە «نېمە بولدى، ئىشت ساڭا ژۈگەرگەن-مىدى؟» - دەپ سوراشقا باشلىدى.

- بۇ بالىغۇ ھېچ نېمە بولماپتۇ. ياخشى، - دېدى بىر ئايال ئۈنىگىغا چۇشەن-دۇرۇپ، - بالىنى ئاپايمەن دەپ بېچارە موماي قىيما - جىيما بولۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، - جامىخان ھەدەم ھارۋۇدا داراس تارتىپ ياتقان مومايىنىڭ يېنىغا ژۈگرەپ باردىدە، يۈزىگە سىنچىلاپ قاراپ:

- ۋاي ئۇلدۇمەي، بۇ خاسىيەتخان ھەدەملەرنىڭ ئۆيىگە شەھەردىن چىققان مېھ-مانغۇ! - دەپ ۋاقىراۋەتتى. شۇندىلا بۇ ۋاقىئەنىڭ مەنىسگە يەتكەن كىشىلەر «ئانا دېگەنگە يات يوقتە، ھەي، ئانا دېگەن...» دەپ ئېغىر تىنىشتى.

# نۇرانىيە قەمبە روۋا



نۇرانىيە قەمبەروۋا 1942 ـ ژىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1955 ـ ژىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆزبەكىستانغا كۆچۈپ چىقىپ، ئەنجان شەھىرىدە ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، تاشكەنتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژۇرنالىستىكا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا چۈشىدۇ. ئۇ بىلىم دەرگاھىنى 1966 ـ ژىلى مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، قاراقالپاقستاننىڭ نوقۇس شەھىرىدە «قاراقالپاقستان» نەشرىياتىدا ۋە باشقا خىزمەتلەردە ئىشلەيدۇ. 1992 ـ ژىلىدىن باشلاپ قىرغىزستاننىڭ بىشكېك شەھىرىدە ياشىماقتا.

نۇرانىيە 70 ـ ژىللاردىن ئېتىبارەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ھېكايە ۋە پوۋېستلىرى قاراقالپاق، ئۆزبەك، ئۇيغۇر، قىرغىز، رۇس تىللىرىدا گېزىت ـ ژۇرناللاردا داۋاملىق بېسىلىپ تۇرماقتا.

نۇرانىيە قەمبەروۋانىڭ «قالدىرغاچ» (1968)، «كەچۈر بىبىگۈل» (1972)، «گۈلنارا» (1974) قاراقالپاق تىلىدا، «باھارنى كۈتۈپ» (1973) رۇس تىلىدا، «كەچۈر رابىگۈل» (1980) ئۇيغۇر تىلىدا، «قالدىرغاچ» (1976)، «ئارشاڭ» (1997) قىرغىز تىلىدا ـ ھېكايە، پوۋېستلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان.

# قەيەردە سەن، دوستۇم؟

قولۇمدا ئونا بىر رەسىم. رەسىمدە ئوتتۇرا بويلۇق، قەددىي - قامىتى كېلىشكەن بىر قىز قوللىرىنى سوزۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. بۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم شەمشىقەمەر. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە قىز - يىگىتلەر چاۋاك چېلىۋاتىدۇ. رەسىمنىڭ ئىچىدە مەنىۋ بار. رەسىمگە قارايدىكەنمەن، سىتۇدېنتلىق يىللار كۆز ئالدىمدىن خۇددى كىنولېنتىسىدەك ئۆتمەكتە...

شەمشىقەمەرنى كۆرمىگىنىمگە يىگىرمە يىل ۋاقىت بوپتۇ. ئۇ قەيەردىكىن؟ چەت ئەللەردە يۈرۈپ، بەختلىك بولالىدىمۇ، يوق؟..

شەمشىقەمەر ئىككىمىز كىچىك ۋاقتىمىزدىن تارتىپ بىر يېزىدا، بىر مەھەللىدە چوڭ بولدۇق، بىر مەكتەپتە ئوقۇدۇق. باھار كېلىپ، تەبىئەت ئەجايىپ گۈزەللىككە چۆمگەندە، ئالما، ئۆرۈكلەر گۈللەپ، بۇلبۇللار سايرىغاندا شەمشىقەمەر ئىككىمىز بىزنىڭ باغقا كىرىپ، بۇلبۇلنىڭ سايرىشىغا قۇلاق سالىمىز. يوغان دەرەقنىڭ شاخلىرىغا ئاغامچا تاشلاپ، گۈلەڭگۈچ ئۇچىمىز. ئۆيگە كىرىپ، ھوسما قويۇپ، ئاپىلىرىمىزنىڭ ئېگىز پاشنىلىق توفلىيلىرىنى كىيىپ، ئەينەككە قاراپ، ئۇلارنى دورايمىز. چاپسانراق چوڭ بولغىمىز كېلىدۇ. شەمشىقەمەر كىچىكىدىن خۇش - چاقچاق، شوخ قىز بولۇپ ئۆستى. ئۇ ياخشى كىيىنىشنى، چىرايلىق كۆينەكلىرىنى ھەممىگە كۆز - كۆزلەك قىلىشنى ياقتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆستىگە تەرسالىقى ھەم بار. ئەگەر بىرەر نەرسە قىلماقچى بولسا، دېگىنىنى قىلغۇزماستىن قويماتتى. بەزى كۈنلىرى ئىككىمىز ئەرزىمىگەن نەرسىلەر ئۈستىدە سوقۇشۇپ قالغاندەك بولساق، شەمشىقەمەر «ئاپام ماڭا دوخاۋا كۆينەك تىكىپ بېرىدۇ، بىلدىڭمۇ!» دەپ ماختىنىپ قوياتتى. ئىككىمىزنىڭ ئۇرۇشىشىمىز ئىپەك رومالنىڭ قورىغىنچە چاپسان ئىدى.

مەكتەپنى تاماملىغىچە تالاي قېتىم ئەشۇ باغدا كېلەچىكىمىز ھەققىدە سىرلىشاتتۇق. شەمشىقەمەر شەرىق خەلق تىللىرىنى ئۆگىنىپ، ئەلچىخانىلاردا تەرجىمان بولۇپ ئىشلەشنى ئارمان قىلاتتى. بىز مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىدا ئوقۇش ئۈچۈن تاشكەنتكە باردۇق. شەمشىقەمەر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ شەرىق تىللىرى فاكۇلتېتىغا چۈشمەكچى بولۇۋېدى، يولى

بولمىدى. ئىككىمىز فىلولوگىيە فاكۇلتېتىغا ھۆججەتلىرىمىزنى تاپشۇرۇپ، ئىمتىھانلاردىن مۇۋاپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، ستۇدېنت بولدۇق.

دوستۇم ئىككىمىز بىر ياتاقخانىدا ياشايمىز. سېمىنارلارغا بىللە تەييارلىنىمىز. بوش ۋاقىتلىرىمىزدا كىنو - تېئاتىرلارغا بارىمىز. شەمشىقەمەر كۈندىن - كۈنگە گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددىي - قامىتى، بولاقتەك كۆزلىرى بىلەن يېقىملىق ئاۋازى ھەرقانداق ژىگىتنىڭ ژۈرىگىگە ئوت ياقاتتى.

بىر كۈنى سېمىنارغا تەييارلىنىش ئۈچۈن قىرائەتخانىغا باردىم. بوش ئورۇن قالماپتۇ. ھەممە ئىمتىھانلارغا تەييارلىنىۋېتىپتۇ. قىرائەتخانىچى قىزدىن ئالغان كىتاپلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىپ قايتماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا، قۇلىقىمغا بىرسىنىڭ ئاستا پىچىرلاپ: «مېنىڭ يېنىمدا بوش ئورۇن بار» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. ئارقامغا قارىسام، مەن تونۇمايدىغان ژىگىت. رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتاردىم.

ئوقۇش، يېزىش بىلەن بولۇپ كەچ كىرىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەپتىمەن. قايتماقچى بولۇپ ئورنىمدىن تۇردۇم. كوچىغا چىقتىم. ئەتراپ قاپ - قاراڭغۇ. ئاۋتوبۇس بېكىتىگە كەلسەم، ھېچ كىم يوق. ئاۋتوبۇس يېڭىراقتىلا كەتكەن ئوخشايدۇ. بىر ۋاقىت كوچىنىڭ بېشىدا بىر ماشىنە پەيدا بولدى. ھاي قىلماي ماشىنە مېنىڭ يېنىمدا پەيدا بولدىدە، چاقماق تېزلىگىدە ئۆتۈ كەتتى. مەن نېمە بولغىنىنى خېلىغىچە بىلەلمەي قالدىم. بىركەمدە ھوشۇمغا كېلىپ، كۆزۈمنى ئاچسام ئېرىقتا يېتىپتىمەن. ئورنىمدىن تۇراي دېسەم، بىر پۇتۇم شىقىراپ ئاغرىپ كەتتى. شۇ پەيت يېنىمدا بىرسى پەيدا بولدى. ئۇ مېنىڭ تۇرۇشىمغا ياردەملەشتى ۋە مېنى قولتۇقلاپ بەلدىڭگە ئولتارغۇزدى.

- نېمە بولدىڭىز؟ - دەپ سورىدى ئۇ. قارىسام تېخى ھازىرلا قىرائەتخانىدا بىللە ئولتىرىپ، دەرس تەييارلىغان ژىگىت.

- ماشىنە قېقىپ كەتتى،- دېدىم ئارانلا.

- ئىنساپسىزلار، بىگۇنا ئادەمنى ماشىنىسىدا ئۇرۇۋېتىپ، قېچىپ كەتكىنىنى قاراڭلا،- دېدى ئۇ ژىگىت تىزىمدىن ئېقىۋاتقان قاننى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ.

- تەگمەڭ!- دېدىم ژىگىتتىن ئىزا تارتىپ.

– «تېز ياردەم» چاقىرايمۇ؟ – دەپ سورىدى.

– كېرەك ئەمەس!..

شۇ ئارىدا ئاۋتوبۇس كېلىپ قالدى. ژىگىت مېنى ئاۋايلاپ ئاۋتوبۇسقا ئېلىپ چىقتى.

– قايسى تەرەپتە تۇرىسىز؟ – دەپ سورىدى ئۇ.

– ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ياتاقخانىسىدا، – دېدىم.

– مانا قىزىق! مەنمۇ ياتاقخانىدا تۇرىمەن. ئىككىمىزنىڭ يولىمىزمۇ بىر ئىكەن، – دەپ ژىگىت ماڭا كۈلۈمسىرەپ باقتى...

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرىنچى كۇرسىنى تاماملاپ، شەمشىقەمەر ئىككىمىز تەتىلدە يېزىمىزغا كەلدۇق. سېغىنغان دوستلار بىلەن تەتىلنى كۆڭۈللۈك ئۆتكەزدۇق. تاشكەنت توغرىلىق پاراڭلار بولغاندا، مېنى ماشىنە قېقىپ كەتكەندە ياردەمگە كەلگەن ژىگىت كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەي تۇراتتى. قىزىق، مەن ئۇ ژىگىتنىڭ ھەتتا ئىسمىنىمۇ سورىماپتىمەن.

يېڭى ئوقۇش يىلى باشلاندى. مانا ئەندى بىز ئىككىنچى كۇرس ستۇدېنتى بولدۇق. بىرىنچى ئوقۇش كۈنى شەمشىقەمەر ئىككىمىز ئاۋدىتورىيەگە خېلە ئەتىگەن كەلدۇق. بىراق – ئۇ يەردە بىزدىن بۇرۇنىراق كەلگەنلەرمۇ بار ئىكەن. شەمشىقەمەر ئىككىمىز ئىشىكنى ئېچىپلا:

– بىز باشقا ئاۋدىتورىيەگە كىرىپ قالمىغاندىمىز؟ – دېدى ئالدىنقى پارتىدا ئولتارغان ژىگىتكە قاراپ.

– ياق، ياق، – دەپ ئۇ ژىگىت ئورنىدىن تۇردى، – ياخشىمۇسىلەر قىزلار! – ئېمىشكىدۇر مېنىڭ ژۈرىگىم «جىغلا» قىلىپ قالغاندەك بولۇپ، يۈزلىرىمگە ھۆپپىدە ئوت تۇتۇشقاندەك سېزىلدى. ژىگىت ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە:

– ئايىغىڭىز ياخشى بولۇپ كەتتىمۇ؟ – دەپ سورىدى.

– رەخمەت، ياخشى بولۇپ قالدى، – دېگەن سۆزنى ئارانلا ئېيتتىم.

– ۋاي، بۇنى قاراڭلار! سەن بۇ ژىگىتنى تونۇيدىغان ئوخشىمامسەن؟.. ساڭا نېمە بولدى، سۆز قىلمايسەنغۇ ياكى پاك بولۇپ قالدىڭمۇ؟..

مەن راستىنلا پاك بولۇپ قالغاندەك شەمشىقەمەرنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاپ قاي-

تورماي تورۇپ قاپتىمەن. ژىگىتكە پات ـ پاتلا قاراپ قويىمەن. قانداقتۇ بىر خو-شاللىق سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىمنى ئېگىلەپ ئالغاندەك.

ئۇ سىرلىق ژىگىتنىڭ ئىسمى ئەزىز ئېكەن. بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزغا تارىخ فاكولتېتىدىن يۆتكىلىپتۇ. بۇنى شەمشىقەمەر شۇ زامانلا سوراپ بىلىۋالدى.

ئەزىز گۇرۇپپىمىزغا كەلگەندىن كېيىن پەقەتلا مەن ئەمەس، باشقا قىزلارمۇ ئۇنىڭغا پات ـ پاتلا قاراپ، ئۇزۇن ئارا پىچىرلىشىپ قوياتتى. ئەزىز بولسا هېچ كىمگە قايرىلىپ باقماتتى. شوق قىزلار «ئەزىزنىڭ خوتىنى بار ئوخشايدۇ، هېچ كىمگە قارىمايدىغۇ» دەپ كۈلۈشەتتى.

بىر كۈنى ئەزىز مېنى كىنوغا بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئويلاپ تور-ماستىنلا رازى بوپتىمەن. قىزىق، نېمىگە ئۇنداق قىلدىم، ھە؟ چۈنكى ئۆم-رۈمدە بىرىنچى قېتىم ژىگىت مېنى كىنوغا تەكلىپ قىلغان ئېدى، شۇ-نىڭغا بېشىم گاڭگىراپ قالغان ئوخشايدۇ...

ئارىدىن يەنە بىر ژىل ئۆتتى. سىنتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ستۇدېنتلارنى پاختا تېرىمىغا ئېلىپ چىقتى. بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزنى كولخوز مەكتە-ۋىگە جايلاشتۇردى. ئەزىز بۇ يەرگە كەلگەن كۈندىن تارتىپ ئاشپەز بولىۋالدى. شەمشىقەمەر ئەزىزنى كۆرگىنىدە گەپكە سالماقچى بولىدۇ ئەزىز بولسا ئۇنىڭ سوئاللىرىغا قىسقىلا جاۋاپ بېرىپ، كېتىپ قالاتتى.

ـ مۇشۇ ئەزىز ئەجايىپ قىزىق. ئادەم بىلەن ئۇچۇق ـ يورۇق سۆزلە-كسى كەلمەيدۇ. ياكى راستىنلا خوتۇنى بارمىكىنتاڭ؟ ـ دەتتى شەمشىقەمەر كۆزلىرىنى سۈزۈپ قاراپ. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئەزىزنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغاندەك پات ـ پاتلا بىر بانە تېپىپ ، ئەزىزنىڭ يېنىغا بېرىپ تورىۋالىدۇ. تۇۋۋا، هايات دېگەن، ياشلىق دېگەن ئەجايىپ نەرسە ئېكەنغۇ! ئىككى دوست بىر ژىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالساق؟ ئۇ مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن ئەزىزنى قىزغىنىمىز. ئەزىز چۇ؟ ئۇ كىمنى ياخشى كۆرىدېكىن؟!

بىر ئاخشىمى يېرىم كېچە ۋاقتىدا شەمشىقەمەر مېنى ئويغىتىپ:

ـ دىلەپرۇز، جورگىنە تالاغا چىقىپ كېلەيلى ئويقۇم كەلمەيۋاتىدۇ.ـ دېدى. ئىسسىق ئورنۇمدىن تورغۇم كەلمىسىمۇ دوستۇمنىڭ سۆزىنى يەرگە تاشلىماي، تالاغا چىقتىم. ئاينىڭ شولىسى ئەتراپىنى سۈتتەك

يورۇتۇپ تۇرىدۇ. يېزا ئۆستەڭلىرىنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ ھاۋشۇغان ئاۋاز-لىرىنى دېمىسە، ئەتراپ جىم - جىت. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار «چىم - چىم» قىلىپ كۆزىنى قىسىپ، بىز بىلەن مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئويناۋاتقاندەك. بىز ئېرىق بويىغا بېرىپ ئولتاردۇق. ئېرىقتىكى سۇ «شىلدىر - شىلدىر» قىلىپ ئېقىۋاتىدۇ.

- بىر ژىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سېنىڭدىن باشقا يېقىن دوستۇم يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا سىرىمنى ئېيتىۋاتىمەن، - دېدى شەمشە-قەمەر ئېرىقتىكى سۇدا يۈزىني ژۇيىۋېتىپ.

- كىمنى؟- دەپ سورىدىم ئالادىكە بولۇپ.

- ....

- ئۇ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟

- بىلمەيمەن.

- ئۆزى بىلەن سۆزلەشتىڭمۇ؟

شەمشىقەمەر بىردىن مېنى قاتتىق قۇچاقلاۋالدى. مېنىڭدە قىزغىنىش ھېزىمى پەيدا بولدى. ژۈرىگىمنىڭ بىر يېرى «چىم» قىلغاندەك ۋولدى. چۈنكى گەپ كىمنىڭ ئۈستىدە كېتىپ بارغانلىقىنى سەزدىم...

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى ياتاقتىكىلەر كىنوغا كېتىشتى. مېنىڭ بارغۇم كەلمىدى. شەمشىقەمەر ماڭا ئاچچىقلىنىپ قىزلار بىلەن كەتتى. ياتاقخانىدا يالغۇز قېلىپ، كىتاپ ئوقۇدۇم. بىر ۋاقىتتا ئىشىك تاقىلدىدى.

- كىم ئۇ؟ - دەپ سورىدىم، ئورنىمدىن تورۇشقا ئېرىنىپ.- ئىشىك ئوچۇق، دېدىم.

- بۇ مەن ! - دېدى ئەزىز ئىشىكنى ئېچىپ، - مۇمكىنمۇ كىرسەم؟- ئۇ ئىچكىرى كىرىپ شەمشىقەمەرنىڭ كارۋىتىغا ئولتاردى. مېنىڭ ئىككى مەڭزىم ئوتتەك لاۋۇلداپ يېنىپ كەتتى.

- يالغۇز قاپسىزغۇ، كىنوغا بارمىدىڭىزمۇ؟- سورىدى.

- بارغۇم كەلمىدى، - دېدىم. ئىككىمىز بىر دەم جىم - جىت ئولتاردۇق. ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشقا ئىزا تارتىمەن. ژۈرۈگىمنى ئاللىقانداق تاتلىق بىر سېزىم ئوراپ ئالدى. پېشانەمدىن تەر چىقىپ، قوللۇرۇمنى نەگە يوشۇرۇشنى بىلمەيمەن.

- دىلەپرۇز، - دېدى ئۇ ئاستا، پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ، - مەن كۆپتىن بۇيان

سىزگە ئىپتىماقچى بولۇپ ژۈرەتتىم. قولاي پەيت تاپالمىدىم....
مەن ئۇنىڭ ئىپتىماقچى بولغان سوزىنى چاپسانىراق دېسكەن، دەپ ئالدىرايمەن.
ژۈرىگىم «دۈرس - دۈرس» قىلىپ ئۇرىدۇ.
- مېنىڭ يالغۇز ئانام، ئىككى سىڭلىم بار. ئاپام بولسا قېرىپ قالدى،
ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغرىقچان. كېلىن چۈشۈرۈپ توي قىلايلىق، نەۋرە
كورەي دەيدۇ. ماڭا ئۇزەڭ خالىغان قىزنى ئال دەيدۇ. مەن سىزنى
تاللىدىم،- دېدى ئۇ. كۈتۈلمىگەندە ۋاقىئەنىڭ بۇنداق بولىدىغانلىغى
ئۇخلاپ چۈشۈمگە كىرمىگنى ئۈچۈن گاڭگىراپ قالدىم. تىلىمغا ھېچ
سوز كەلمەيدۇ. «ياق» دېسەم مەندىن باشقا قىزلار يوقمۇ، شەمشىقەمەر
بولسا ئۇنىڭ ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىپ كېتىۋاتىدىغۇ. ئەزىز ماڭا قاراپ
جىم ئولتىرىدۇ. ئارىدىكى جىم - جىتلىقنى ژىراقتىن كۇلۇشۇپ كېلىۋات-
قان قىزلارنىڭ ئاۋازى بۇلىۋەتتى.
جاۋاپنى كۈتىمەن! - دەپ ئەزىز چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ياتاق-
خانىغا بىرىنچى بولۇپ شەمشىقەمەر كىرىپ كەلدىدە:
- مەن، نېمىشكە كىنوغا بارمىدىكىن دېسەم، ئەزىز بىلەن يالغۇز قېلىش
ئۈچۈن ئەتەيلەپ شۇنداق قىپسەندە، ھەييار! - دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى
مېنىڭ نومۇسىمغا قاتتىق تەگدى.
- شەمشىقەمەر ،- دېدىم گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي،
- يەنە ساڭا نېمە كېرەك ؟- دېدى ئۇ ماڭا قارىغىسى كەلمەي .
- نېمىشكە ماڭا خاپا بولىسەن؟
- مەن سېنى دوست دەپ ژۈرسەم، سەن بولساڭ، مەندىن ھەممە سىرىڭنى يوشۇرۇپ
ژۈرسەن...
- قانداق سىر، نېمە داۋاتىسەن؟ - ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتىم.
- قويساڭچۇ ئەندى، بىلىپ تۇرۇپ ئۇزەڭنى گوللىقتا سالىسەن. ئەزىزنى مەندىن
ئەتەيلەپ تارتىپ ئالماقچى بوپسەندە، مەن بولسام ھەممە سىرىمنى ساڭا
ئېيتتىم. دوستلۇق دېگەن موشۇمۇ؟،
- ئۇنى مەن سېنىڭدىن تارتىپ ئالغىنىم يوق. ئەگەر ئۇ سېنى ياخشى كورسە،

مېنىڭ چاتىغىم نېمە! - دېدىم.

- مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، چۈشەندىڭمۇ؟ سەن بىزنىڭ يولىمىزغا توسقۇنلۇق قىلما. ئۇ مېنىڭ بىلەن بەختلىك بولىدۇ، ھېچ نەرسىدىن كامچىللىق كۆرمەيدۇ.

- سېنى ياخشى كۆرمىسىچۇ، بۇنىڭغا ئىشىنەلىشىمۇ؟

مېنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى بىلىمەن، بىراق سەن بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە پۇتلىشىپ - كاشىلا بولىۋاتىسەن.- كۆزلىرى ياشقا تولغان شەمشىقەمەر ئۆزىنى تەھىگە ئېتىپ، دۇم ئېتىۋالدى.

مەن ئەزىزنىڭ ياتاقخانىسىغا كىردىم. ئۇ ئۇدىيالغا ئورۇنۇۋېلىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتارغان ئىكەن.

- ئەزىز،- دېدىم ئالدىراپ،- سىزدە ئىشىم بار ئىدى.

- ماقۇل،- دەپ ئۇ ئورنىدىن توردى .ئىككىمىز سىرتقا چىقتۇق.

- ئەزىز، شەمشىقەمەر سىزنى ياخشى كۆرىدىكەن،- دېدىم تامدىن تاراش چۈشكەندەكلا، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي.

- بىلىمەن، - دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، - ئاخىر بىر ژۇرەككە ئىككى مۇھەببەت سىغمايدىغۇ؟ مەن پەقەت سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سۆيىمەن!- ئۇ قولىمنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى. چۈچۈپ كەتتىم. بىراق قولىمنى تارتىپ ئالغىنىم يوق. ژۈرىگىمنى خوشاللىق سېزىمى چۇلغاۋالدى. - قاچان جاۋاب بېرىسىز؟- دەپ مېنى بېلىمدىن ئاستا قۇچاقلاۋالدى. كېيىكتەك بىر سەكرەپ، ئۇنىڭ قۇچىغىدىن چىقىپ كەتتىم. ئەزىزنىڭ تېنى تەككەن بەدىنىم خۇددى ئوتتەك يېنىپ كەتكەندەك بولدى.

- نېمىشكە مەندىن قاچىسىز؟ - دېدى ئۇ،- شەھەرگە بارغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىمەن،

مەن ئاڭلىسا - ئاڭلانماس «مەيلى» - دېدىم. ئىشىق - مۇھەببەت ئەجايىپ بىر كۈچ ئىكەن، ئادەمنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىدۇ. خوشاللىقتىن مەس ئادەمدەك بېشىم گاڭگىراپ،شەمشىقەمەرنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن...

يېڭى ژىلدا ئەزىز ئىككىمىزنىڭ تويىمىز بولدى. شەمشىقەمەرنى پەقەت لېكسىيەلەردىلا كۆرىمەن. ئۇ ناھايىتى ئۆزگىرىپ كەتتى. ھېچ كىم بىلەن ئىشى يوق. ئەزىز ئىككىمىزنى كۆرگەندە تەتۇر قاراۋالىدۇ. ھەتتا بىزنىڭ تويىمىزغىمۇ

كەلگىنى يوق. كۆپەرەك ۋاقىتنى ئۇنىۋېرستېتنىكى چەت ئەل ستۇدېنتلىرى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. بىر قېتىم ئەرەب ژىگىتىنى قولتۇقلاپ، يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى.

بۇ ئارىدا سېمىنار، ئىمتىھانلار باشلىنىپ كەتتى. بىر كۈنى لېكسىيە باشلىنىشتىن ئالدىن ئۆزبەك ئەدەبىياتىدىن مېنى چاقىرىپ:

ـ سىزنى شەمشىقەمەرنىڭ يېقىن دوستى دەپ ئاڭلىدىم،ـ دەپ سورىدى.

«ھە» دەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدىم. كۆڭلۈم بىر يامانلىقنى سەزگەندەك بولدى.

ـ سىلەرنى ئاتا ـ ئانىڭلار قانچە ئۈمۈت بىلەن ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ. سىلەرنىڭ ئوقىشىنى تىنىچ ـ ئامان پۈتتۈرۈپ، ئۆيگە كېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىپ كۈتىدۇ ـ دېدى بىردەم ئويلىنىپ ـ شەمشىقەمەر كۆپۈنچە چەت ئەللىك ستۇدېنتلار بىلەن بىللە ژۈرىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ قىز بالا ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. بىز شەمشىقەمەرنى ئاياللار كومىتېتىغا چاقىرىپ سۆزلىشىشمىز مۇمكىن ئېدى. بىراق سىز يېقىن دوستى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، تەرتىپكە چاقىرىپ قويۇڭ! ـ دېدى.

مەن شەمشىقەمەر بىلەن سۆزلىشىش يوللىرىنى ئىزدىدىم. دەرىس ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا پات ـ پاتلا قاراپ قويىمەن. ئۇنىڭ بولسا ھېچ كىم بىلەن كارى يوق. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا سائاتىغا قاراپ قويىدۇ. دەرىس تۈگىشى بىلەن بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. بۇ كۈنىمۇ شۇنداق بولدى. مەن ئەزىزگە:«سىز ئۆيگە بېرىپ تۇرۇڭ، مېنىڭ ئازراق ئىشلىرىم بار ئېدى» دەپ شەمشىقەمەرنى ئىزدەپ ياتاقخانىغا باردىم. شەمشىقەمەر ياتاقخانىدا يوق. ھازىر كېلىپ قالار، بىرزامان كېلىپ قالار بىلەن راسسا ئۈچ سائات كۈتتۈم. بىر چاغدا ئۇ كەلدى. ئۇنى ئىككى ئەرەب ژىگىتى ئۇزۇتۇپ كەلدى.

ـ شەمشىقەمەر! ـ دەپ چاقىردىم. ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدىدە:

ـ ھە، مېنىڭدە ئىشىڭ بارمىدى؟ـ دېدى ئۇ چىرايىنى ئاچماي، ـ نېمە دېمەكچىسەن؟ ياكى ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەكچى بولۇپ كەلدىڭمۇ؟ بىرسى ئەۋەتتىمۇ؟

ـ ھېچ كىم ئەۋەتكىنى يوق، ـ دېدىم مەن،ـ ئىككىمىز دوست ئېدۇققۇ

نېمشكە ماڭا ئەتور قاراپ ژۈرسەن؟ـ شەمشىقەمەر جىم بولۇپ قالدى. بىر چاغدا بېشىنى كۆتىرىپ، كۆزلىرىمگە تىك باقتىدە، شۇنداق دېدى:

ـ نېمە مەخسەتتە كەلگىنىڭنى بىلىمەن. بىر قېتىم بەختىمگە توسقۇنلۇق قىلدىڭ، ئىككىنچى قېتىم ئۇنداققا يول قويمايمەن! ئەگەر بىلگىڭ كەلسە ئەرەبىستاندىن كەلگەن ئەخمەتكە تورمۇشقا چىقىمەن!...

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا بېشىمغا تاش چۈشكەندەك قورقۇپ كەتتىم.

ـ نېمە دەۋاتىسەن، ھوشۇڭنى يوقىتىپ قويدىڭمۇ؟ چەت ئەللىك ژىگىتكە تېگىپ، ئۆز يۇرتىڭنى تاشلاپ كېتەمسەن؟

ـ سامولېيۇتتا ئۇچۇپ كېلىپ تۇرىمىز! ـ دېدى دوستۇم پەرۋاسىزلىق بىلەن.

ـ ئاتا ـ ئاناڭ چۇ؟

ـ بەربىر تورمۇشقا چىقىشىم كېرەك ئەمەسمۇ. ئاتا ـ ئانامنىڭ بېشىغا ياستۇق بولاتتىممۇ؟

ـ ياستۇققۇ بولمايسەن، بىراق چەت ئەلگە قانداق قىلىپ ئاتا ـ ئاناڭنى تاشلاپ كېتىسەن؟ ئۇلار سېنى قانچىلىك ئارزۇ ـ ئۈمۈتلەر بىلەن چوڭ قىلغان ئەمەسمۇ؟،

ـ سېنىڭ ئىشىڭ بولمىسۇن!ـ ئۇ گەپ تامام دېگەندەك شۇنداق دېدى...

تورتىنچى كۇرسنىڭ ئاخىردا ھەممىمىز ئۈچ ئايلىق تەجرىبىگە ماڭدۇق.مەن ھامىلدار بولغانلىقىم ئۈچۈن قېيىنانامنىڭ يېنىدا، چورچىقتىكى بىر مەكتەپتە بولدۇم. بىر كۈنى قېيىنانام كوچىدىن كىردىدە:

ـ سىزنى بىر قىز ئىزدەپ كەپتۇ، ـ دېدى .كوچىغا چىقتىم. قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەيكى، ئىشىك تۈۋىدە شەمشىقەمەر تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدا بىر دەستە گۈل. يېنىدا تونۇش ئەمەس بىر ژىگىت.

ـ تەبرىكلەيمەن ـ ئۇ مېنى قۇچاقلاپ،ـ بۇ ئەخمەت! مەن ئەخمەتكە تورمۇشقا چىقىمەن. دىپلوم ئالغاندىن كېيىن ئەرەبىستانغا كېتىمىز!...

مەن ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم.

ـ ئاۋارى بولمىغىن، بىز ھازىر كېتىمىز. تويىمىزغا تەكلىپ قىلىپ كەلدۇق. ئەلـ ۋەتتە كەلگىن، ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دېدى.

شەمشىقەمەرنىڭ تويى ياشلار كافېسىدا ئۆتتى. تويغا بىزنىڭ گرۇپپىمىزـ

دىن ھېچ كىم قاتناشقىنى يوق. توي ناھايىتى كۆڭۈلسىز ئۆتتى. تويدا شەمشىقەمەرنىڭ ئانىسى كۆز ياشلىرىنى دەريادەك ئاققۇزۇپ يىغلاتتى،مېنى قۇچاقلاپ:

— جېنىم قىزىم، شەمشىقەمەرگە ئۆز يۇرتىدىن لايىق چىقماپتىمۇ؟ ئەندى ئۇنى كۆرمىسەم كېرەك،— دەپ يىغلاتتى. پەيت تېپىپ شەمشىقەمەرنىڭ يېنىغا كەلدىم.

— دوستۇم ،— دېدىم مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، — نېمە قىلىپ قويدۇڭ؟ ئۆز يۇرتىڭنى، دوستلىرىڭنى، ئاتا — ئاناڭنى تاشلاپ قانداق كېتىسەن؟ «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتىڭدا ئۇلتان بول» دەيدۇ خەلقىمىز. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەن ئادەمنىڭ بەختلىك بولغىنىنى كۆردىڭمۇ؟...

شەمشىقەمەر ئۈنچىقماستىن بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ جىم ئولتاردى. مەن بولسام ئەڭ قەدىرلىك ئەرسەمدىن — دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم. مەن ئۇنى باشقا كۆرمىدىم...

ئەتتەڭ، دوستۇم شەمشىقەمەر، ئۆز يۇرتىڭنى تاشلاپ نېمىشكە كەتتىڭ! كىم بىلىدۇ، ھازىر تۇرمۇشۇڭ قانداق؟ ئىش قىلىپ بەختلىك بولغىن! قەيەردە سەن دوستۇم. شەمشىقەمەر؟!

1993ـيىل. ماي

# كېيىنكى پۇشايمان...

(ھېكايە)

«— ھاۋا رايىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەۋى بىلەن فرۇنزې — تاشكەنت ساموليوتنىڭ ئۇچىشى ئىككى سائەتكە كېيىن قالدۇرۇلدى» دەپ، رادىئودىن ئېلان قىلدى. يولۇۋچىلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى «ئېنىقلاش بيۇروسىدىن» قاچان ساموليوت ئۇچىدۇ دەپ سوراپ، ھېچ تىنىم بەرمەتتى. ئاق چاچلىق بىر ئايال بىردەم زالنىڭ ئۇ يېقىغا، بىردەم بۇ يېقىغا، خوددى سائەتنىڭ ماياتنىگدەك مېڭىپ، نېمشكە ساموليوت ئۇچمايدۇ؟ دەپ، ئائېروپورتتىكى خىزمەتچى ئاياللارغا قولىدىكى تېلېگراممىنى كۆرسىتىپ، سەۋەپ كۆرسىتىدۇ. ئايالنىڭ كۆزلىرى قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز ۋاقىئەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن بوش تۇرغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتاردى. سومكىسىنى يەرگە قويۇپ، يېنىدا ئولتارغان كۆز ئەينەكلىك كىشىگە:

— ئوغلۇم، خىزمەت بولمىسۇن، تاشكەنتكە كېتىدىغان ساموليوت بارمىكىن،بىلەلمىگىزچۇ، پۇتۇم ئاغرىپ تۇرىدۇ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى پەس ئاۋاز بىلەن.

— خوپ! — دېدى كۆز ئەينەكلىك كىشى. ئايال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەستىن قاراپ ئولتۇرۇپ، بەزى — بەزىدە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قوياتتى.

— تاشكەنتتىن ھېلى ساموليوت ئۇچمىغان ئېكەن. بىر ئازدىن كېيىن رادىئودىن خەۋەر بېرىمىز دەيدۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ھەي خۇدايىم، ئەندى نېمە قىلىمەن؟! قۇش بولۇپ ئۇچىشقا كاشكى قانىتىم بولسا؟— كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى قول ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ قويدى.

— بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردىمۇ، ھەدە؟— دەپ سورىدى كۆز ئەينەكلىك كىشى. ئايال ئۇن چىقماستىن يانچۇغىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. بۇ تېلېگرامما ئېكەن... «قىزىڭىز گۈلباھار ۋاپات بولدى. چاپسان يېتىپ كېلىڭ. مەھەممەت» دەپ يېزىلغان. كۆز ئەينەكلىك كىشى تېلېگراممىنى ئاستا پۈكلەپ ئايالغا بەردى. نېمىنى دېيىشنى

بىلمەستىن، بىر دەم ئۇن چىقماستىن تۇلتاردى.
- قىزىڭىزمۇ، ھەدە؟- دەپ سورىدى ئۇ كېيىن.
- قىزىم ئېدى، ئوغلۇم. يالغۇز قىزىم! سىزگە نېمە دېسەم بولىدىكىن؟
شۇ قىزىمنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمىگە ئۆزەم سەۋەپ بولدۇم. قېنى ئەندى گۈل-باھارىم تىرىلىپ كەلسە، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىگە تويۇپ - تويۇپ بىر قاراۋالسام.
بېچارە قىزىم يۈرەك ئاغرىغىدىن ۋاقىتسىز كۆز ژۇمدى.
- ئاۋالمۇ يۈرىگى ئاغراتتىمۇ؟
- ئۆيدە ژۈرگىنىدە ئۇنىڭ ژۈرىگىنىڭ ئاغرىغىنىنى سەزمىگەندىم. مېنىڭ تاش ژۈرەكلىگىم، ئۇنىڭ بۇ ئاغرىققا دۇچار بولغىنىنى قەيەردىن بىلەي؟قانچىلىك پۇشايمان قىلغىنىم بىلەن پايدىسى يوق. قىزىم رەھمەتلىك تىرىلىپكەلمەيدۇ ئەندى.
- نېمىشكە ئەندى ئۆزىڭىزنى قىزىڭىز ئالدىدا گۇناكار قىلىسىز، ھەدە؟
نېمە گۇنايىڭىز بار؟
- بۇنىڭ تارىخى ئۇزاق، بالام... مەن ناخماق شۇ بېچارە قىزىمنى تىرىك يەرگە كۆمگەندەكمەن، ئايال يەنە بىر ئاز ژىغلاۋالدى. نۇرسىز كۆزلىرى قىزىرىپ، تىترەك قوللىرى بىلەن سۆمكىسىنى ئاختۇردى، بىر ئازدىن كېيىن:
- مانا، مېنىڭ گۈلباھارىم،- دەپ سۈرىتىنى كۆز ئەينەكلىك كىشىگە سۇندى.
سۈرەتتە چىرايلىق بىر قىز كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.
- قويۇڭ، ھەدە. ئۆزىڭىزنى- ئۆزىڭىز خاپا قىلماڭ. ئاچچىق ئۈستىدە شۇنداق دەيمىز. قايسى ئانا ئۆز بالىسىغا قەست قىلىدۇ؟
- رەھمەتلىك قىزىمنىڭ ئىككى بالىسى قالدى. شۇ باللىرىنى بېقىپ ئۆستۈرسەم، ئارمىنىم يوق ئەندى مېنىڭ.
- سۆزلىرىڭىزگە ھېچ چۈشەنمىدىم.
- مەيلى سىزگە سۆزلەپ بېرەي، سەل بولسىمۇ يېنىكلەپ قالارمەن...
موماي گېپىنى باشلىدى:
- بۇنىڭدىن بەش ژىل ئىلگىرى قىزىم ئىنىستىتۇتنىڭ ئاخىرقى كۇرسىدا ئوقۇۋاتاتتى. بىر كۈنى ئىنىستىتۇتتىن كەچ قايتىپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى سەزمىگەچكە:
- بۇ نېمە قىلىق؟ نېمىشكە كەچ قالدىڭ؟- دەپ بىر ئاز خاپا بولدۇم.

- ئاپا، - دېدى قىزىم، - شۇ كۈنى بىرىنچى قېتىم كۆزۈمگە تىك قاراپ، - كۆپتىن بېرى ساڭا ئېيتماقچى بولۇپ ژۈرەتتىم. بىر ژىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمەن. ئەگەر رازىلىق بەرسەڭ، شۇ ژىگىتكە تۇرمۇشقا چىقسام، - دېدى، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ.

- كىم ئۇ؟ ئاتا - ئانىسى بارمۇ؟ ئۆزى قەيەرلىك؟ - دەپ سوئالنى ئۇنىڭغا قاردەك ياغدۇردۇم.

- ئاتا - ئانىسى ياشلىغىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. ئۆزىمۇ بۇ يەرلىك ئەمەس.

- ۋاي، ئېچىلمىغان پېشانەم، نېمە دەيلىۋ بۇ؟ ئاتا - ئانىسى يوق بىر تايىنسىز دېسەڭچۇ؟ مەن سېنى شۇ ئۇمۇت بىلەن بېقىپ ئۆستەردىمما؟ سېنى ئاللىقاچان باشقا بىرسىگە ئۇناشتۇرۇپ قويغانمىز. پەقەت ئوقۇشۇڭنىڭ پۈتىشىنى كۈتۈپ تۇرىمىز. داداڭ تىرىكلىگىدە بۇ ئىش بولغان. بېچارە داداڭ گۆردە تېچ ياتسۇن. ئىككىنچى ئۇ گەپنى ئاغزىڭغا ئالما!

- ئاپا ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ياخشى ژىگىت، ئىككىمىز بەش ژىل بىللە ئوقۇدۇق.

- ياخشى كۆرىمەن، يامان كۆرىمەن بۇ نېمە دېگەن گەپ. ئاتا - ئانىسىز ئۆسكەن بىرسى بىلەن بەختلىك بولىمەن، دەپ ئويلامسەن.

- نەلۈەتتە، ئاپا. سىز چاپسان بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇرىسىز، ياكى بىز سىزنى ئېلىپ كېتىمىز.

نېمە دەيسەن، ئۆزەڭ قاياققا كەتمەكچى سەن؟

- سىزدىن هېچ نەرسىنى يوشۇرغۇم كەلمەيلۋ. مەھەممەتنىڭ ئۆيى ناۋايى دېگەن شەھەردە. تۇرمۇش قىرساق، نەلۈەتتە، شۇ ياققا كېتىشىمىز كېرەك.

- ئۆلۈگۈم بارمىسا، ئۆزەم بارمايمەن. ئەگەر مېنىڭ ئۆزۈمنى يەرگە قارىتىپ، باشقا بىرسى بىلەن كەتسەڭ، بەرگەن ئاق سۈتۈمگە رازى ئەمەسمەن. سېنى سارىخاننىڭ ئۇغلىغا بېرىمەن. گەپ شۇ!

- مەن ئۇنى بىلمەيمەن...

- كېيىن بىلىپ ئالىسەن مەنمۇ داداڭنى هوجۇر كەيپدە كۆرگەن مەن. بىر چىرايلىق ئۆمۈر سۈردۇق.

- ئاپا، ئۇ زامانلار باشقا ئىدى. هازىر باشقا.

- نېمىشكە باشقا؟ ... بىزمۇ سەندەك قىز بولغانمىز. هازىر ياخشى

كۆرمىسەڭ كېيىن ئۆگىنىپ كېتىسەن.- دېدىم گەپنى چۆرت كېسىپ. شۇ كۈنى گۈلباھار تۇن بويى ئۇخلىماي چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيدە كۆندە دېگۈدەك شۇ پاراڭ بولىدىغان بولدى. بىر كۈنى گۈلباھار تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان يىگىتنى ئۆيگە ئېلىپ كەلمەكچى بولدى. «ئۆزى ھەم قۇرسۇن، كۆزى ھەم قۇرسۇن» دەپ، ئۇنۇمىدىم شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىگە سارىخانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، تويىنى چاپسانىراق قىلايلۇق دەپ، گەپنى پىشۇرۇپ كەلدىم. لېكىن قىزىم سۆزۈمگە كىرمەي، ئۆزى ياخشى كۆرگەن بالا بىلەن كېتىپ قالدى... ئىككى يىلچە ۋاقىت ئۆتتى. قىزىم پەرزەنت كۆردى. بىر كۈنى ئېرى بىلەن كەپتۇ. بوسۇغىدىن قوغلاۋەتتىم. بىچارە قىزىم شۇ كۈنى ئېرى بىلەن شەھەردىكى مېھمانخانىلارنىڭ بىرىدە يېتىم بالىدەك قونۇپ، ئەتىسىگە مېڭىپ كېتىپتۇ. ئامما قىزىم پات - پات خەت يازاتتى. ھەر خېتىدە يۈرىكىنىڭ چاپسان - چاپسان ئاغرىيدىغانلىقىنى ئېيتىپ يازاتتى. مەن بولسام، ئۇنىڭ يازغان خېتىگە جاۋاپ يازماي، ئەۋەتكەن خەتلىرىنى يەنە قايتۇرۇپ ئۆزىگە ئەۋەتەتتىم. ئۆزەمگە ھەيرانمەن، بۇنچىلىك تاش يۈرەك بولۇشقا، بۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلىشقا مېنى نېمە مەجبۇر قىلدىكىن!...

ئەندى ئويلىسام قانداق خاتالىقىقا يول قويغان ئېكەنمەن. بىچارە قىزنى بوسۇغامغا كەلتۈرمەي، ھايداپ چىقاردىم. توۋۋا، بۇنچىلىك نېمىشكە تاش باغىر بولدىمكىن شۇ ۋاقىتلاردا. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەستىن كويۇغلىمدىن خەت كەلدى. گۈلباھارنىڭ يۈرىكى ئاغرىپ، دوختۇرخانىدا ياتقانمىش. خەتنى چالا - بۇلا ئوقۇدۇم. گۈلباھارنىڭ مېنى كەلسۇن دەپ ئويلاپ تاپقان باناسى بولسا كېرەك. دەپ، ئېتىۋار بەرمىدىم. كۈنلەر ئۆتىۋەردى. خولۇم - خوشنىلارنىڭ قىزلىرى بىلەن كويۇغللىرىنى كۆرسەم قىزغىنىش ئوتى يۈرىكىمنى كۆيدۈرىدۇ. ماڭا ئاسانمۇ قېرىغان كۈنۈمدە. قىزىمنىڭ يېنىدا بولۇشنى، ئۇنىڭ بالىلىرىنى بېقىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان.

بۇ تورمۇش دېگەن ئېغىر سودا ئىكەن! زىغلاپ ـ قاخشايمەن بۇ يەردە. ئۇ ياختىمۇ قىزىم مەندەك قايغۇرسا كېرەك؟! ئۇرۇق ـ تۇققانلارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدىم. «ئىمشكە ئۇنداق قىلىسىز. قىزىڭىزنى بىر كۆرۈپ كەلسىڭىزچۇ. ئۆزى خالاپ تەككەنگە شۇنچىلا ئەيىپلىكمۇ؟ سىز يېنىغا كۆچۈپ بېرىپ تۇرسىڭىز قىزىڭىز بىلەن كۆيۈغلىڭىز بېشىدا كۆتەرمەمدۇ سىزنى» دەپ ئېيتقان سۆزلىرىگىمۇ قۇلاق سالمىدىم... مانا ئەندى بېچارە قىزىمنىڭ بۇ دۇنيادىن كۆزى ئوچۇق كەتتى. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس!... ھەممىگە پەقەت ئۆزەم سەۋەپچىمەن، نادان ئانا؟!...

...شۇ ئارىدا: «تاشكەنتكە ئۇچىدىغان سامولىيوتقا يولۇۋچىلار چىقىرىلماقتا» دەپ، رادىودىن خەۋەر قىلىندى. بۇنى ئاڭلىغان ئايال ئورنىدىن ئۇچقاندەك تۇرۇپ، كۆز ئەينەكلىك كىشى بىلەنمۇ خوشلىشىشنى ئۇنتۇپ، ھەممىدىن ئاۋال سامولىيوتقا زۇگرەپ كەتتى... ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان كۆز ئەينەكلىك كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ:

... ئانىلار، ئانىلار! سىلەر قانچىلىك بۈيۈك ئىنسان بولساڭلارمۇ بەزىدە شۇنداق تۈزۈتۈپ بولمايدىغان خاتالىقلارغا يول قويىسىلەر؟!ـ دەپ ئويلىنىپ، خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ قولىدا مېھرىۋان ئانىسى ئۇنتۇپ قالغان گۈلباھارنىڭ كۈلۈپ تۇرغان سۈرىتى قالدى.

# خەيرىنىسا تۇردى



خەيرىنىسا تۇردى 1944- يىلى ئۇيغۇرستاننىڭ چۆچەك شەھىرىدە ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961- يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىننى تاماملاپ مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن. خەيرىنىسا تۇردى 1962- يىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستاننىڭ بىشكېك شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، 20 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت فابرىكىدا ئەمگەك قىلدى. 1993- يىلدىن باشلاپ قىرغىزستان دۆلەت تېلېۋىدېنىيە - رادىئو كومپانىيىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش رېداكسىيەسىدە مۇھەررىر بولۇپ خىزمەت ئاتقۇرماقتا.

خەيرىنىسا تۇردىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 70- يىللاردىن باشلانغان. ئۇنىڭ «شاپتۇل چېچىكى» ناملىق تۇنجا شېئىرى 1971- يىلى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن بۇيان شائىرەنىڭ شېئىرلىرى، ھېكايىلىرى «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات»، «ئارزۇ»، «پەرۋاز» گېزىت - ژۇرناللىرىدا بېسىلىپ تۇرماقتا.

1994- يىلى قىرغىز تىلىدا چىققان «ئۇمۇتۇم مېنىڭ - ئاتا يۇرت» ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بېرىلگەن. 1997- يىلى قىرغىز شائىرى مارخابايى ناماتوۋنىڭ تەرجىمىسى بىلەن «جان سىرىم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قىرغىز تىلىدا يورۇق كۆردى.

# ئەشۇ تۈن

تۈندە چۈشۈمدە كۆردۈم مەن سېنى،
شاتلىق ئىچىدە سەزدىم ئۆزەمنى.
كۆرمەسكە سېلىپ، ھە سەنچۇ مېنى،
قاچۇرۇپ كەتتىڭ گۈزەل چىھرىڭنى.

يىچىرلاتتىم مەن كەلگىن يېنىمغا،
زۇرەككە قايغۇ يولىتىپ قاچما.
بەرسەڭچۇ ئارام ياشلىق جېنىمغا،
بىلسەڭ، ئەزەلدىن مەن ساڭا تەشنا.

تىكىلدىم ئۇزاق ئارقاڭدىن سېنىڭ،
ئېھ، ماڭا بىر چاغ باقتىڭ قايرىلىپ.
چۈشۈمدە كۆردۈم، رازىمەن جېنىم،
كەتكەن بولساڭمۇ مەندىن ئايرىلىپ.

1975ـ ژىل.

# ئوغلۇمغا

دىلىمدىن سېنى سۆيۈمەن ئوغلۇم،
ئارزۇلىرىمنىڭ قانىتى ئۆزەڭ.
قولۇم يەتمىگەن پەللەم نىشانىم،
كېلەچىگىمنىڭ نامىتى ئۆزەڭ.

شۇگىلاشقا ساڭا تەشنالىق بىلەن،
ئانىلىق مېھرىدىن نۇر چاچىمەن.
ئىستىقبالىڭنى ئويلاپ دايىما،
ئۈمۈتلىرىمگە نىشىك ئاچىمەن.

سېنىڭدىن كۈتەر ئارمىنىم بىرلا،
ئانىلىق سۈتۈم ئاقلىساڭ بەختىم.
ۋەتەن، خەلقىڭگە كېرەك ئادەم بوپ،
خىزمىتىن قىلساڭ، شۇدۇر تاج تەختىم!

1982- ژىل.

# مەن ئانا

مەن ئانا، گويا دېڭىز چايقىلىپ تۇرغان،
ئۇرغۇپ قىرغاققا تاشار ھېسلىرىم.
مەن ئانا ھاياتنىڭ داۋانلىرىدا،
ئۈچمەيدۇ ئەبەدىي پارلاق ئىزلىرىم.

مەن ئانا، گوياكى چېقىلغان چاقماق،
پۈركەنگەن ژۇرىگىم قۇياش نۇرىغا.
مەن ئانا، مەن شائىر تېچلىق ئىستەيمەن،
ئۈنچىدەك تىزىلغان شېئىر مەن قورغا.

مەن ئانا، پەرزەنتىنىڭ مېھرى دۇنياسى،
خۇشامەت، ئابروينىڭ ئەمەس جارچىسى.
ئۆمرۈمنىڭ يوقالماس زەررە مەنىسى،
بېشىمغا تەگسىمۇ ياۋۇز قامچىسى.

1992- ژىل.

# قەشقەر

ھېسلىرىم ئۇچاردى، باغرىڭغا كەلدىم،
شاتلىغىم جىلۋىسى ئوينايدۇ كۆكتە.
قەشقىرىم ساڭدۇر ئىخلاسىم، ئىشقىم،
خوشاللىق ياشلىرىم پارلار كىرپىكتە.
ئېلى ھەم تارىمنىڭ دولقۇنلىرىغا،
سايرام، ئۇ باغراشنىڭ چايقىلىشىغا،
تاۋاپ قىپ كەلدىم مەن، ئەشئار پۈتكىلى،
مەخمۇت ھەم يۈسۈپنىڭ قەۋرى تېشىغا.
قەشقىرىم، قېدىمى تەۋەررۈك ماكان،
قانچىلىك ھىممەتتۇر قۇچىغىڭ ماڭا.
كۆزۈمگە سۈرۈمەن توتىيا توپاڭنى،
سەن مىراس يۇرت مەڭگۈ ئەۋلاتقا، بالامغا.

1997- يىل.

# جۇدالىق

ئانام قالغان ئانا ۋەتەنگە بېرىپ،
قەۋرىگە تاۋاپ قىپ ئېگىلدى بېشىم.
تۇيۇقسىز گاڭگىراپ بولغاندەك مېيىپ،
تۇپراققا يامغۇردەك تۆكۈلدى يېشىم.
بېشىغا قويۇلغا قەۋرى تېشىغا،
خاتىرە شېئىرىمنى ئويۇپ قالدۇردۇم.
ئۇزۇن كېچىلەردە ئېغىر ھىجراندا،
مېھرىبان ئانامنى ئويلاپ ئاھ ئۇردۇم.
ئۇنتۇلار ئېكەنغۇ ياخشى - يامانلىق،
ئۇنتۇلار ئېكەنغۇ ژۇرەكتىكى دەرت.
ئۇنتالماس ئەسلا ئانىنى تارىخ،
ئانىنىڭ مېھرى ئۇنتۇلماس ئەبەت .

1993- ژىل.

# قىز قەلبى

## (كىچىك ھېكايە)

ئانارگۈل باشقا ژىگىتكە كۆڭۈل بۆلمىدى. چۈنكى ئالىمجاننى تېخى ئۇنتۇ-غىنى يوق. ئالىمجان ھەر قېتىم يادىغا چۈشكەندە، ئانارگۈل سۆيگۈ ئوتىغا پاتىدۇ. دەرۋەقە، ئالىمجان ئانارگۈلگە سۆز ئېيتالماي، ئارمىيە سېپىگە ئاتلىنىپ كەتكەندە، قىز بىر ژىلغىچە ئۆزىدىكى ئۇمۇت ئوتىنى ئۇچەرمەي ژۈردى. ئىككىنچى ژىلغا ئۆتكەندە ئىشىق ئوتىدا ئۆرتەندى. ئانارگۈلنىڭ مۇھەببىتى غۇنچە ئېدى. غۇنچە قەلبىدە قانداق سىر بارلىغىنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ. ئانارگۈل ئالىمجاننىڭ ئەسكەردىن قايتىشىغا ئاز قالغاندا خەت يازدى. خەتتە مۇنداق مىسرالار بار ئېدى: «مېنىڭ بۇ خېتىمنى ئوقۇپ، ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن-قانسىز، بىلىمەن. سىز كەتكەندىن بېرى يادىمدىن چىقمىدىڭىز. ئالىمجان، سىزنى تاقەتسىز كۈتۈپ... ھە، راست، بايرام كۈنىڭىز بىلەن تەبرىكلەيمەن. سىزگە بەخت تىلەپ خوشنىڭىز ئانارگۈل». ئالىمجان خەتنى ئوقۇپ چىقىپ، قەلبىدە ئىشىق ھارارىتىنىڭ جۇش ئۇرغانلىغىنى ھىس قىلدى.

ئانارگۈل ئالىمجان ئەسكەرگە مېڭىش ئالدىدا تونۇردىن يېڭى سويۇپ ئالغا ئىسسىق توغاچتىن تورتىنى ياغلىققا چىگىپ، «يولدا سىزگە ھەمرا بولسۇن، دەپ، بودرۇق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭغا سۇنغانلىغىنى خومار كۆزلىرى كۆلۈمسىرەپ سىگايان قاراپ، خوشلاشقان خوشنا قىز كۆز ئالدىغا كەلدى. ژىگىت يەنە ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇستەل يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئانارگۈلگە خەت يازدى... ئاندىن بىر تال غۇنچە گۈلنى سىزدى، ئۇنىڭغا ئۇزاق سىنچىلاپ قارىدى. بۇ غۇنچە ئانارگۈلنىڭ 18 ياشلىق تېخى ئېچىلمىغان قەلبىنى ئەسلەتتى...

# پوچتا ساندۇغى

(ھېكايە)

بېشكېك ئاۋتوۋوكزالىنىڭ ماشىنا كۈتۈش بېكىتىدە يولۇۋچىلار جاي-جايلارغا بارىدىغان ئاۋتوبۇسلارنى كۈتۈپ ئولتىرىشاتتى. مەنمۇ ئەينە شۇ جايدا تاشكەنتكە بارىدىغان ئاۋتوبۇسنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. شۇ ئارىلىقتا ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، قوي كۆزلۈك، ئۈستىگە ئىلىپەر گۈللۈك شايى كۆينەك كىيگەن، بېشىغا ھال رەڭلىك نېپىز ياغلىق تاڭغان بىر جۇۋان، بىر ياشلاردىكى ئوغلىنى كۆتۈرۈپ، ئالتە ياشلار چامىسىدىكى قىزىنى يېتىلەپ، بىر قولىدا سومكا تۇتقان ھالدا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ توختاپ، تېچلىق سوراشقاندىن كېيىن، يېنىمدىكى بوش جاينى كۆرسىتىپ: «بۇ جايدا ھېچ كىم يوقمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ھېچ كىم يوق» دەپ، قولىدىكى سومكىسىنى ئېلىپ، يېنىمدا ئولتۇرۇشقا ياردەملەشتىم. ئۇ ئايال ماڭا قاراپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرىدە، ۋە ئىككى كۆزىنىڭ چاناقلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى مېنىڭدىن يوشۇرۇپ، تەتۈر قاراپ، سۈرتتى. ئۇنىڭ بېشىغا تاڭغان ھال ياغلىقى يۈزىگە ھال رەڭ بېرەتتى. مەنمۇ كۆرمەسكە سېلىپ قويدۇم. يېنىدىكى ئالتە ياشلاردىكى قىز بولسا، ئانىسىنىڭ قولىغا پىچىرلاپ، سەۋرلىك بەرمەكتە ئىدى. قولىدىكى ئاق يۈزلۈك، قوشما - قاشلىق، پاخلان ئوغلىغا قاراپ، زوقۇم كەلدى. ئۇ سەبى قەلبى بىلەن ھېچ نېمىدىن بىخەۋەر ئانىنىڭ قولىدا تەلپۈنۈپ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئايالنىڭ دىققىتىنى ئۆزەمگە قارىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن «سىز قەيەرگە ماڭدىڭىز؟»، - دەپ سورىدىم. «ئالمۇتىغا»، - دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ. «سىز ۋەتەندىن چىققانمۇ، يە يەرلىكمۇ؟»، - دەپ يەنە سورىدىم. «مەن 62- ژىلى غۇلجىدىن قېچىپ چىققان»، - دېدى ئۇ. ئاندىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمە، كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇ، سەمەرقەند ئالمىسىدەك ئاپىرىپ، چۆللەرگە تاشلايدۇ» دېگەندەك، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ، ۋەتەننى، ئەزىز ئانامنى، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمنى تاشلاپ چىققانىڭ دەردىنى تارتىۋاتىمەن»، - دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىندى. بىر

دەقىقە جىمجىتلىقتىن كېيىن، سوئالىمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم:

ـ كەچۈرسىز، ئېتىڭىز نېمە؟

ـ ئېتىم ئامانىنساخان.

ـ ئەجايىپ مەنالىق ئىسىم ئىكەن.

ـ ھەئە، دادام يازغۇچى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئېتىمنى ئامانىنساخان قويغان ئىكەن، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭدىن :

ـ بەلكىم سىزمۇ دادىڭىزغا ئوخشاش يازىدىغانسىز؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ ھەئە، ئانچە ـ مۇنچە شېئىر، ھېكايىلارنى يازىمەن. لېكىن تۇرمۇش مېنى تېخىمۇ يازغۇچى قىلىۋەتتى.

مەن يەنە قىزىقىپ، پاراڭلاشقىم كەلدى. ئامما بىرلا كۆرگەندە كەينى ـ كەينىدىن سوراشقا خىجالەت بولدۇم. ئامانىنساخان ماڭا قاراپ:

ـ ھەدە، قەلىمىڭىز بارمۇ؟ مېنىڭكى سومكامنىڭ تېگىدە قاپتۇ، ـ دېدى.

مەن دەرھال يېنىمدىكى قەلەم بىلەن قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدە پەرىشانلىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى سومكىسىنىڭ ئۈستىگە قەغەزنى قويۇپ: «بۇ مېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈم...» ـ دەپ خېتىنى باشلىدى. ئامانىنساخاننىڭ قولى بىر ئاز توختاپ قالغاندەك بولدىدە، ئاندىن ئۇزۇن ئۇتمەيلا قەلەم قەغەز ئۈستىدە قايتا يورغىلاپ كەتتى: «...كەينىمدىن ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ. كۆيىتىن بۇيان كېچىلىرى كىرپىك قاقماي، كەلگەن ئاخىرقى قارارىم شۇ بولدى. ئارزۇ ـ ھەۋەس بىلەن ژىققان بارلىق، كېرەكلىك نەرسىلىرىمنى تاشلاپ كەتتىم. ئۇگىسى بۇزۇلغان قۇشنىڭ قاناتلىرىنى قېقىپ چەككەن پەرىياتلىرىنى كۆرگەنمۇسىز؟ .ئۇيدىن كېتىش ئالدىدىكى شۇنداق ھالىتىمنى ئىككىمىز بىرلىكتە چوڭ ئارزۇ ـ ئۈمۈتلەر بىلەن ئالغان تاش ئەينەك كۆردى. ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى قوزىسىدىن ئايرىلغان قويدەك غەمكىن تۇرۇپ قالدىم. ھەئە، ئايال كىشى ئۆز ئۆيىنى تاشلاشنى قىيالمايدۇ...

...سىز دايىم «مېنى قىيالمايسەن! كېتەلمەيسەن!» دەتتىڭىز، بىلىمەن. ئەشۇ ئىشەنچ ئىلكىدە مېنىڭ ھەر قانداق جاپاغا چىدايدىغانلىقىمنى بىلەتتىڭىز. بىراق، سەۋرىڭىزمۇ چەكى بارغۇ...

ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولمىغاچقا، قۇتلۇق ئۆيۈمنى تاشلاپ كەتتىم...

ئاخىرقى ۋاقىتلاردا مەن ئائىلەمنىڭ گۈلى ئەمەس، خىزمەتكارى بولۇپ قالدىم. پەقەت مېنىڭلا سىز ئۈچۈن پەرۋانە بولۇشمدىن، سىز بەخت كېمىسىدە ئۈزەتتىڭىز. مەن بولسام، سىزگە بەخت بەرگەنلىكىم ئۈچۈن مىننەتدار بولاتتىم. بىراق، يەنىلا تەنها قالدىم. بىر جوزىدا ئولتۇرۇپ، خوشال بولىدىغان كۈنلەر سىز ئۈچۈن تالادا تۈگەيدىغان بولدى. ئارىمىزدا مۇھەببەت يوق ئېدى دېيەلمەيمەن. دەسلەپ قولىڭىز يەتمەيدىغان ئاسماندىكى يۇلتۇزىڭىز ئېدىم. ئەشۇ يۇلتۇزلار ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، قار- بورانغا قارىماي، سائەتلاپ ساقلاپ، ھەتتا توڭغۇلغان ۋەتەن، ئەزىز ئانام، مېھرىۋان قېرىنداشلىرىمنى تاشلاپ، سىز بىلەن سوۋېتكە چىقىپ كېتىشىمگىمۇ سەۋەبچى بولغان ئېدىڭىز. ياشلىق دەۋر ئىنسان ھاياتىنىڭ تەكرارلانماس باھارى. مەن بولسام قەلب باھارىڭىزغا ھۆسىن قوشقان گۈل ئېدىم. ئاققۇدەك بىر- بىرىمىزدىن ئايرىلماي ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلغان ئېدۇق... ھەممىگە كېيىن چۈشەندىم. ئۆتمۈش تارىخىمىز داستانىنى ۋاراقلىسام، ياشلىقنىڭ ئالدامچى ھىس تۇيغۇلىرىغا ئورۇلۇپ قېلىپ، ھايات دېڭىزى تېگىدە ياتقان سىرلارنى بىلمىگەن ئېكەنمىز.

يادىڭىزدىمۇ؟ ئاخىرقى كۈنلەردە مەن يەڭگەمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ كېلىمەن دەپ ۋىسام، شۇ كۈنى مېنى ئۆيدە قونمايدۇ دەپ ئويلاپ، كېچىسى بۆزۈق ۋتونلارنى ئۆيگە باشلاپ كېلىپ، دەرۋازىنى ئاچقىنىڭىزدا، مېنى كۆرگەن بىھايا كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىپ چىقىپ، يەنە تاكسىغا ئولتۇرۇپ قاچقىنىنى؟ يادىڭىزدىمۇ؟ رېستوراندا ئىشلەپ كېچىسى ئۈچ - تورت كۈن ئۆيگە كەلمەي، مەن سىزدىن ئەنسىرەپ پەرىيات چەكسەم، ھېچ نېمە بولمىغاندەك ئۆزىڭىزنى خاتىرجەم تۇتۇپ، «قارىمامسەن خوتۇن، رېستوراندا رېۋىزىيە بولۇپ، كېچىسى ھېساپلاپ قالدۇق» دەپ بۇكومگە جىگدە سالغىنىڭىز. ھەتتا بىر كۈنى تاشكەنتكە توققانلارنى يوقلاپ كەتسەم، ئۆيگە بۆزۈق ئاياللارنى باشلاپ كېلىپ، ئوغلۇم ئۆركەشتىن ئېھتىيات قىلماي، توققۇز ياشلىق بالىنىڭ ئالدىدا بۆزۈق ئايالنى ئۆيدە قوندۇرۇپ ۋۇرگىنىڭىزنى قانداق ئۇنتۇيمەن؟ مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ ئايرىلغى بىر قەدەم ئېكەن. بىر- بىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە تىرىشقان ئەر- ئايال ئەشۇ نجاسەت قەدەمنىڭ ئائىلە يولىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئىلاندەك زەھەرلىك ئېكەنلىگىنى ياخشى

بىلدىڭىز... بۇنىڭدىن تېخى خەۋىرىڭىزنىڭ يوقلىقىغا ئىشەنمەيمەن... سەۋەبى، نازۇك ھېس، تۇيغۇلار ئىچىدە دەسلەپ ماڭا ھەممە نەرسە سىز بىلەن بىللە كۈلۈپ قاراتتى. ھەممە ياخشىلىق ھەمراھىم ئىدى. ئايال كىشىنىڭ بەختى جۈپتى ھالالىنىڭ ساداقەتلىكى ۋە مېھرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. بارلىق نەرسىلەر سىزنىڭ خالىغىنىڭىزچە بولاتتى. بىراق رېستوراندا ئىشلەيمەن دېدىڭىز. ئىشلىدىڭىز. ھاۋايى ھەۋەستە ئاسمانغا چىقىپ كەتتىڭىز. ئىككىمىزنىڭ خۇددى كۈندۈز بىلەن كېچىدەك ياشىشىمىز كۆڭلۈمنى غەش قىلدى. ئۆزەمنى پەرىشان سېزدىم. ئوچۇغىنى ئېيتاي – ھازىر ئۆتمۈش زامان ئەمەس. موشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پەرزەنتلىرىمىز ئۆركەش، بەختىگۈل، كۆرەش ئۈچۈن چىدىدىم. ھازىر باللار بىر ئاز چوڭىيىپ قالدى. ئۆركەشنى كانىكۇلغا چىققىچە سىزنىڭ يېنىڭىزدا قالدۇردۇم، بىزنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ!.

خەيرى خوش، ئامان بولۇڭ!»

ئامانىنساخان خەتنى تۇتقان بويىچە كونۋېرتقا سېلىپ، ئاندىن ئىشتىك قەدەم بېسىپ چىقىپ، ئىشىك ئالدىدىكى پوچتا ساندۇغىغا سېلىۋەتتى. بىز كۈتكەن ئۇزۇن يوللۇق ئاۋتوبۇسلارمۇ يېتىپ كەلدى. ئامانىنساخان ئالمۇتىغا، مەن تاشكەنگە قاراپ يول ئالدۇق...

ئارىدا 27 ژىل ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ھەر قاچان ئاۋتوۋوكزالغا بېرىپ قالسام، ئەشۇ پوچتا ساندۇغىغا كۆزۈم چۈشىدۇ. ئامانىنساخاننىڭ ئەشۇ غەمكىن چىرايى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ، ئامانىنساخاننىڭ ھازىرقى ھاياتى قانداق بولدىكىن؟ قەيەردە ياشاۋاتىدىكى؟ باللىرى چوڭىيىپ قالدىمىكىن دەپ ئەسلەپ قالىمەن.

# ئابلىز روزى

(1936 - 1995)



ئابلىز روزى 1936- يىلى غۇلجا شەھرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1951- يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئۈرۈمچى شەھرىدىكى كادىرلارنى تەييارلاش مەكتىپىگە ئوقۇشقا چۈشىدۇ. ئۇ 1955- يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستاننىڭ توخماق شەھرىگە كۆچۈپ چىقىدۇ. 1955- يىلدىن1957- يىلغىچەتوخماق شەھرى 4- مېخانىزاتورلارنى يېتىشتۈرۈش ئۇچىلىشىسىدا ئوقۇپ،مېخانىك كەسپىنى ئىگەللەيدۇ. 1958- يىلى سوۋېت ئەرمىيەسىگە چاقىرىلىپ،1961- يىلغىچە ئەرمىيە سېپىدە خىزمەت ئاتقۇرىدۇ. 1961- يىلدىن 1994- يىلغىچە بىشكېك شەھرىدىكى ئاۋتوبازىلاردا شوفېر ۋە مېخانىكبولۇپ ئىشلەيدۇ. 1994- يىلى مارتتىن باشلاپ «ئىتتىپاق» گېزىتىدە مەسئۇل كاتىپلىق خىزمىتىنى ئاتقۇرىدۇ. 1995- يىلى 5- ئۆكتەبىردە ژۈرەك ئاغرىقى بىلەن تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى.

ئا. روزى ياش چاغلىرىدىلا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ، ساتىرا ژانىرىغا قىزىقىدۇ. ئۆزىمۇ 80- يىللاردىن باشلاپ ماقال تەمسىللەر ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى يېزىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ يازغان ماقال - تەمسىللىرى ۋە سەلەي چاققان ساتىرىلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى هايات»، «ئىتتىپاق» گېزىتلىرىدە، «پەرۋاز» ژۇرنالىدا يورۇق كۆرگەن. 1500دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىللىرىنى رەتلەپ كىتاپ قىلىپ چىقىرىش ئويدا بولسىمۇ. بىراق رەھىمسىز ئەجەل ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول قويمىدى.

# ماقالغا مايىل مىسرالار

شەرىقتە ئۆسكەن شاھزادە«شېرىپ»،
كۆچكىنى ئۈچۈن غەرىپتە «غېرىپ».

* * *

ئۆزگە يۇرتنىڭ پاختىسىدىن،
ئانا يۇرتنىڭ تاختىسى ياخشى،

* * *

ئۆمۈر كۆرگەندىن ۋەتەننى سېتىپ،
بولغىنىڭ ئەۋزەل غازاتتا شېھىت.

* * *

نىيەتتە بىر ئوم بولساڭ،
دۈشمەن تەختى دوم بولار.

* * *

ئەپسىنى دەپ ئۆزىنىڭ،
بەختىن ئۆزەر يۈزىنىڭ.

* * *

ئەسلىنى سۆيگەن بەختىگە يېتەر،
ئەسلىدىن چانغان ئارماندا ئۆتەر.

* * *

قولى قىسقا يەتمىگەنگە،
ئەقلى ئۆزۈن يېتەلەيدۇ.

* * *

جەڭگە كىرسەڭ چىققىن ئالدىغا،
ئانا كەچۈرمەس يۈرسەڭ دالدىدا.

* * *

بەختىڭدىن ئايرىسا پېشانە شورى،
تەختىڭدىن ئايرىيدۇ ئالدامچى تورى.

* * *

كېسەل بولسا ئەت ئالماس،
بېغەم بولسا دەرت كەلمەس.

* * *

ھەق گەپ قىلغان سۆرۈنمەس،
ھەدەپ ياخشى كۆرۈنمەس.

* * *

بىبەپ قالسا تونۇماس،
ئەقىل ئىيتساڭ ئۇنىماس.

* * *

دوست ئىزدىمە ئاھ ئۇرۇپ،
كۆڭۈل ئىزدە پاك ژۈرۈپ.

* * *

يامانلىق ـ يارغا تاتار،
خۇشامەتچى بايغا.

* * *

بېشى بوشنىڭ بېلى بوش،
ئىشلىگەننىڭ ۋاقتى خوش.

* * *

كۆرۈنۈشى سىماپتۇر،
ئىشەنمىگىن، سىناپ كۆر.

* * *

ياشلىقىڭدا سۆيەرسەن،
خاتا قىلما كۆيەرسەن.

* * *

سوغ تەگسە چۈش كۆرەر،
ئەپ تەگسە خوش كۆرەر.

* * *

چوڭنىڭ تىلىنى ئالغىن،
گۆدەكنىڭ دىلىغا سالغىن.

* * *

ئورۇق ئاتقا ژۈك ئېغىر،
قېرىغانغا ـ بۈك.

* * *

مېڭىش ئاسان غالتەك بىلەن،
تۈزەش قىيىن كالتەك بىلەن.

* * *

بېلىق چىقماس قىرغاقتا،
ئېلىنمىسا قارماقتا.

* * *

ژۈگەرمىگەن دۇلدۇل،
ئېشەككىمۇ قۇلدۇر.

* * *

ئېرىيدۇ مۇز ئىسسىق تەككەندە،
توڭلىغان كۆڭۈل باشنى ئەگكەندە.

* * *

بالا تاپساڭ، بالانى ئۇنتىما،
ئۇيگە كىرسەڭ ـ تالانى.

* * *

بالاڭ يەلكەڭگە مىنسە،
ئەۋرەڭ بېشىڭدىن چۈشمەس.

* * *

ئەقىل، ھۈنەر، پەم بولسا،
تۇرمۇشىڭدا غەم بولماس.

* * *

پەتنۇارى ياخشى موللامنىڭ،
ئەتنۇارى ياخشى.

* * *

مەگسنۇى بار قۇيرۇق كۆتسە،
خۇشامەتچى بۇيرۇق كۈتەر.

* * *

ئاتاڭ ئاتقا مىندۈرگىچە
ئاناڭ ئايغا مىندۈرەر.

* * *

بىرىنىڭ ئەقلى بۇلاق بولسا،
كۆپنىڭ ئەقلى دەريا.

* * *

تۇزەلمىسە، باققان بىمارى،
چىقماس دوختۇر، تېۋىپنىڭ نامى.

* * *

بولسا سەندە ئالىي پەزىلەت،
قونادۇر ئابروي، كەتمەس ئىززەت.

* * *

ۋەتەن ئانادۇر ھەممىدىن قۇتلۇق،
«ۋەتەن» دەپ كۆيەر ژۇرىگى ئوتلۇق.

* * *

قورۇق ئۇستەڭگە مۇراپ بولغاندىن،
چۆلدە چاڭقاپ خاراپ بولغان ياخشى.

تۇمان تارقىماي ھاۋا ئېچىلماس،
گۇمان يوقىماي داۋا تېپىلماس.

* * *

ۋەتىنىنى يوق ۋەتەنگە زار،
كۆزلىرى نەم، ھاياتى خار.

* * *

ۋەسلىنى تۇگەتكەن بىلەن،
نەسلىنى تۇگەتمەيدۇ.

* * *

مىللىتى بىر بولغان بىلەن،
نىيىتى ھەر خىل.

* * *

كېتەرمۇر ئادەم، قالىدۇر ئالەم.

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

## ئىككى ئۇرۇپ تۇرىمىزدە

چىچىنى گەدىنىگە چۇشۇرۇپ ژۇرىدىغان «مودىچى» ژىگىت سەلەيىنىڭ ساتىرا-شخانىسىغا كىرىپ:

- بۇ ژىل چاچنىڭ مودىسى قانداق بولار، ئۇستام؟ - دەپ سوراپتۇ.

- بۇلتۇر ئاياللارنىڭ چىچىنى كىسىپ، ئەرلەرنىڭكىنى ئۇزۇن قويۇپ بەر-گەن ئىدۇق. بۇ ژىل جالا سىلىپ ئۇلگىرەلمىسەك ئىككى ئۇرۇپ ژۇرىمىزدە،- دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ سەلەي چاققان.

## ئايال مىنىڭ بولغىنى بىلەن...

سەلەي ئۇچ قىتىم ئۇيلىنىپ، ئۇچىلا ئايالنى خورلاپ هايداۋەتكەندىن كىيىن، تورتىنچى خوتىنىغا نىكاهلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇيىگە كىرىۋاپتۇ.

بىر كۇنى سەلەي ئايالىنىڭ كىيىملىرىنى ژۇيۇپ، يىيىۋاتسا، ئاغىنىلىرىدىن بىرى كورۇپ قىلىپ:

- قارىغايدەك ئايالىڭ تورۇپ، كىرىنى ئوزەڭ ژۇغىنىڭ نىمىسى؟ - دەپتۇ.

- قارىغايدەك ئايال مىنىڭ بولغىنى بىلەن،ئۇي ئىشو ئايالىمنىڭ ئەمەسمۇ...

- دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ سەلەي چاققان.

## «گىرىم قىلىدىغان ئەينەككە»

سەلەيىنىڭ هاسىراپ ئولتارغان سىمىز ئايالىنى كورگەن ئاغىنىسى، ئايالىڭ بۇ بەستى بىلەن قانداقمۇ مىگىپ ژۇرگەندۇ دىسە:

- ماڭغاننى دەيسەنغۇ، ژۇگرەيدۇ تىخى، - دەپتۇ سەلەي.

- ئىشىغىمۇ؟

- ياق گىرىم قىلىدىغان ئەينەككە.

## «پاراشوك بىلەن كىر سوۋۇن»

سەلەينىڭ ئايالى بىلەن قايتا ياخشى خوپ بولۇپ قالغىنىنى بايقىغان ئۇنىڭ يان خوشنىسى:

— ئايالىڭ تۇنۇگۇنلا سىنى قارىلاپ، كۆڭلىدە «كىر» ساقلاپ ژۇرگەندەك قىلىۋاتاتتى. بۈگۈن ئاپاق — چاپاق بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ، — دەپ سوراپتۇ. سەلەي:

— ئايالىم ئۆزۈندىن بېرى ماگازىندا ئۆۋەتتە تۇرۇپ، ئاينا بىلەن كىر سوۋۇن ئالالماي ژۈرەتتى. تۇنۇگۈن ئىككى پاچكا ئاينا بىلەن بەش دانە كىر سوۋۇن ئەكىلىپ بەرسەم، باشقا كىرلەرگە قوشۇپ كۆڭلىدىكى كىرنىمۇ ژۇيۇۋەت- كەن ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

## باھانە

گېزىتكە يېزىلىش راسا قىزىۋاتقان بىر پەيتتە، بىرسى :

— گېزىتنىڭ باھاسى قىممەت، ياخشى نەرسىلەر بېسىلمايدۇ، — دەپ ئەز- ىسىنى ئەزگەن ئېدى، رېداكسىيە خادىمىنىڭ غەزىۋى كېلىپ:

— كۈپچىلىك قىزغىن يېزىلىۋاتقاندا سىزنىڭ مۇنداق دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟— دېۋىدى، سەلەي چاقچاق دەررۇلا:

— قانداق گەپ بولاتتى؟، «ئارپا نېنى يەللىك» دېگەندەكلا گەپتە- دېدى ھېلىقى كىشىگە قاراپ.

## ئايىنىۋالامدىكىن

ياش سەلەي ئۆيلەنمەكچى بولغاندا، قىز تەرەپ تويىنىڭ سېلىغىنى ئېغىر سېلىۋېتىپتۇ. پۇل يەتكۈزەلمەي تېرىكىپ ئولتارسا، ئەلچىلەر توي ۋاقتىنى قاچانغا بەلگۈلەشنى سوراپتىكەن:

— مۇنداق تويدىن كەچتىم، — دەپتۇ سەلەي.

- نېمىشكە ئۇنداق دەيسىز؟ - دەپتۇ ھەيران بولۇپ.
- بۇگۈنكى قىممەتچىلىك زامانىدا، سېلىقنى تاپقىچە چېچىم ئاقاردى.
قالغان ئاش - سۈيى، گۆش - گورۇچنى تاپقىچە چېچىم چۈشۈپ تۈگەي-
دىغان ئوخشايدۇ. شۇ چاغدا «ياغاق باش ژىگىتكەن» دەپ قىزىمۇ يالتىيىپ
ئايىنۇۋالامدىكىن دەيمەنا، - دەپتۇ سەلەي چاققان.

## نان

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا: «مەملىكىتىمىزدە ھازىر ئەڭ ئېپىز نەرسە نېمە؟»
دەپ سوئال قويغان ئىكەن، ئوقۇغۇچى سەلەي چاققان جاۋاپ بېرىپ «نان» دەپتۇ.
مۇئەللىم سەلەيگە «قانداقچە؟» دەپ يېنىپ سوئال بەرگەن ئىكەن. سەلەي:
- قانداقچە دەيسىزغۇ، ھازىرقى ناۋايلاردىن نان ئېلىپ، كۆزىڭىزگە تۇتسىڭىز،
كۈندۈزى كۈننى كۆرۈپ، ئايدىڭدا ئاينى زىيارەت قىلىسىز، - دەپتۇ.

## نېمە ھاجىتى

سەلەي چاققان ئاۋتوبۇستا كېلىۋېتىپ، زوردۇن موللامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ قالغانلىقىنى
كۆرۈپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئولتارغان بىر ياش ژىگىتنى ئورۇن
بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ئىكەن، ئۇ قارشىلىق قىلىپ، سەلەيگە يېنىپتۇ.
ژىگىتنىڭ يامان ئەلپازىنى كۆرۈپ:
- ھازىرقى بەزى ياشلارنىڭ پەيلى يامان، يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتىرىمىز دەپ
بېشىمىزدىن ئايرىلىپ ژۈرمەيلى، موللام، - دەپتىكەن:
- قالغان كۈنىمىز شۇ بولسا، ئۇ باشنى كۆتىرىپ ژۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى،- دەپتۇ
زوردۇن موللا ئاچچىقلىنىپ.

## ئەڭ كۈچلۈك پارتىيە

مۇئەللىم سەلەينى تورغۇزۇپ:
- ھازىر قانداق پارتىيەلەر مەۋجۇت؟ - دەپ سوراپتۇ.
- پارتىيەلەر بەك نۇرغۇنغۇ، - دېگەن جاۋاپنى بېرىپتۇ سەلەي.
- ئەشۇ پارتىيەلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كۈچلىكى قايسى؟
- ئۆگەي ئانامنىڭ پارتىيەسىدە، - دەپتۇ سەلەي.

## «كۈلەتتىممۇ؟»

سەلەي ئۆزى بەكمۇ يامان كۆرىدىغان بىر ئادەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:
- يېقىندىلا ئاغزى - بۇرنىڭنى قان قىلىۋەتكەن دۈشمىنىڭ ئۆلگەنگە نېمانچىلا يىغلايسەن؟ - دەپتۇ ئوغلى ھەيران بولۇپ.
- ھەي، بالام، ھازىرقى ئىختىسادى بوھرانچىلىق ۋاقتىدا قىينىلىپ ئىشتىنىڭ ئازاۋىنى تارتىۋاتقاندا، ئۇ ھەممە تەشۋىشتىن قۇتۇلۇپ، پۇت - قولىنى سوزۇپ يېتىۋالسا، يىغلىماستىن كۈلەيمۇ؟ - دېگىدەك سەلەي.

## ئىككىسىنى بىرلا ژۇرنايلى

سەلەينىڭ ئاغىنىسى ئايالىم قول ھۈنىرى بويىچە بىرىنچىلىكنى ئېلىپ كەپتۇ، شۇنى ياخشىلاپ بىر ژۇيۇپ بېرەي دەپتىكەن، سەلەي:
- توختاپ تۇرغىن، ئايالىم قاتار چايغا كەتتى، غېۋەت بويىچە بىرىنچىلىكنى جەزمەن ئېلىپ كېلىدۇ، ئىككىسىنى بىرلا ژۇرنايلى، - دەپتۇ.

# ماشىنىنىڭ شوفېيورى

بىر كىشى «بېشىدىن ئېشىق ـ سوغ ئۆتكەن» دەپ بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ، «شىخنى» تۈزەپ قويغان ئىكەن. ئۇ ئايالغا ھال پەيدا بولۇپ: «ماشىنىڭىز كونا ئىكەن، تاراقلاپ، قولاق ـ مىيەمنى يەپ كەتتى» دەپ ماشىنىغا چۈشمەي ھوزۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇ كىشى ئايالغا يارىمىغان ماشىنىنى «يوقوتۇپ» يېڭىنى ئاپتۇ. بەرى بىر ئايالنىڭ جىدىلى تۈگمەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ سەلەيگە كېلىپ:

ـ... ئايالىم بۇرۇنقى ماشىنامنى ياراتمىغان ئىدى، ئۇنى يېڭىغا ئالماشتۇردۇم، يەنىلا مەن بىلەن ئۇرۇشقىنى ـ ئۇرۇشقان، ئەندى ئالماشتۇرىدىغان يەنە نېمە قالدىكىن،ـ دېگەن ئىكەن سەلەي:

ـ نېمە قالاتتى، ماشىنىنىڭ شوفېيورى،ـ دەپتۇ.

# ئەزىمجان نىزامىي



ئەزىمجان نىزامىدىن تۇرە ئوغلى، 1936- يىلى 2- ماي ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1946- يىلدىن 1951- يىلغىچە قارغىلىق ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، 1953- يىلى ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى» پۈتتۈرۈپ، 1953- يىلى 1- ئاۋغۇستتىن 1960- يىلى ئۆكتەبىرگىچە «شىنجاڭ شىنخۇا» باسما زاۋۇتى، ئۇيغۇر بۆلۈمىدە كوررېكتور ۋە تېخرېداكتورلۇق خىزمىتىدە ئىشلىگەن. 1960- يىلى قىرغىزستاننىڭ فرۇنزې (ھازىرقى بىشكېك) شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى. 1966- يىلى روسىيەنىڭ ۋورونېژ شەھىرىدىكى بىلىم ئاشۇرۇش يۇرتىدا ئوقۇپ، تۆمۈر كەپشلەش (سۋارشىك) كەسپىنى ئىگەللەپ كەلگەندىن كېيىن، فرۇنزې شەھەرلىك قۇرۇلۇش ساھاسىدا تۆمۈر كەپشلىگۈچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ياشلىغىدىنلا ئەدەبىيات ۋە سەنئەتكە قىزىققان ئەزىمجان نىزامىي 1957- يىللاردىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. 1968- يىلدىن بېرى ئۇنىڭ شېئىرلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «ۋىجدان ئاۋازى» گېزىتلىرىدە يورۇق كۆرۈپ كەلمەكتە.

# ئۆزەڭ تاپقىن داۋانى

قانچە مۈشكۈل ئېگىز بولسۇن بۇ ھاياتنىڭ داۋانى،
ھەقنى كۆزلە، توغرا سۆزلە يوق بۇ ئىشنىڭ يامانى.
بىر مەخسەتتە بولساڭ پارلاق كېلەر خەلقىم زامانى،
ھەسرىتىمنى ئايان قىلسام تۈگىمەيدۇ بايانى.
ئەسرارىمغا سىرداش بولسا ئەۋلادىمنىڭ قالغانى،
كۆك ـ زېمىننى قاپلىماستى ئۇيغۇرۇمنىڭ پىغانى.
تادانلىقتىن قۇتۇلمىدۇق ئەجەپكەنمىز نادانى،
بۇ كېسەلدىن قۇتۇلغىن بەس، ئۆزەڭ تاپقىن داۋانى.
دوست بىلمىگىن يېقىن كېلىپ ھېجايىسىمۇ ياتلارنى،
تارىخىمغا قاراپ بىلگىن دىلى قاتمۇ ـ قاتلارنى.
سىرىڭ ئېيتما، ئىشىك ئاچما، يولۇقتۇرما ياتلارنى،
ئۆزەڭنى سۆي، ئۆزگىنى قوي، شاتلاندۇرما ياتلارنى.
ئەزىم ئېيتۇر: كوزلەر خىرە، پۇت ـ قولدا يوق ماجالى،
كۆيدۈرمىسۇن ئوغلۇم سېنى بېگانىلار جامالى.
بىرلىك بولماي شۇنچە ژىللار تەردۇق باشقا بالانى،
قېرىنداشنى چەتكە قېقىپ، يېقىن بىلدۇق ياتلارنى.
ئويلا ئوغلۇم ژۇرىڭگىدە، يوق بۇ سۆزنىڭ يالغانى،
مېنىڭ ئۆمرۈم ئازلا قالدى قىسقارمىسۇن داۋامى.
غەم ـ غۇسسىدىن قۇتۇلسىكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى،
گەرئۇلسىمۇ كومۇلمەستى نىزامىنىڭ ئارمانى.
قانچە مۈشكۈل ئېگىز بولسۇن بۇ ھاياتنىڭ داۋانى،
ئۆزەڭ تىرىش، ئۆزەڭ كۈرەش بۇ ئەركىنلىك پايانى.

# ئىزلار

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»غا بېغىشلايمەن)

گۇناھسىز كېسىلدى كۆپ نەزىر باشلا،
تۆكۈلدى زېمىنغا قىپ - قىزىل قانلا.
كۆزلەردىن قۇرۇماي ئاقىدۇ ياشلار،
تەغدىرىم ئويلىسام قايىدۇ باشلا.
ئەجدادىم تارىختا قالدۇرغان ئىزلا،
ئىز بېسىپ ماڭماقتا ئوغۇل ۋە قىزلا.
زادىلا كۆمۈلمەس بىز باسقان ئىزلا،
تاڭلا ھەم ئەۋرىمىز ئىز باسار ئىزلا.
ئەۋلاتلار ئىز بېسىپ تاپىدۇ زەپەر،
ئىشەنچەم كامىلدۇر، ئەرتە تاڭ سەھەر.

# ئۇيغۇرستانىم ئېلىم

كەبەم مېنىڭ، قىبلىگاھىم ئۇيغۇرستانىم ئېلىم،
سەن ئۈچۈن جانلار تەسەددۇق گۈل ـ گۈلىستانىم ئېلىم.
تارىخىي نالەمگە مەشھۇر شەۋكىتىم ـ شانىم ئېلىم،
زىمىنىڭ چەكسىز ـ پايانسىز قۇتلۇق ماكانىم ـ ئېلىم.
تۇتىيادۇر كۆزلىرىمگە لەئلى ـ ياقۇت تۇپرىغىڭ،
قەدىرلىكتۇر ئاددىي تېشىڭ، چۆپ ـ گىيا ۋە يوپۇرىغىڭ.
تەڭگە دەرمان، شىپا بەخش «ھەۋزى كەۋسەر»، كۆللىرىڭ،
جاھاندا ھېچ تەڭدىشى يوق تاغۇ ـ دەريا، چۆللىرىڭ.
ئاشىقىڭ مەن ـ مەشۇقىم سەن ئۇيغۇرستانىم ئېلىم،
تا ئەبەتكە سۆيگۈنۈم سەن دىلدا ئىمانىم ئېلىم.

# پارچىلار

ۋا دەرىخا، نازىنىن يار، شامۇ ـ سەھەر يىغلىدىم،
سىغىنىپ مەن بويىلىرىڭنى ئەترە ـ ئەنبەر يىغلىدىم.
كۆيدۈم، ئۈچمەي پىراقىڭدا ئاللاھۇ ئەكبەر يىغلىدىم،
دىدار ئىزدەپ دىلدارىم، دىلدا دىلبەر يىغلىدىم.
قەلبى قۇياش، كۆزى چولپان، ئۈزۈم قەمەر يىغلىدىم،
ئۇھ، مەشۇقىم، ئاشىق ئەزىم، قەلبىم دەپتەر يىغلىدىم.

* * *

ئاخىرى باردۇر نىگارىم بۇ يىغىنىڭ كۆلكىسى،
تۈندىن بىزار ئويغاندى يار، بۇ خوشاللىق بەلگۈسى.
جانان بىدار بول بەختىيار ئەتە ـ ئۆگۈن ـ كەلگۈسى،
ئەندى قاچسا بەخت بىزدىن، مەڭگۇ تاشلاپ كەتكۈسى.

* * *

ئۆتتىغۇ ئۆمرۈم مىنىڭ ئور كۆرمەي زۇلمەت بىلەن،
سەلتەنەت تەختىدە رۇس ـ خەن «شۆھرىتى ـ شاۋكەت» بىلەن.
زۇلمەتنى بىز پاچاقلىدۇق يارۇ ـ دوست، ئۈلپەت بىلەن،
ياۋنى ھەرگىز قىلمىدۇق دوست نومۇسىز ـ ئىففەت بىلەن.
تىل كىسىلدى، دىل يىرىلدى، پارە ـ پارە بولدى تەن،
ئىمان مۇجەسسەم روھ بىلەن، بىز دىيىۋق: ـ مىللەت ـ ۋەتەن.

* * *

تەختكە چىقىپ شىڭ جاللات... دەك، ماۋ كەبى بىر قانچىسى،
تەننى توغراپ جادۇدا ئىنسانىنى بىدە ئەيلىدى.

ئېتىپ ـ چېچىپ ئىنوسوفتەك «خەلقى ـ ئالەم خوجىسى»،
ئەلنى سەرسان، ھەقنى ۋەيران، دىلنى زىندە ئەيلىدى.

* * *

بىرى دەيدۇ: «ئۇيغۇردا يوق بىرلىك ـ ئۇملۇك،
قىلغان ئىشى ئېرى بارسا ئۈچ ـ تۆرت كۈنلۈك».
ھەق ئىش قىلساق پۈتلىكاشاڭ ـ قىلسا ئۆچلۈك،
بىز ياراتقان مۆجىزىنى كىم كۆرگۈلۈك؟

* * *

باشلىرىمغا خەنلەر تۆكتى نىجاسەن،
شۇك تۇرمىسام قىلدى ھەيۋە ـ سىياسەت.
مەنمۇ ئىنسان، مەندە غورۇر ـ پاراسەت.
پۈتتى سەبرىم مەن ئەمەسمەن ھاماقەت!

# ئابدۇسالام غاپپار



ئابدۇسالام ئىسمائىل ئوغلى غاپپار 1948- يىلى غۇلجا شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1962- يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن قىرغىزستاننىڭ بىشكېك شەھىرىگە كۆچۈپ چىقىپ، 1970- يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى قىرغىز تىلىدا تۈگەتكەن. 1976- يىلى «مېنىڭ قارغۇجەم» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان ئۇنىڭ يازغان كىچىك ھېكايىلىرى «كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات»، «ئىتتىپاق»، «ۋىژدان ئاۋازى» گېزىتلىرىدە داۋاملىق بېسىلىپ كەلمەكتە.

1994- يىلى قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى بەدىي ئەدەبىيات تەشۋىقات بيوروسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇنۇتمە مېنىڭ - ئاتا يۇرت» ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايىلىرى بېرىلگەن.

ئابدۇسالام غاپپارنىڭ «كۆكۈل ساندۇغۇمدىكى ئويلار» (1996)، «كاككۇك بولۇپ سايرىدىم» (1997) ناملىق ھېكايە توپلاملىرى قىرغىز شائىرى مارخاباي ئاماتوۋنىڭ تەرجىمىسىدە قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىندى.

# كىچىك ھېكايىلار

## ئاتا ئىزى بىلەن

ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتسام، خوشنامىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى قۇمدا ئويناۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ـ دەپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، سالام قىلدى.

ـ ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، ـ دېدىمدە ئۆتۈپ كەتتىم. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۆيگە قايتتىم. خوشنامىنىڭ ئوغلى تېخىچىلا قۇمدا ئويناۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ يەنە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى. سالىمىنى ئىلىك ئالدىمدە ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. ئادەم بىلەن ئادەم سالاملاشقان قانداق ياخشى، ھەم چىرايلىق. بالىنىڭ سالىمىدىن كېيىن كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، «ياخشى تەربىيە كۆرگەن بالىكەنا» دېگەن ئوي كۆڭلۈمدىن ئۆتتى. شۇندا خوشنامنى ئويلىدىم. ئۇ مۇنايىم ۋىگىت ۋە دايىم پاكىز كىيىنىپ ژۈرىدىغان، كىشىلەر بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان بۇنداق ئادەملەرنىڭ بالىلىرى ئەدەپلىك، سالام ـ سائەتلىك بولىدىغىنىغا يەنە بىر كۆزۈم يەتتى. بىراق خوشنامنى بەزى ئاغىنىلەر ياراتمايدۇ. «ياش تۇرۇپ، سوپى مىجەز» دەيدۇ ۋە شاگخۇمۇ قىلىدۇ. شۇنداق شاگخوچى ئاغىنىلەرنىڭ بالىلىرى خوشنامنىڭ بالىسىدەك سالام قىلغىنىنى زادىلا كۆرمىدىم.

# قەبرىستاندىكى سۈرەت

بىر ئاغىنەمنىڭ دادىسى ۋاپات بولغان كۈنى بەش ـ ئونىمىز يەرلىك قازغىنى تۇپراق بېشىغا چىقتۇق. يەرلىك قېزىۋېتىپ، بىر قەبرىگە نەزەر تاشلاپ قالدىم. ئەتراپى زىنەتلىنىپ، تۆمۈر رىشوتكىلار بىلەن قورشالغان قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر تاشقا مەرھۇمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىدى. يېقىن كېلىپ، سىنچىلاپ قاراپ، كونا تونۇشۇم ھېلىم ئاكامنى تونۇپ قالدىم. «ھوي، مۇنۇ ھېلىمكامنىڭ قەبرىسى ئىكەنغۇ» دېدىمدە، بىر دەقىقە تىكىلەندىم. ئويلىرىم ژىراققا كەتتى.

بۇندىن خېلە ژىللار ئىلگىرى ھېلىمكام ئىككىمىز كولخوزدا ئىشلەپ، ئېتىزدا سۇ تۇتاتتۇق. ئالتە ئاي يازدا دالادا بىللە ئىشلەپ ژۈرگەچكە، ئېچىكىشىپ كەتكەن ئىدۇق. بىر ناننى بۆلۈپ يەپ، خۇددى قېرىنداشتەك قەدىردان بولغانىمىز. ئۇ پاراڭچى، خۇشخۇي كىشى ئىدى. ھېلىمكام پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، شەھەردىكى ئوغلىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا خېلە ژىللار كۆرۈشمەي قالدۇق. شۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ناماز دەپنىسىگە بارالماي قالغىنىمغا ئېچىنغان ئىدىم. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئۆزەم كېلىپ قاپتىمەن. مەرھۇم قەبرىسىنىڭ بېشىدا قۇرئان ئوقۇپ، روھىغا دۇئا قىلدىم. كونا تونۇشۇمنىڭ ئالدىدا ئىنسانچىلىق قەرزىمنى ئازىراق ئادا قىلغاندەك بولدۇم. ھېلىمۇ ياخشى رەھمەتلىكنىڭ قەبرىنى زىنەتلەپ ياساپ، مەرمەر تاشقا سۈرىتىنى چۈشۈرۈپ، نامىنى ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىپ قويغان ئىكەن. ئەگەر كونىچە «توپا بېسىپ كەتكىنى ياخشى» دەپ قارىماي كەتكەن بولسا، ھېلىمكامنى ئەسلىمىگەن بولاتتىم...

# ئايال كىشى

يېڭى تونۇشقان ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيىگە ئۈچ ـ تۆرتىمىز كىرىپ قالدۇق. ئۇ خوشال بولۇپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى. ئۇ ئۆزى دەستىخان سېلىپ، ئاشخانىغا كىرىپ ـ چىققىنى تۇردى، ۋە جوزىغا نازۇ ـ نېمەتلەرنى قويۇشقا باشلىدى. ئۇ يەنە ئاشخانىغا چىقىپ كېتىپ، بىردىنلا چىنە ـ قاچىنىڭ جاراڭلاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ئاغىنىمىزنى دۈشكەلەپ ۋاقىرىغان ئايالىنىڭ قوپال ئۈنى ئاڭلاندى. بىز خىجالەت بولۇپ، «ئېغىرلىق ـ راھمانلىق» دەپ جىم ئولتۇراتتۇق. ئاغىنىمىزنىڭ ئۈنى ئۈچكەن ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئۇ ھېچ نېمە كۆرمىگەندەك ئۇچۇق چىرايى بىلەن بىر چەينەك چاينى كۆتۈرۈپ كىردىدە:

ـ چاي سەل كېچىكىپ قالدى، خاپا بولمايسىلەر، ـ دەپ چىنىلەرگە قۇيۇشقا باشلىدى. بىزمۇ چاندۇرماي سۆھبىتىمىزنى قىلىۋەردۇق. «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ؟» دېگەندەك، بۇغداي سۆزلۈك دوستىمىزنىڭ ئۆيىدىن خوش كەيپ ئۇزاپ كەتكەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ قۇلىقىمىزدا قالغان قوپال ئۈنىدىن كۆڭلىمىز غەش ئىدى.

توۋۋا، دەيمەن، بەزى بىر ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە ئەينە شۇنداق كىرىپ قالساق، ئۇ ئاغىنىمىز بىز مېھمان بولۇپ كەتكىچە بىز بىلەن قىمىر قىلماي ئولتارغىنى، ئولتارغان. ھەممە ئىشنى ئايالى كىرىپ ـ چىقىپ قىلىۋاتقان. تېخى ھەر كىرگىنىدە: «قېنى ئېلىڭلار، يېقىڭلار! سىلەرنىڭ كېلىدىغىنىڭلارنى ئاغىنەڭلار دەپمۇ قويماپتۇ، بولمىسا ئۆبدانىراق تەييارلىق قىلىپ قوياتتىم» دەپ ھوزۇرخانلىق قىلغانلىرىغا كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ.

دېمىسىمۇ، ئايال كىشى ئۆينىڭ زىننىتى ھەم بەرىكىتى ئەمەسمۇ...

# قېرىنداشلىق

قىز بالىنى كۆيۈمچان كېلىدۇ دېگەن راست ئوخشايدۇ. ئاپام ـ دادامىلار تۇرۇۋاتقان قورانىڭ يېرىمىدا سىڭلىم ئائىلىسى بىلەن ياشايدۇ. ئۇ ئاپاملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، كام ـ كوتىسىغا يار ـ يۆلەك بولاتتى. مەن ئۇلاردىن خېلە ژىراقتا تۇرسامۇ، پات ـ پات يوقلاپ تۇرىمەن. مۇنداق چاغلاردا بېچارە ئاپامنىڭ ھالى قالماي، پاي ـ پېتەك بولۇپ كېتىدۇ. دەستىخان راسلاپ، مېھىزلىك ئەتكەن چېيىنى بەرمىگىچە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ.

ئاپاملار بىلەن ئولتۇرۇپ، چاي ئىچىۋاتاتتۇق. بىر چاغدا سىڭلىم رېستوراندىكى ئافىتسانكىلاردەك بىر پەتنۇسقا تەخسىلەرنى قاتار قويۇپ، لەگمەن سېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ، «ئىسسىغىدا يەۋېلىڭلار!» دەپ ئالدىمىزغا قويدى. بۇنى كۆرگەن ئاپام:

ـ ئاكاڭنى كەلدى دەپ، بىردەمدىلا تاماق تەييارلاپسەندە قىزىم. ئۆزەڭ يېدىڭمۇ، ـ دەپ سىڭلىمغا قارىدى. سىڭلىم بولسا ئاپامغا رەنجىگەندەك قاراپ:

ـ ۋىيەي، ئاپا، ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بىرىنچى سىلەرگە ئەكىرمەي، ئۆزەم يەتتىممۇ؟ ـ دەپ يەنە لەگمەن سوزغىنى چىقىپ كەتتى.

سىڭلىمنىڭ گېپىدىن كېيىن ئاپامنىڭ چىرايىدا قىزىغا بولغان مىننەتدارلىقنىڭ تولۇپ ـ تاشقانلىقىنى بايقىغان بولسامۇ، ژۈرىكىمدە قېرىنداشلىق تۇيغۇلىرى ئۇرغۇپ كەتكەن ئىدى.

# دۇئا

ئاپام ـ دادىلارنى يوقلاپ بۈگۈن ئوغلۇم بىلەن كەلدىم. ئاشخانىمىزدىكى بۇگلۇكتە دائىم راسلاغلىق تۇرىدىغان جوزىنىڭ بىر چېتىدە ئوغلۇم، بىر چېتىدە مەن ئولتۇرىمەن. ئاپام بولسا قازان بېشىدا بىزنىڭ غېمىمىزنى قىلماقتا.

بىر چاغدا دادام ئىشتىن كىرىپ كەلدىدە، تاپسىدىكى چۆگۈنگە قولىنى چايقىماق بولۇپ ئېڭىشىۋىدى، مەن دەررۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، چۆگۈننى ئېلىپ دادامنىڭ قولىغا سۇ قۇيماقچى بولۇۋىدىم، ئوغلۇم مەندىن بۇرۇن چاققانلىق قىلىپ، ئورنىدىن تۇردىدە چۆگۈننى ئېلىپ ئۈلگەردى. ئاندىن «كەل بوۋا» دەپ دادامنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. بۇنىڭدىن مىننەتدار بولغان دادام:

ـ يارايسەن، قوۋام، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن! ـ دەپ دۇئا قىلدى. شۇ چاغدا قەلبىمدە دادامغا بولغان ھۆرمەت ـ ئىززەتنىڭ ئوغلۇمدىمۇ ئۇرغۇپ تۇرغىنىنى ۋە بالامنىڭ ئەدەپلىك ئۆسۈۋاتقىنىنى سەزدىمدە، ئىچىمدە ئوغلۇمغا مەنمۇ دۇئا قىلدىم.

# قۇتلۇق جاي

دادام بىلەن ياركەنت شەھىرىگە كەلدۇق. ئېگىز دەرەخلىق كەڭ كوچىلارنى ئارىلاپ ژۈرگىنىمىزدە، دادام:

— مانا، بالام، داداڭ ئۆسكەن شەھەر قانداق ئېسىل، ھە؟ — دەپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشقا باشلىدى. تۇغۇلغان يېرىنى كىم ماختىمىسۇن! دېمىسىمۇ ياركەنت شەھىرى بۈك - باراقسان، مېۋىزارلىق، ھاۋاسى تازا ئېكەن. مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ شەھەر ئەجايىپ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، مەردانە دېخانلارنىڭ، يازغۇچى - شائىر، سەنئەتكارلارنىڭ دىيارىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، قانداقتۇر بىر پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن كېتىپ بارىمەن.

— ساڭا بىر قۇتلۇق جاينى كۆرسىتىپ قويۇشۇم كېرەك، — دېدى دادام ئويلىرىمنى بۆلۈپ. بۇ سىرلىق تۇيۇلغان گەپكە ھەيران بولۇپ، دادامنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۆزىنىڭ ئەجايىپ گۈزەل نەقىشلىرى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى بىردىن جەلىپ قىلىدىغان، تارىخىي بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ ئىمارەتنى ۋېلىباي دېگەن كىشى سالدۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى خەلقىمىز «ۋېلىباي مەدرىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ، — دېدى سۆزىنى داۋام قىلىپ دادام.

— كىرىشكە بولمايدۇ، — دېدى ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان ئايال، — مەدرىسىنى جۆندەۋاتىدۇ.

— قىزىم، بىز ژىراقتىن كېلىۋېدۇق. مەدرىسىنىڭ ئىچىدە دادامنىڭ ئويغان نەقىشلىرىنى مونۇ ئوغلۇمغا كۆرسىتىپ قوياي دېۋېدىم.

مەن دادامنىڭ گېپىگە ھەيران بولدۇم. كۆزەتچى ئايالمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتىدە، يېشى توخسەندىن ئاشقان دادامغا باشتىن ئاخىرىغىچە سەپ سېلىپ قارىدى. ئاندىن:

— ۋىيەي، چوڭ دادا، باشتىنلا شۇنداق دېمەمدىلا. ئالدىلىرىنى توراپ سەت ئىش قىپتىمەن، — دېدىدە خىجالەت بولغاندەك بىزنى ئىشكىرىگە تەكلىپ قىلدى.

دادام مەدرىسىنىڭ ئىچىدە تۆرت ئەتراپقا قاراپ، بىر دەم تۇرىۋالدى.

— ھە، مانا، — دېدى مېنى بىر تۈرۈكنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ، — مۇشۇ تۈرۈك ۋە

لىملارنىڭ نەقەشلىرىنى دادام ئىشلىگەن. مېنى بالا چېغىمدا باشلاپ كىرىپ، موشۇ ماھارىتىنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى بۇ جاي مېنىڭ ئۈچۈن قۇتلۇق جاي بولۇپ قالغان.

دادام كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز چىققان ياشلىرىنى سۈرتتى. بۇۋامنىڭ ئىشلىگەن نەقەشلىرىنى قوللىرىم بىلەن سىلىدىم. بۇ تەبىئىي ئىجادىي گۈزەللىك ھەر كىمدە ئېستېتىكىلىق ھىس پەيدا قىلىش ئىسپاتسىز ھەقىقەت ئىدى. خوشاللىغىمدا چەك بولمايۋاتقانلىغىنى سەزدىم. دېمەك، بىر چاغلاردا موشۇ قۇتلۇق جايغا بۇۋام دادامنى باشلاپ كەلگەن ئىكەن. بۈگۈن دادام مېنى ئېلىپ كەلدى. خۇدا بۇيرىسا، ئەتە يا ئۆگۈن چوقۇم بالامنى باشلاپ كېلىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس مىراسلىرىنى سەنئەت بايلىقلىرىنى كۆرسىتىمەن.

# سېغىنىش

گۈلزار ھەدىمىزنىڭ يېڭى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگىنىگە خېلە كۈنلەر بولۇپ قالسىمۇ، تېخى ئەل ـ يۇرتقا ئارىلىشىپ، مەھەللىنىڭ ئويمان ـ چوڭقۇرىنى بىلگىدەك بولغىنى يوق. شۇنداق بولسىمۇ قارا قازان نەدە قاينىسا، ئادەم بالىسى شۇ يەرگە ئۆگىنىدىغان گەپكەن. بىراق گۈلزار ھەدىنىڭ بىرىنچى سىنىپنى پۈتەرگەن قىزى، نازۇگۇم بۇ مەھەللىگە زادىلا كۆنەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تۇغۇلغان ئۆيى كېلىپ، ئۇ يەردە قالغان تەڭتۇش دوستلىرىنى سېغىنىپ، ئۇمچىيىپلا ژىغلاپ كېتىدۇ. قىزىغا قاراپ، ژۈرىگى سىرىلغان گۈلزار ھەدە:

ـ جېنىم قىزىم، قارىغىنا ھويلىسى كەڭ تاشا، ئېگىز ئۆيلەرگە كۆچۈپ كەلدۇققۇ، مەكتەپمۇ يېقىن ئېكەن. بۇ يەردىمۇ يېڭى دوستلارنى تاپسەن،- دەپ بەزلىسىمۇ قىزىنىڭ ژىغىسى توختار ئەمەس. ئۇ تۇغۇلغان ئۆيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، سېغىنىپ ژىغلاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ گۈلزار ھەدە ئېچىناتتى. «قانداق بەزلىسەم بولىدىكىن؟» دەپ ئويلاتتى. بىر چاغدا «ئالدىغانغا كىچىك بالا ياخشى...» دېگەندەك نازۇگۇمنى بەزلەشنىڭ يولىنى تاپقاندەك بولدى ئانا. ئۇ قىزىغا:

ـ ئەينە قارىغىنا قىزىم، سېنىڭ توخۇلىرىڭ قاقاخلاۋاتىدۇ، ژۈرگىنە، توخۇملىرىنى ژىغىپ، ساڭا پىشۇرۇپ بېرەي، ـ دەپ قىزىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ كۆچۈرۈپ كەلگەن توخۇ كاتىكىگە باشلاپ كەلدى گۈلناز ھەدە، توخۇ كاتىكىنى ئاختۇرۇپ بىر تالمۇ توخۇم تاپالمىدى.

ـ ۋىيەي، كونا ئۆيىمىزدە كۈنىگە بەش ـ ئالتە تۇخۇم ژىغاتتۇق. بۇ ياققا كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى بۇ توخۇلار تۇغماسلا بولۇپ كەتتىغۇ دەپ ھەيران بولغان ئانا، قىزىغا قارىغىنىنى سەزمەي قالدى.

ـ ئاپا، توخۇلارغىمۇ ئۆز ئۆيى كېرەكتە، ئۇلارمۇ بۇ يېڭى كاتەككە ئۆگنەلمەيۋاتىدۇ،- دەپ نازۇگۇم يەنە ئۇمچىيىشكە باشلىدى.

قىزىنىڭ گېپىدىن تەسىرلەنگەن گۈلزار ھەدىنىڭ قەلبىدە بالىغا بولغان ئانى-

لىق مېھرى ئۇرغۇپ كەتتى. راست، ئادەم بالىسىنى مال ياكى بايلىق بىلەن ئالداشقا بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۆيى، ئەزىز ماكانى ئۆزگە جايغا ئالماشتۇرۇپ، ئالداشقا مۇمكىن ئەمەسلىكى – ھاياتنىڭ مۇقەددەس قانۇنى ئىكەنلىكىگە قايىل قالغان ئانا قىزىنى باغرىغا باستى. شۇ دەقىقە ئانى- نىڭ كۆز ئالدىغا ئانا يۇرتى، تۇغۇلغان – ئۆسكەن ئۆيى ماكانى كېلىپ، نازۇك قەلبىدە سېغىنىش ئوتى ئۇلغىيىپ كەتتى...

# قاسىمجان ئەيسا



قاسىمجان ئەيسا 1949- ژىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1963- ژىلى ئائىلىسى بىلەن قىرغىزستانغا كۆچۈپ چىقىپ، فرۇنزې (ھازىرقى بىشكەك) شەھرىدىكى رۇس ئوتتۇرا مەكتىۋىنى تاماملىغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش ۋە سودا - ساھالىرىدا ئىشلىگەن. قاسىمجان 70- ژىللاردىن ئېتىۋارەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

1994- ژىلى قىرغىزستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات تەشۋىقات بيۇروسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇمۇتۇم مېنىڭ - ئاتا يۇرت» ناملىق توپلامدا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى بېسىلدى. 1996- ژىلى قىرغىز شائىرى مارخاباي ئاماتوۋنىڭ تەرجىمىسى بىلەن «ژۇرەكتىن تامغان تامچىلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىندى. 1999- ژىلى قاسىمجان ئەيسانىڭ «ژۇرەكتىن تامغان تامچىلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى.

# قايسىمىز ھەقلىق...

ئانا تۇپراقنى ئاۋايلاپ دەسسەپ،
لاغايلاپ دەسلەپ،
يۈردۈقمۇ قانداق؟
پورپاڭ توپىسى خوشياقسا ئەجەپ،
ئانا مېھرىدەك تەپتىگە ئامراق.
شۇنىڭدىنمىكىن كۆڭلىمىز يۇمشاق.

يۇمشاق كۆڭۈللۈك ساھىبخان بولۇپ،.
مېھمان دەپ بىلىپ كەلگىندىلەرنى.
پەگادا قېلىپ دەردلەر تولتۇرۇپ،
پەش قاقتۇق، كەتتۇق...
كۆزلەپ نەلەرنى.
بىللە قۇچاقلاپ تاپا ـ تەننىنى.

ئىزدەيمىز ئەمدى «كىمكىن گۇناھكار؟»
دۈگگەشكە خۇمار،
ئۆزىمىز، «بەك ئاق.»
سورالماي يۈرگەن بىر سوئالىم بار:
سەن ئەمەس مەن دەپ يۈرىمىز بىلمەي،
ـ قايسىمىز ھەقلىق بىسىشقا ئاياق؟
تىل قاتساڭمىغۇ،
ئەي، ئانا تۇپراق.

بىشكېك ـ 1992

# سۇنماس قەلەم

بارمۇ دېسە بار دېڭىزدەك ۋەتەن بار،
پەخىرلەنسە ئەرزىگىدەك خەلقىم بار.
سوراپ ئۆتكەن ھال ـ ئەھۋالىن ئۇلارنىڭ،
ھەر يۈرەكتە ئالەمچىلىك ئەلەم بار.

ۋەتىنىم بار مەن مېھرىگە قانمىغان،
خەلقىم ـ باتۇر، كۈرەش قىلىپ تالمىغان.
ئەشۇ ۋەتەن، ئەشۇ خەلقىم بەختىگە،
قانداق تاڭ ئۇ ـ يورىمىغان، ئاتمىغان.

قېنى قۇياش، بىزگە مەنسۇپ يورۇقلار؟
قېنى سېنىڭ ئىسسىق تەپتىڭ بىزگە يار.
بارچە ئەلنى تەڭ ھوقۇقتا ياراتقان،
بىزنى نېچۈن شۇ ھوقۇقتا قىلدىڭ خار؟

دەردنى ئاز دەپ قىينار شۇنداق سوراقلار،
سوراقلارنىڭ جاۋابى يوق، ئەلەم بار.
جاۋاب ئىزدەپ سېنىڭ بىلەن مېنىڭدىن،
ئۈمىد بېرىپ كەلگەن سۇنماس قەلەم بار.

1993 ـ ژىل

# نورۇزدا

قار ئېرىپ نەكچىگەن توپراقتىن ئۈنۈپ،
قۇياشقا ئىنتىلىپ كۆلدى بىر گىيا.
يىڭنىدەك بەستىدە تاغلارچە ئۈمىد،
شەبنەملەر - خوشاللىق كۆز يېشى گويا.

نەۋباھار خىسلىتى ئەنە شۇنىڭدا،
سايرىماس قۇشلارنى سايرىتىپ ئۆتەر.
زېمىستان ئىڭراتقان بوزەك جانلارغا،
قايتىدىن كۈچ بېرىپ، يايرىتىپ ئۆتەر.

1993- يىل

# يۇرىمىز ساقلاپ

خەلقىمنىڭ يازغۇچى، شائىرى كۆپكەن،
كۆپ قىرلىق سەنئىتى، ماھىرى كۆپكەن.
سەزگۈر كۆز، قۇلاق ھەم ئۆتكۈر تىل بولۇپ،
ئەل - يۇرتى ئىشقىدا كۆيى كۆيلەپ ئۆتكەن.

- پەدەڭنى يۇتكىگىن، - دېدى بىرلىرى،
قايغۇ، مۇڭ - زارىڭنى تارتقىنا نېرى.
سەن سۆيگەن خەلقىڭنىڭ كۆڭلى بەك مىسكىن،
خۇشاللىق بىر قوشاق ئېيتقىنا قېنى.

مەن دېدىم:- سەراپنى بىلمەي، مەدھىيلەپ،
يۈرەكلەر تارىغا ئۇرمايمەن زەخمەك.
ئالدامچى ۋەدىلەر دەردىنى ئاز دەپ،
يالغاندىن ئېمىشكە ھېسسىيات ئىزدىمەك!

- خەلقىمنىڭ قەلبىدە «تۈگىمەس ناخشا»،
دۈشمەنىنىڭ كۆكسىدە «چالاتەككەن ئوق».
ئېيتىلماي كەلمەكتە شادلىق ناخشىمىز،
ئۇنى مەن بىمەزگىل ئېيتىمەن قانداق؟

ئېيتىلماي كەلگەن ئۇ - بايراملىق قوشاق،
ئۆلمەس بىر ئۈمىدتە دىللاردا يادلاپ،
كۈرەشچان ئاتىلار بالىغا تاپىلاپ،
ئۆز بايرىمىمىزنى يۇرىمىز ساقلاپ.

1994- ژىلى بىشكېك

# بىرلىك سازى

نۇي ئىچىگە سىغماي چوڭ ـ كىچىك،
ئولتىرار جىم، ساقلايتتى ئەدەب.
تۆرگە چىققان بىر توپ سازەندە،
دۇتار ۋە داپ، غىجەك، تەمبىردە،
ساز چالۇر ھە دەپ،
«بىرلىك سازى»ـ دەپ.
يات ئاھاڭدا ئېيتتى ناخشىنى،
ياكى تەڭكەش كەلمەيتتى سازى.
بۇندىن بىزار بولغان خالايىق،
باش چايقىشىپ بولدى نارازى.
بەلكىم غەزەپ، بەلكى رىغبەتىدىن،
يىراق ئەجدادنىڭ كەلدى ئاۋازى:
ـ ئەجەب سەنئەت ئەھلى بىز دەيتتىڭ،
قېنى مىراس قالدۇرغان سازىم؟
قېنى كۈرەش، جەڭدە تاۋلانغان،
دەپ ماختانغان
تەڭكەش ئاۋازىڭ؟

1994ـــ ژىل

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1
تۈزگۈچىدىن . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 2
**مەھەممەت سىدىق نورۇزوۋ** . . . . . . . . . . . 14
دىلبىرىمگە (شېئىر) . . . . . . . . . . . . . . . 16
كۆرۈندى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 18
مەنمۇ يارىمەن جەڭگە . . . . . . . . . . . . . . 20
جاۋاپ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 21
قوياش يولى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 22
مېنىڭ جاۋابىم . . . . . . . . . . . . . . . . . 24
ئاق باش چوققىلار . . . . . . . . . . . . . . . 25
بىر سىقىم توپراق . . . . . . . . . . . . . . . 26
بۆركۈت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 27
بىر ئېغىز سۆز . . . . . . . . . . . . . . . . 28
مەيلى كەل باھار باشلاپ . . . . . . . . . . . . 29
يارى يۈرگەن كوچىدا . . . . . . . . . . . . . . 30
يارنى كۆرسەم ئۆيىدە . . . . . . . . . . . . . . 31
كۆرمەيلى زاۋال . . . . . . . . . . . . . . . . 32
**ئىسرائىل ئىبراگىموۋ** . . . . . . . . . . . . 34
بىر توپ تۈگمەن (پوۋېست) . . . . . . . . . . . . 37
**جامالدىن قاسىم** . . . . . . . . . . . . . . . 108
مايىمخان (شېئىر) . . . . . . . . . . . . . . . . 110
گۈلەمخان . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 111
تەبىئەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 112
بولمىسۇن . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 113
سادا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 114
گۈلدەستە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 116
ياش ھاكىم (باللادا) . . . . . . . . . . . . . . 117
شەبنەم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 122

قۇتلۇق سەپەر (داستاندىن پارچە) . . . . . . . . . . . 123
قەشقەر يولى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 125
**مائناپ قاسىم** . . . . . . . . . . . . . . . . . 127
جۇدالىق (شېئىر) . . . . . . . . . . . . . . . . . 131
ئەلچىجا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 132
كۆز تەسىراتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 133
شائىرغا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 134
قەرزىم بار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 135
خەلقىمگە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 136
ۋەتىنىم سەن ئامان بول (لىرىكىلىق مونولوگ) . . . . 138
رىزۋانگۈل . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 140
ئۇستازىم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 141
ئۇيغۇرستانىم . . . . . . . . . . . . . . . . . . 143
ئاتوم يېرىلدى . . . . . . . . . . . . . . . . . 144
خائىن . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 145
**ئىبراھىمجان ئېلىيېۋ** . . . . . . . . . . . . 147
ئەۋلاتلار قەلبى (روماندىن پارچە) . . . . . . . . 149
**ئابلىۋرىھىم راخمان** . . . . . . . . . . . . . 162
غەزەللەر (شېئىر) . . . . . . . . . . . . . . . . 163
ئاي دېسەم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 166
بۈگۈن . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 167
جۇدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 168
يارىڭ سېنىڭ . . . . . . . . . . . . . . . . . . 169
مۇۋەششەھ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 170
بىر چىققىن (مۇخەممەس) . . . . . . . . . . . . 171
قەمبەرنىسا (داستاندىن پارچە) . . . . . . . . . 173
روبائىيلار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 179
سولغان غۇنچە (ھېكايە) . . . . . . . . . . . . 184
**مەھەممەتجان ياسىن (بۇغدا)** . . . . . . . . . 188

مىللىتىم (شېئىر) . . . . . . . . . . . 190

غۇلجا . . . . . . . . . . . . . . . . 194

ۋەتىنىم . . . . . . . . . . . . . . . 195

ۋەتەن ئىشقى (مۇخەممەس) . . . . . . . . 197

بىز سۆيگەن باھار . . . . . . . . . . . 198

ئۆزەم ھەققىدە . . . . . . . . . . . . 200

**مۇزەپپەرخان قۇربان** . . . . . . . . . 201

ئانامغا (شېئىر) . . . . . . . . . . . 203

سىرلىق ھايات . . . . . . . . . . . . 204

ئادەملەر مېھمان ھاياتقا . . . . . . . . 205

ھۆرمەت . . . . . . . . . . . . . . . 206

ھەقىقەت . . . . . . . . . . . . . . . 208

ياشايمەن . . . . . . . . . . . . . . 209

سوغا . . . . . . . . . . . . . . . . 210

رەنجىتمە . . . . . . . . . . . . . . 211

ئاياللارغا . . . . . . . . . . . . . . 212

بىلال نازىمغا (قوشاق) . . . . . . . . 14

مەجنۇن تال . . . . . . . . . . . . . 15

ئىلھام كەلگەندە . . . . . . . . . . . 216

سايرا ئېچىلىپ... . . . . . . . . . . . 217

ئاي . . . . . . . . . . . . . . . . . 218

ئادەم . . . . . . . . . . . . . . . . 219

ئەركە بالا (پيېسا) . . . . . . . . . . 221

**ئەسىردىن داۋۇت** . . . . . . . . . . 243

ئەسلەش (ھېكايە) . . . . . . . . . . . 244

ھەي، ئانا دېگەن . . . . . . . . . . . 251

**نۇرانىيە قەمبەروۋا** . . . . . . . . . 253

قەيەردە سەن، دوستۇم؟ (ھېكايە) . . . . 254

كېيىنكى پۇشايمان... . . . . . . . . . 264

**خەيرىنىسا تۇردى** . . . . . . . . . . 269

ئەشۇ تۈن (شېئىر) ........ 270
ئوغلۇمغا ........ 271
مەن ئانا ........ 272
قەشقەر ........ 273
جۇدالىق ........ 274
قىز قەلبى (ھېكايە) ........ 275
پوچتا ساندۇغى ........ 276
**ئابلىز روزى** ........ 280
ماقالغا مايىل مىسرالار ........ 281
سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ........ 286
**ئەزىمجان نىزامىي** ........ 291
ئۆزەك تاپقىن داۋانى (شېئىر) ........ 292
ئىزلار ........ 293
ئۇيغۇرستانىم ئېلىم ........ 294
پارچىلار ........ 295
**ئابدۇسالام غاپپار** ........ 297
ئانا ئىزى بىلەن (كىچىك ھېكايىلار) ........ 298
قەبرىستاندىكى سۈرەت ........ 299
ئايال كىشى ........ 300
قېرىنداشلىق ........ 301
دۇئا ........ 302
قۇتلۇق جاي ........ 303
سېغىنىش ........ 305
**قاسىمجان ئەيسا** ........ 307
قايسىمىز ھەقلىق... (شېئىر) ........ 308
سۇنماس قەلەم ........ 309
نورۇزدا ........ 310
يۈرىمىز ساقلاپ ........ 311
بىرلىك سازى ........ 312

ББК 83.3 Уйг.я.7.
УДК 894.3
Л–64

Составитель: **А.А. Баудунов**, кандитат философских наук

Рецензент: **А.И. Нарынбаев** член-корреспондент НАН КР, доктор философских наук, профессор .

Ответственный за выпуск: **А.А.Хапизов**, генеральный секретарь факультета уйгурской филологии ИИМОП КГНУ.

**Литература уйгуров Кыргызстана:**
Л–64 хрестоматия: для студентов ИИМОП КГНУ/сост. **А.А. Баудунов**/–Б.; 2001.– 320 С.
ISBN 9967–408–46–4

*В данном учебном пособии впервые даются сведения о литературе уйгуров Кыргызстана 2-й половины XX в.*

*Книга адресована студентам, изучающим историю современной уйгурской литературы, а также всем, интересующимся историей уйгурской литературы.*

Утверждено учебно-методической комиссией и Ученым советом факультета уйгурской филологии ИИМОП КГНУ, Ученным советом и УМК ИИМОП КГНУ.

Л 4602040000-01
ISBN 9967–408–46–4

ББК 83.3 Уйг.я.7.
© факультет уйг.ф. ИИМОП КГНУ, 2001

Материал предоставлен заказчиком.

Отпечатано мини-типографией КГПУ им. И.Арабаева
Тираж 100. Заказ 29.
г. Бишкек. Бульвар Эркиндик 38.
☎ *Тел.: 22-82-82*
*E-mail: maevka@mail.ru*

Министерство образования и культуры
Кыргызской Республики
Кыргызский Государственный
Национальный Университет

---

Институт Интеграции Международных
Образовательных Программ

Факультет Уйгурской филологии

# Литература уйгуров Кыргызстана

хрестоматия

Бишкек — 2001

Посвящается дням культуры уйгурского народа

в Кыргызстане в честь 10 летия независимости

Кыргызской Республики.

Издано на средства общества уйгуров
Кыргызской Республики "Иттипак"